


**مېھرۇللاھ تەۋەككۇل شەۋقىي (2008)**

ئىلىم سۆيەر، ئىزدىنىش روھىغا باي قەدىردان ئۇستازىمىز موللانىياز مۇئەللىم، 1958 - يىلى ئاتاقلىق تارىخچىمىز موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇيغۇر يېقىنقى زامان شېئىرىيتىدىكى يارقىن نامايەندە نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى داموللىدەك ئېسىل ئوغلانلارنى ئۆز قوينىدا يېتىشتۈرگەن سۆيۈملۈك يۇرت ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئائىلە ياشقىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولۇپ، ئالتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن باي ناھىيەلىك 40 - باشلانغۇچقا كىرىپ باشلانغۇچ ئوقۇش ھاياتىنى باشلىغان. « مايسا كۆكىدىن مەلۇم » دېگەندەك، كىچىكىدىن ئۆگىنىشكە، ئىلىم ئېلىشقا چىن قەلبىدىن رىشتە باغلىغاچقا، ئەينى زاماندىكى بەش يىللىق باشلانغۇچ مائارىپىنى تۆت يىلدىلا تاماملاپ تۈگەتكەن. ئەمما، مەدەنىيەت ئىنقىلابى سەۋەبىدىن ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى بىر مەزگىل توختاپ قالغانلىقى سەۋەبلىك مۇنتىزىم مەكتەپتە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىغان شارائىتتا، تاغىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خەنزۇ بالىلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئېچىلغان، ھەمدە ئۈچ يىللىقنىڭ بالىلىرى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ بىرلا دەرسخانىدا دەرس ئاڭلايدىغان شەخسي تەربىيەلەش خاراكتېرلىك باشلانغۇچ سىنىپقا ئوقۇشقا كىرىپ، تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىش روھىغا بايلىقى بىلەن ئالتە ئاي ئىچىدە ئۈچ يىللىقنىڭ دەرسىنى ئاساسەن ئۆگىنىپ تۈگەتكەن. 1969 - يىلى كۈزدە ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، باي ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1972 - يىلى ئوقۇشى ياخشى بالىلارنى بىر سىنىپلا قىلىپ تەشكىللەپ تەسىس قىلىنغان تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ھەمدە ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ھاياتىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان. 1974 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدا باي ناھىيەسى بىلەن غۇلجا ۋىلايىتى ئارىسىدىكى تاغلىق رايونغا چېنىقىشقا چۈشكەن، كىچىكىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش تۈيغۇسى كۈچلۈك ۋە ئىزدىنىش روھىغا باي بۇ ئۇستازىمىز چېنىقىشقا چۈشكەن مەزگىلدىمۇ « بىلىمنى ئۆگىنىپلا قويسا، ھامان بىر كۈنى ئەسقاتىدۇ » دېگەن ئىلغار روھنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزلۈكىدىن خەنزۇتىلى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغان. 1976 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە غەيرىي رەسمىي يوسۇندا سىناق ئېلىپ كۆرۈپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى بولۇپ، شۇ يىلى ئاتاقلىق تۈركولوگ گېڭ شىمىن مۇئەللىم ئۆزى شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن ۋە خەنزۇچە، ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ۋە كونا يېزىقچە ئېلىنغان سىناقلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ ناھىيە بويىچە شەرەپ بىلەن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۈپىتىدە 1976 - يىلى 10 - ئايدا مەكتىپىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ قوبۇل قىلىنغان سىنىپ ئاتاقلىق مىللىي رەھبىرىمىز سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشەببۇسىدا گېڭ شىمىن مۇئەللىمگە ھاۋالە قىلىشى بىلەن ئېچىلغان « قەدىمكى تۈركىي تىل يادىكارلىق تەتقىقاتى » نامىدىكى سىنىپ بولۇپ، كىچىكىدىن تىل ئۆگىنىشكە قىزغىن، تىل،

يېزىق مەسىلىلىرىگە ھەۋەس قىلىدىغان ئۇستازىمىز ئۈچۈن بۇ بىر ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بولغان ۋە كەسپىمىزنىڭ سەركە ئۇستازلىرى بولغان خۇ جېنخۇا مۇئەللىم، گېڭ شىمىن مۇئەللىم، خەمىت تۆمۈر مۇئەللىم، تۇرسۇن ئايۇپ مۇئەللىم، ۋېي سۈيىي خانىملاردىن تىلشۇناسلىق، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، گىراماتىكا، لېكسىكولوگىيە، فونېتىكا قاتارلىق پەنلەردىن دەرس ئېلىپ ئۆزىنىڭ تىل توغرىسىدىكى بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتقان ھەم شۇنداقلا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خەنزۇ تىلىنىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ چىقىپ، پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

ئۇستازىمىز ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتە بىر ئىش قىلسام ياكى بىرى ماڭا گەپ قىلسا پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىمەن. كىتاب ئوقۇسام، دەرس ئاڭلىسام دىققىتىم ئالاھىدە يىغىلىدۇ. بۇ مېنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىم. دەرستە خاتىرە قالدۇرۇش ئىقتىدارىم تازا ياخشى ئەمەس بولغاچقا، بۇ بوشلۇقنى پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ دەرس ئاڭلاش بىلەن، دەرسنى شۇ دەرس سائىتىدە ئەڭ كۆپ نىسبەتتە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن تولۇقلايتتىم.»

شۇنداق قىلىپ بىكار تۇرماي بىلىم ئېلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان بۇ ئىجتىھاتلىق ئۇستازىمىز 1980 - يىلىنىڭ بېشىدا فاكۇلتېتىمىزنى پۈتتۈرۈپ يەنە فاكۇلتېتىمىزغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. شۇ ۋاقىت ئۈستىدە توختىلىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغدا خەمىت تۆمۈر مۇئەللىم فاكۇلتېت مۇدىرى، تۇرسۇن ئايۇپ مۇئەللىم سىنىپ مۇدىرىم ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە يېرىم يىل قالغاندا ئۇلار گېڭ شىمىن مۇئەللىم ۋە ۋېي سۈيىي مۇئەللىملەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مېنى فاكۇلتېتتا ئېلىپ قالىدىغان بولۇشۇپتۇ، مەن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر تۇتاش خىزمەتكە بۆلۈنەتتۇق. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭغا خىزمەتكە بۆلۈنگەنلەر تىزىملىكىدە ئىسمىم يوقلىقىنى كۆرۈپ خەمىت تۆمۈر مۇئەللىمنى ئىزدەپ باردىم، مۇئەللىم مېنى فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئاتا - ئانام، قېرىنداشلىرىم يۇرتتا بولغاچقا، يۇرتقا كېتىپ ئۇلارغا يېقىن جايدا خىزمەت قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتقىنىمدا، خەمىت تۆمۈر مۇئەللىم ماڭا: ‹ بىز ھەر بىر ئەۋلاد زىيالىيلارنى مىللىتىمىزنىڭ تىل - يېزىقىدىن ئىبارەت ئالتۇن قورالىنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن تەربىيىلەۋاتىمىز، بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىزمۇ ھەرگىز بۇ يەردە ئەمەس، ئۇلارمۇ يۇرتىمىزدا، ئەمما كەسپىكە، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىمىزغا بولغان، ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىمىزغا بولغان يۈكسەك سۆيگۈمىز بىلەن ئاتا-ئانىمىزنى يۇرتتا تاشلاپ قويۇپ، مۇشۇ يەردە ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز، سىز يۇرتۇمغا كېتەتتىم دەپلا بۇ چوڭ بۇرچتىن ئۆزىڭىزنى تارتىسىڭىز بولمايدۇ، بىر نەچچە يىل ئىشلەپ بېقىڭ، پەقەتلا كۆنەلمىسىڭىز شۇ چاغدا قايتىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ › دېدى. ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىزنىڭ بۇ گەپلىرى ماڭا ناھايىتىمۇ تەسىر قىلدى، بۇ خىل ئىشەنچ ۋە مىللىي مەسئۇلىيەت ئالدىدا قارارىمدا يەنىلا چىڭ تۇرۇپ قايتىپ كېتىشنى نومۇس دەپ بىلدىم ۋە مۇشۇ مەكتەپتە قېلىپ قېلىشنى قارار قىلدىم.»

سۆھبەت داۋامىدا پېشقەدەم ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر مۇئەللىمنىڭ يۇقىرىقى گەپلىرى مېنىمۇ ناھايىتى سۆيۈندۈردى. گەرچە رەھمەتلىك ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈرنى كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئۇنىڭ ئەجرىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ تەتقىق قىلغىلى بولماسلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ مۆھتىرەم ئالىمنىڭ تىل تەتقىقاتىدىكى يۈكسەك ئوبرازىنى ماڭا تونۇتقان ئىدى. يۇقىرىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ تىلشۇناس ئالىمىمىزنىڭ قەلبىمدىكى ھۆرمەت ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردۈم. ئۈچ يىلدىن بۇيان باللارچە مۇئامىلىدە چۈشەنگەن كەسپىمنىڭ قىممىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى چوڭلارچە تەپەككۇر بىلەن قايتىدىن چۈشەنگەندەك بولدۇم، ھەم شۇنداقلا موللانىياز مۇئەللىمنىڭ كەسپكە بېغىشلانغان روھى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن تەسىرلەندىم.

مۇئەللىمنىڭ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشلىرى توغرىسىدا سورىغىنىمدا، ئۇ ئۆگىنىش ھاياتىدىن ناھايىتى زوقلانغان ھالەتتە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: « خىزمەتكە چىققان كۈنۈمدىن باشلاپ

بېيجىڭدىكى ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا پات - پات ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ھەر تۈرلۈك كەسپىي كۇرسلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، بىلىم تولۇقلاش پۇرسىتىمنى قولدىن بەرمىدىم. ھەر قانداق بىر ئۇنىۋېرسىتېت ياكى پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە تىل توغرىسىدا لېكسىيە بار دەپ ئاڭلىساملا قولدىن بەرمەي بېرىپ ئاڭلايتتىم. لېكسىيەلەردىن يېڭى-يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشقا، ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى نەرسىلەرنى سۆزلەپ يەتكۈزۈپ بېرىشكە تىرىشاتتىم. ھازىرمۇ ھەم بۇ خىل پۇرسەتلەرنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويغۇم كەلمەيدۇ، شۇڭا، بۇ خىل كۇرسلار ياكى لېكسىيىلەر ئۇيۇشتۇرۇلسا، ياكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلسا، مەيلى ئۇ ئىلمىي يىغىنلارنىڭ دۆلەت ئىچى ياكى دۆلەت سىرتىدا ئېچىلىشىدىن قەتئىينەزەر ھەتتاكى پۇتۇن خىراجەتلەرنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئېلىشقا رازى بولۇپ، ۋاقىت يار بەرسىلا شۇ خىل يىغىنلارغا قاتنىشىۋېلىشقا، شۇ خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېلىشقا ئىنتىلىمەن.»

ئىگىلىشىمىزچە، بۇ ئۇستاز ئۆزى دېگەندەك دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا پۇرسەت تاپسىلا قاتنىشىپ تۇرىدىكەن ۋە شۇ خىل يىغىنلاردا ياخشى باھالارغا ئېرىشىپ تۇرىدىكەن. مەسىلەن، ئۇ ئەزەربەيجاندا دوكتورانت ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە 2000 - يىلى 2 - ئايدا ئەزەربەيجان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەملىكەتلىك تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، شۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا ئۆزىنىڭ تەييارلىغان ئىلمىي ماقالىسىنى سۇنۇپ ئوقۇپ ئۆتكەن. ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز - قارىشىنى بايان قىلغاندا، بۇرۇنقىدەك ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماي، باشقىلارنى جەلپ قىلالايدىغان باشقىچە بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولغاچقا، شۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان 400 نەچچە قاتناشقۇچىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان. نەتىجىدە شۇ قېتىمقى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدا، بۇ ئۇستازنىڭ شۇ يىغىنغا سۇنغان ئىلمىي ماقالىسى 300 نەچچە پارچە ماقالە ئىچىدە ئالاھىدە باھالىنىپ، بۇ ئۇستازنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ كىشىگە ئەزەربەيجان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باش مۇدىرى ۋە ئاكادېمىك ئالىم م. ئاخۇندوۋنىڭ ئۆز ئىمزاسى قويۇلغان « ئەلا ماقالە » ۋە « پەخرىلىك ئالىم » نامىدىكى مۇكاپات شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلگەن.

ئۇستاز ئۆزىنىڭ چەتئەل تىلى ئۆگىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « 1976 - يىلى بېيجىڭغا كېلىپ بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە شۇ سىنىپتىكى چەتئەل تىلى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا تىزىملىتالمىغانلىق تۈپەيلى ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن ئىلگىرى چەتئەل تىلى ئۆگىنەلمىگەن ئىدىم، لېكىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا ياپون تىلى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلاپ، ھەمدە ئۆزلۈكىمدىن ياپونچە ئۆگىنىشنى باشلىدىم، مەكتىپىمىز بىلەن بېيجىڭ چەتئەل تىللىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ يېقىن بولغانلىقىدەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ بىر ياپون يىگىت بىلەن تونۇشتۇم ۋە بار زېھنىمنى يىغىپ ياپون تىلى ئۆگەندىم، ياپون تىلى سەۋىيەمۇ ناھايىتى تېز ئۆستى. 1985 - يىلى مەكتىپىمىزگە توكيو چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرىدىغان بىر سان كەلدى، مەكتەپتىن مېنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن مەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ياپون تىلى سەۋىيەمدىكى يېتەرسىز يەرلىرىمنى تولۇقلاشقا كۈچ چىقاردىم، ئەمما مەسئۇل تەرەپلەر ماتېرىيال ئارخىپلىرىمنى ۋاقتىدا ياپونىيەگە يوللاپ بەرمىگەنلىكى سەۋەبلىك ۋاقىت سۈرۈلۈپ كېتىپ بۇ بىر ياخشى پۇرسەت قاراپ تۇرۇپ قولدىن كېتىپ قالدى. كىچىكلىكتە بۇ ئىش ماڭا بەك تەسىر قىلىپ كەتكەچكە، ياپون تىلى ئۆگىنىش ئىشىنى شۇندىن ئېتىبارەن توختىتىپ قويغان ئىدىم. بىراق بۇ قىلغىنىمدىن ھازىرغىچە بەك ئۆكۈنىمەن. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ مېنىڭ يەنە بىر خىل تەپەككۇر تىلى بىلەن دۇنيانى كۆزىتىدىغان يولۇم ئىدى، ئەمما بۇ يولدىن ئۆزۈم ۋاز كېچىپ خاتا قىلغان ئىدىم. كېيىن تىلشۇناسلىق ئىلمىنى ئىگىلەش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئىنگلىزچە ئۆگىنىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى باشلىدىم، بۇ تىلنى ئۆگىنىشىممۇ ئۆزلۈكىمدىن ۋە پۈتۈنلەي كىتابى ماتېرىياللارنى كۆرۈش

ئارقىلىق بولغاچقا، سۆزلەش ۋە ئاڭلاپ چۈشىنىش ئىقتىدارىم ئانچە ياخشى يېتىلمىدى، ئەمما، ماتېرىيال كۆرۈپ چۈشىنىش ئىقتىدارىمدا كۆپ مەسىلە يوق. شۇڭا مەن تىل ئۆگىنىشتىكى تەجرىبىلىرىمگە ئاساسەن ساۋاقداشلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، بىر تىل ئۆگەنگەندە ھەرگىز ئارىلىقتا ئۆگىنىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق ۋە كىتابقىلا تايىنىپ بىر تەرەپلىمە ئۆگەنمەي، كۆپ تەرەپلىمە ھالدا ئۆگىنىش، ئۆگەنگىنىمۇ ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش قاتارلىق جەھەتلەردىن تەڭ كىرىشىپ ئۆگىنىپ، تىل ئىقتىدارىنى شۇ يوسۇندا ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىششنى تەشەببۇس قىلىمەن.»

دېمىسىمۇ بىزنىڭ ساۋاقداشلار ئارىسىدا چەتئەل تىلى ئۆگىنىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئاخىرىغا چىقىرىۋاتقانلار ناھايىتى ئاز ھەم شۇنداقلا ئۆلۈك ھالدا « گاچا تىل » ئۆگىنىۋاتقانلارمۇ نۇرغۇن. ئىجتىھاتچان ئەمما، كىچىك پېئىل ئۇستازىمىزنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مەنمۇ تىل ئۆگىنىشتە ئۆزۈمدە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئۇستازىمىزنىڭ يۇقىرىقى تەجرىبە ساۋاقلىرىنى ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەدبىقلىشىمىز كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

ئۇستازىمىزنىڭ ئەزەربەيجاندىكى ئوقۇشى توغرىسىدا سورىغىنىمدا، ئۇ سالماقلىق بىلەن ماڭا تۈرك تىلى، ئەزەربەيجان تىلى ئۆگىنىش جەريانلىرىنى ۋە ئەزەربەيجانغا چىقىپ بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش جەريانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: « بىلىم قۇرۇلمامنى ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىنتىلگەچكە، كەسپىمىزگە ماس ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا بىر نەچچە تۈركىي تىلنى، ھېچبولمىغاندا يەنە بىرەر تۈركىي تىلنى ئۆگىنىۋېلىش ئارزۇيۇم كۈچلۈك ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتلاردا تۈركچە ماتېرىيال ۋە دەرسلىكلەرنى تاپقىلى بولمايتتى. ۋاڭفۇجىن كوچىسىغا بېرىپ ئۇ يەردىن بىر نەچچە پارچە تۈركچە گېزىت ۋە تۈركچە « ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىچىك بەش پارچە كىتابنى تېپىپ كېلىپ ئۆزلىكىمدىن تۈركچە ئۆگىنىشنى باشلىدىم، سېتىۋالغان ئۇ تۈركچە گېزىتتىن كۆپ پايدىلىنالمىغان بولسامۇ، « ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما » نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنىمۇ تېپىپ تۈركچىسىنى خەنزۇچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگەندىم. شۇنداق شارائىتتا ئۆگىنىپ يۈرۈپمۇ تۈركچىدىن خېلى ئاساس سېلىۋالدىم. باشقا تۈركىي تىل تەتقىقاتچىلىرى تىل تەتقىقاتىدا تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق يۆنىلىشىدە قىلغان تەتقىقاتىنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدىم، ئەمما، مېنىڭ تۈركىي تىللارنى پاراللېل يۆنىلىشتە سىنخرونىك يوسۇندا سېلىشتۇرۇپ، بۇ جەھەتتە ئىزدىنىپ بېقىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن بىرەرسىگە بېرىپ تۈركىي تىللاردىن بىرەرنى بولسىمۇ ئۆگەنسەم دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. چەتئەلگە چىقىپ بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىمنىڭ تۈرتكىسىدە چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان پۇرسەتنى ئۆزۈم ھەل قىلماقچى بولدۇم ۋە 2000 - يىلى ئەزەربەيجان ئەلچىخانىسىغا بېرىپ ئەزەربەيجانغا چىقىپ ئوقۇش ئارزۇيۇمنى ئۇلارغا ئېيتتىم، مېنى خۇشال قىلغىنى ئەلچىلەرنىڭ ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشىم بولدى، ئەمما بۇ ئوقۇشنى ئۆزۈم ھەل قىلغان بولغاچقا، مەن ئوقۇشقا كەتسەم مائاشىم توختىتىۋېتىلىدىكەن، شۇنداق بولسىمۇ ئوقۇش، ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكۈم كەلمىدى، شۇڭا مائاشىمنىڭ توختىتىۋېتىلىدىغانلىقىغىمۇ قارىماي، 2000 - يىلى 9 - ئايدا ئەزەربەيجاندىكى خەزەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. ئوقۇش جەريانىدا ئەزەربەيجان تەرەپتىن نۇرغۇن قوللاشلارغا ئېرىشتىم، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەن شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا خەنزۇچە دەرس ئۆتۈپ بېرىدىغان بولدۇم، ئۇلار مېنىڭ بارلىق تۇرمۇش خىراجەتلىرىم ۋە يول چىقىمىمنى كۆتۈرىدىغان، ھەمدە ھەر ئايدا مائاش بېرىدىغان بولدى. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىمنى مۇشۇ ئۇسۇلدا ھەل قىلىۋالدىم. ئارىلىقتا تۆت، بەش قېتىمدەك خەنزۇ تىلىنى ئۇنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندىم، ھەر قېتىمقى لېكسىيەدە خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا قاتارلىق

جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ماڭا بىرىلگەن بىر يېرىم سائەتلىك لېكسىيە ۋاقتى ئىچىدە ئەزەربەيجاندىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت ۋە پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن لېكسىيە ئاڭلاشقا كەلگەن مۇتەخەسسىس ئالىملار ۋە دوستلارغا ئاشۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چۈشىنىشلىك قىلىپ تونۇشتۇرۇپ بېرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتىم. ئەزەربەيجان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ توغرىسىدا خەۋەرلەر بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەزەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزى ئېتىراپ قىلىپ، دوكتورلۇق ئوقۇشۇمغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى ۋە « تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما فونېتىكا تەتقىقاتى » دېگەن دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيەم ئۈچۈن ئەزەربەيجان دۆلەتلىك ئىلىملەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈركولوگىيە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇھەببەت بىرزائەلىيېۋ خانىم، ئەزەربەيجان دۆلەتلىك ئىلىملەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەخمۇت ئەپەندىم، ئەزەربەيجان چەتئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى گېرمان تىلى بۆلۈمىنىڭ فونېتىكا تەتقىقاتچىسى فەخىرەددىن ۋەيسەلوۋ ئەپەندىم قاتارلىق ئۈچەيلەننى ماڭا ئىلمىي يېتەكچى قىلىپ بېكىتىپ بەردى. بىر يېرىم يىللىق ئوقۇشتىن كېيىن، دېسسېرتاتسىيە ياقلاشتا لازىم بولىدىغان ماتېرىيال مەنبەسى ئېھتىياجى بىلەن ماقالەمنى ۋەتەنگە قايتىپ يېزىشنى قارار قىلىپ قايتىپ كەلدىم. ئەمما قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا يۈكلەنگەن دەرسلەر بەك كۆپ، خىزمەت بېسىمى بۇرۇنقىدىن ئېغىرلاپ كەتكەچكە، شۇ قايتىپ كەلگەنچە ئەزەربەيجانغا دېسسېرتاتسىيەمنى ياقلىتىش ئۈچۈن يەنە قايتىپ بارالمىدىم.»

بۇ بايانلارنى ئاڭلاپ ئۇستازنىڭ بىلىم ئېلىش يولىدىكى پىداكارلىقى ۋە شەخسىي مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىش روھى مېنى ھاياجانلاندۇردى، « تىرىشقان تاغ ئاشار » دېگەن ئاتىلار سۆزىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدۇم.

موللانىياز مۇئەللىمنىڭ فاكۇلتېتىمىزدا ئۆتتۈۋاتقان دەرسلىرى ئۈستىدە توختالساق، بۇ تۆھپىكار باغۋەن خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا « تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان » ، « ئۇيغۇر تىلى ئىملاسى » ، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ، « كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى مەشغۇلاتى » قاتارلىق دەرسلەرنى، ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا « ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس » دەرسىنى، ئاسپىرانتلارغا « تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى ۋە تەتقىقات مېتودى » قاتارلىق دەرسلەرنى بېرىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇستازىمىز ئۆزى ئېيتقىنىدەك دەرستە ئوقۇغۇچىلارغا يېڭىلىق ۋە يېڭى ئۇقۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئىزدىنىپ كەلدى، دەرس تىلىنىڭ چۈشىنىكسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن دەرسنى كەسپىي ئاتالغۇ بويىچىلا ئەمەس، چۈشىنىشلىك، ئاۋام تىلىدا ئوبرازلىق يەتكۈزۈشكە تىرىشتى. سۆھبەت جەريانىدا مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرگىنى بۇ ئىزدىنىش روھىغا باي، ھارماي - تالماي ئىزدىنىپ، ئالىي مائارىپىمىزغا ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقان قەدىردان باغۋەن ئىش - ئىزلىرىنى ئىزچىل ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇنىڭ قارشىلىقىدا ئۇنىڭغا ئېيتقان ئەمگەكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشلىرىمگە ئۇ ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن « مەن پەقەت ئىزدەنگۈچى، بىلىم ھېچقاچان ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ چېكىگە يەتكىلى بولمايدۇ، مەن سىنىپتا ئوقۇتقۇچى بولسام، دەرستىن چۈشكەندە مەنمۇ بىر ئۆگەنگۈچى خالاس » دەپ جاۋاب بەردى. ئۇستازنىڭ كەمتەرلىكى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

كېيىنكى ئىزدىنىشلىرىمگە ئاساسلانغاندا، ئۇستازىمىز موللانىياز مۇئەللىم مۇنبەردىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىغا ھەمكارلاشقۇچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە قاتنىشىپ تېگىشلىك ئەجىرنى سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئەمەلىيەتتە جانلىق نامايان قىلغان. ئۇستازىمىزنىڭ ئەمگىكى ۋە قابىلىيىتى ئۇنىڭ

تەتقىقات پائالىيەتلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن:

ئۇستاز موللانىياز مۇئەللىم 2004 - ، 2005 - يىللىرى شياڭگاڭ شەھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارالىق تەتقىقات تېمىسى بولغان « دۇنيا تىللىرى قوللانمىسى » تۈزۈشكە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى قىسمىغا مەسئۇل بولغان ۋە غەلىبىلىك تاماملاپ چىققان.

2006 - يىلى دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىدىن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئالغان « ئۇيغۇرچە، تىبەتچە، يىزۇچە تاۋۇشلارنىڭ ئاكۇستىكىلىق ئامبىرى » نى تۈزۈش تەتقىقات تېمىسىنىڭ « ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاكۇسلۇق ئامبىرى » قىسمىنى ھازىرلاش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇپ، ئۇ ئىشنىمۇ غەلىبىلىك تاماملىغان.

2007 - يىلى مەكتىپىمىزنىڭ 211 - نومۇرلۇق قۇرۇلۇشنىڭ تەتقىقات تېمىسى بولغان « جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىنىڭ پايدىلانما گىراماتىكىسى — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پايدىلانما گىراماتىكىسى » نى ئىشلەشكە قاتناشقان ۋە ئۇ تەتقىقات تۈرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا قىسمىغا ئائىت بولغان بۆلىكىنى ئىشلەپ تاماملىغان.

2009 - يىلى جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرلىقى بىلەن جۇڭگو تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ بىرلەشمە چوڭ تەتقىقات تېمىسى بولغان « جۇڭگودىكى تىللارنىڭ قوللىنىش ئەھۋالى — يېشىل تاشلىق كىتاب » چىقىرىش ئىشىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ 2009 - يىللىق قوللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن ھاسىل قىلىنغان دوكلاتنىڭ ھازىرلىنىپ يېشىل تاشلىق كىتاب قىلىپ چىقىش ئىشىغا قاتناشقان ۋە ئۇ ۋەزىپىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان.

2011 - يىلى پىلانغا ئېلىنغان دۆلەتلىك ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى پەن - تەتقىقات تۈرى بولغان « جۇڭخۇا يېزىق ئامبىرى چوڭ قۇرۇلۇشى » ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرى تەتقىقات تۈرىنىڭ جۇڭگودىكى ئەرەب يېزىقى سىستېمىسىدىكى يېزىقلارغا كىرىدىغان ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنىڭ تەتقىقاتى قىسمىغا ھەمكارلاشقۇچى تەتقىقاتچى قىلىپ تەيىنلەندى، بۇ تېما جۇڭگودىكى بارلىق قەدىمكى ۋە ھازىرقى يېزىقلارنىڭ تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاھىدە چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇستازىمىز بۇ چوڭ تەتقىقات تېمىسىدىمۇ بەلگىلىك كۈچ چىقىرىشقا تىرىشماقتا ۋە تەتقىقات، ئىزدىنىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئۇستازىمىز موللانىياز مۇئەللىم ھازىر جۇڭگو تىلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى فونېتىكا ئىلمى تەتقىقات شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ھەمدە مۇشۇ شۆبىگە ئەزا سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇر ئىكەن.

سۆھبەت داۋامىدا ئۇستازىمىزنىڭ چوڭ، دەبدەبىلىك سۆزلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىزچىل ھارماي - تالماي ئىزدىنىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، بىلىم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش دائىرىسىدىلا سۆزلىشى كەمتەر، مۇلايىملىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان بۇ كىچىك پېئىل ئۇستازغا نىسبەتەن مېنىڭ ھۆرمەت ھېسسىياتىمنى نەچچە ھەسسە ئاشۇردى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سالاھىيىتىدە، مۇقىم مائاشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئۇستازىمىزنىڭ « ئۆگىنىشنىڭ چېكى بولمايدۇ » دېگەن ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە يەنە داۋاملىق ئىزدەنگۈچىلىك سۈپىتىنى ساقلىشى مېنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى.

سۆھبەت ئاخىرىدا مەن موللانىياز مۇئەللىمدىن ئۆزى ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق دەرسلەردىن « تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى » ۋە « ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال مەشغۇلاتى » نى ئۆتۈش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ۋە بىز ئوقۇغۇچىلىرىدىن بۇندىن كېيىنكى ئۆگىنىش ھاياتىمىزدا كۈتىدىغان ئۈمىدىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغىنىمدا، ئۇستازنىڭ چىرايىدا مۇرەككەپ، جىددىي تۈس پەيدا بولدى ۋە مۇنداق دېدى: « دەرس ئۆتىدە توختالغاندا، تىلشۇناسلىق دەرسى تىل تەتقىقاتىنى كەسىپ قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئاساسىي ھالقىلىق، بىلمىسە بولمايدىغان دەرس ھېسابلىنىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، تىلشۇناسلىق دەرسىنىڭ چېتىلمايدىغان بىرەر ساھەسى ياكى چېتىلمايدىغان بىرەر پېنى يوق، تىلشۇناسلىق دەرسىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ تىل كەسپىمىزنىڭ ئاساسلىق دەرسلىرى بولغان « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى »، « چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، « قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى »، « تەرجىمە » قاتارلىق دەرسلىرىنىمۇ ياخشى

ئۆگەنگىلى بولمايدۇ، مېنىڭ تىل ئۆگىنىشتە قىسقا ۋاقىتتا يۇقىرى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشۈمۇ دەل تىلشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيەلىرىگە پىششىق بولغانلىقىم ۋە قانۇنىيىتىنى چۈشەنگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى، ھەر قانداق بىر تىلنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشكە ماھىر بولغاندا ئاندىن شۇ تىلغا قىزىقىش قوزغىغىلى ۋە ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. « تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان » دەرسىنىڭ 1 - يىللىقنىڭ دەرسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ماھىيەتتە كەسىپكە چۆكۈشتىن بۇرۇن تىل كەسپى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى زۆرۈر ئاساسنى سېلىش ئۈچۈندۇر. تىلشۇناسلىق دەرسى نەزەرىيەۋىلىكى كۈچلۈك، ئابستىراكت ئۇقۇم كۆپ، لوگىكىلىق تەپەككۇر تەلەپ قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مەن دەرسنى ئىمكانقەدەر ئوبرازلىق سۆزلەشكە تىرىشىمەن، ئەمما، بۇ دەرسنىڭ ئەدەبىيات دەرسىدەك قىزىقارلىق بولماسلىقى ئېنىق، شۇڭا كۆپىنچە ساۋاقداشلار بۇ دەرسنى ياخشى پوزىتسىيىدە ئۆگىنىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمما، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا بۇ دەرسكە سەل قارايدىغان ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت. ئىمارەت سالماقچى بولغان كىشىمۇ ئاۋۋال ئۇلىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۈستىگە ھەر قانچە ھەشەمەتلىك قورغان سېلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئاسان گۇمران بولىدۇ، شۇڭا مەن ساۋاقداشلارغا تىلشۇناسلىق دەرسىگە تېخىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش تەكلىپىنى بېرىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، « ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ قوللىنىشى » دەرسىگە كەلسەك، بۇمۇ ھازىرقى دەۋر شارائىتىدا ھەممەيلەن تونۇپ يېتىشكە تېگىشلىك زۆرۈرىيەت. 90 - يىللاردا كىشىلەردە كومپيۇتېرغا قىزىقىش ئانچە قوزغالمىغان دەۋرلەردىلا مەن تىلنىمۇ كومپيۇتېردا تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولارمۇ؟ دېگەن قىزىقىش بىلەن كومپيۇتېرغا قىزىققان ئىدىم ۋە بۇ توغرىسىدا ئىزدەنگەندىم، 1994 - يىلى كومپيۇتېردا لاتىن ھەرپىنى تونۇيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى بوغۇمغا، تاۋۇشقا ئايرىيدىغان سىستېما تۈزۈپ چىقتىم. شۇ ئىزدىنىشلەر داۋامىدا مەن كومپيۇتېرنىڭ زۆرۈرلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە كومپيۇتېر ئاساسىي بىلىملىرىنى بىلمەسلىك ماھىيەتتە ساۋاتسىزلىققا ئوخشاپ قالىدى، چۈنكى دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرى كومپيۇتېر ئارقىلىق بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياج شارائىتىدا بىزنىڭ كەسپىنىڭ بالىلىرىمۇ كەسپىي ئىقتىدارىنى كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ نامايان قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك، بۇ دەرس شۇ كەسپىمىزنىڭ ئېلېكترون تېخنىكىلىق بوشلۇقىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. ئەمما ساۋاقداشلاردا بۇ نۇقتىغا سەل قارايدىغان ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت. بەزى ساۋاقداشلارنىڭ دەرسكە بولغان سۇس پوزىتسىيەسىدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ. مىسالەن ئالغاندا، بەزىلەر دەرس ئۆتۈلگەندە سۆزلىگەن مەزمۇنغا دىققەت قىلمايدۇ، يىللىق ئىلمىي ماقالىسى ياكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى يازغاندا بولسا ماقالىنى يېزىپ قويغان بىلەن تېخنىكىلىق مەسىلىلەردە يەنىلا قىينىلىپ، نەتىجىدە يازغان تېكىستلەردە نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ، جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، خىزمەتكە چۈشكەندە تېخىمۇ قىينىلىدۇ، ماھىيەتتە بۇ تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىز دەرستە سۆزلەپ بولغان مەزمۇنلار. يىغىپ ئېيتقاندا فاكۇلتېتىمىزدا تەسىس قىلىنغان دەرسنىڭ ھېچقايسىسى ئوشۇقچە ئەمەس، ھەر بىرسى مۇئەييەن ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەت بىلەن تەسىس قىلىنغان دەرس، ھەر بىر دەرسكە ھەر بىر كەسىپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نۇرغۇن قان - تەرى سىڭگەن بولىدۇ، بەزى نەرسىلەر سىز بىلىدىغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئېچىدىن سىز ھېس قىلالمىغان يەنە نۇرغۇن ئىنچىكە مەسىلىلەر چىقىدۇ. شۇڭا مەن ساۋاقداشلارنىڭ ھەر بىر پەن - دەرسكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى، كەمتەرلىك بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەلۋەتتە ئوقۇتۇش ئۇسلۇبى ۋە دەرس مەزمۇنلىرى ئۈستىدە ساۋاقداشلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرى بولسا قىزغىنلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىزدەنگۈچى، يېڭى دەۋردىكى يېڭىچە روھ ۋە يېڭى شەيئىلەرگە يېقىن. بىز ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز. شۇڭا، ساۋاقداشلاردا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلەش ئاساسىدا

ئىلغار پىكىر - قاراشلار بولسا مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

ساۋاقداشلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدكە كەلسەك: مەن يەنىلا بايا دېگەن سۆزۈمنى تەكرارلايمەن، « بىلىم ھېچقاچان كۆپلۈك قىلمايدۇ ». خەنزۇلاردا « قېرىغىچە ياشىساڭ، قېرىغىچە ئۆگەن » (活到老，学到老) دېگەن گەپ بار. مۇشۇ ئىدىيە بىلەن ئىنسان ئىدىيەسىنى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ھەر زامان يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك. ئۆگىنىشكە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، كەلگۈسىدىكى پايدىنى كۆزلەش كېرەك. مېنىڭچە مۇكەممەل ئادەم بولۇش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما قۇربى يەتكەنچە ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە بىلىمدار بولۇشقا ئىنتىلىشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. ئۇنىڭدىن باشقا ساۋاقداشلاردا ھازىر ئومۇميۈزلۈك ھالدا خىزمەتكە چىقىش پۇرسىتى ئاز دەپ ئەندىشە بىلەن ئۈمىدسىزلىنىدىغان، شەخسىي مۇناسىۋەتكە تايانمىسا خىزمەت تاپقىلى بولمايدۇ، دەيدىغان پاسسىپ كەيپىيات مەۋجۇت. لېكىن، دۇنيا يەنىلا بىلىملىك، تېخنىكىلىق كىشىلەرگە مۇھتاج، بۇندىن كېيىن خىزمەتلا ئەمەس، ياشاش، تۇرمۇشتىمۇ بىلىم سەۋىيەدىن ئايرىلالمايمىز، كەلگۈسىدە ئەگەر خىزمەت پۇرسىتى كەلسە، يەنىلا بىلىمى، سەۋىيەسى بارلارلا خىزمەت پۇرسىتىنى چىڭ تۇتالايدۇ ۋە خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. شۇڭا ساۋاقداشلارغا تەۋسىيەم، بىلىمنىڭ « پايدىسىز » ى بولمايدۇ، نېمىنى ئۆگەنسەڭلار ئۆگىنىڭلار، ئەمما ۋاقتىڭلار بىكار ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

ئۇستازنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆتكۈزۈۋەتكەن بەزى تەرەپلىرىنى تونۇپ يەتكەندەك، قايتىدىن ئويغانغاندەك بولدۇم.

زىيارىتىم مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى. بۇ كۆيۈمچان ۋە تىرىشچان، ياش ئەۋلادلار تەرەققىياتى ۋە مائارىپىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۇن - تىنسىز تەر ئاققۇزۇۋاتقان، جاپاكەش باغۋەنگە چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم ۋە ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەپ خوشلاشتىم.

ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇ بىزدەك ياش بوغۇنلارغا بىلىم ئۆگىتىدۇ ۋە ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ. ئاددىي - ساددا، ئەمما، تولىمۇ ئۇلۇغ ئىنسان ئوقۇتقۇچىغا ھەممە چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ. ئالىي مائارىپىمىزنىڭ پەخرى تۆۋرۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز موللانىياز مۇئەللىمنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇساپىلىرىنىڭ تېخىمۇ رەڭدار ۋە مول - ھوسۇللۇق بولۇشىغا چىن قەلبىمىزدىن تىلەكداشمىز!

**مۇھەررىرى: مەريەمگۈل تۇرسۇن (2007)**
**كوررېكتورى: خەلچىئاي ئىسھاق (2008)**






**(زىيارەت خاتىرىسى)**

*يازغۇچى ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي 1971 ـ يىلى لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1989 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1994 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا خىزمەتكە چۈشكەن. 2008 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2010 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى تاماملىغان. 2010 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە دوكتور ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇماقتا.*

*1988 ـ يىلى « يېڭى قاشتېشى » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئەسىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان. 2001 ـ يىلى « قىز پەسلى » (شېئىرلار توپلىمى)، 2003 ـ يىلى « كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز » (ماقالىلار توپلىمى)، 2004 ـ يىلى « ئات بالىق ھەققىدە قىسسە » (پوۋېستلار توپلىمى)، « سۆيگۈ ۋە قىساس » (رومان) قاتارلىق ئەسەرلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 2010 ـ يىلى « ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ ۋە چۈمۈلە روھى » ناملىق ماقالىلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئېلېكترون نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ھازىرغا قەدەر تەرجىمە ئەسىرىدىن سەككىز پارچە كىتاب، ئىجادىي ئەسەرلىرى بەش پارچە كىتاب نەشر قىلىنغان. ئايرىم ئەسەرلىرى خەنزۇ، ئىنگلىز، ئەرەب ۋە ياپون تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.*

**رۇقىيەگۈل تۇرسۇن ئايقۇت ( تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئايقۇت دېيىلىدۇ):** ئەسسالامۇ ـ ئەلەيكۇم ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي ئەپەندى!

**ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي (تۆۋەندە قىسقارتىپ بەرقىي دېيىلىدۇ):** ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

**ئايقۇت:** سىز بىلەن پىكىرلىششنى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ يۈرەتتىم، بۇ قېتىم « سادا » ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم. مەن سىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرىلا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىڭىزنى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت بىر قىسىم ماقالىلىرىڭىزنى كۆرۈپ، سىزگە نىسبەتەن قەلبىمدە بىر ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولغاندى. بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق سىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشنى ۋە قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلىرىڭىز بىلەن مەن ۋە ماڭا ئوخشاش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئىجادىيتىگە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمىسە، سۆھبىتىمىزنى باشلاپ كەتسەك.

**بەرقىي:** بولدۇ. مەنمۇ سىلەر بىلەن پىكىرلىششنى خالايمەن.

**ئايقۇت:** سىز ئىجادىيەتكە قاچان كىرىشكەن؟ تۇنجى ئەسەرىڭىز قايسى؟ ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئىجادىيەت مۇساپىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

**بەرقىي:** قاچان ئىجادىيەتكە كىرىشكەنلىكىمنى ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. چۈنكى مەن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپلا كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدىم. ھەر دائىم كىتاب ئوقۇش كويىدىلا يۈرەتتىم. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا ئوقۇيدىغان كىتابلارنىڭ ئازلىقىدىن بەزى كىتابلارنى نەچچە رەت ئوقۇپ چىققان ئىدىم. « سۇبويىدا »، « ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە »، « گىرىم چۆچەكلىرى » ۋە « ئاندېرسون چۆچەكلىرى » دېگەنگە ئوخشاش دۇنياۋى ئەسەرلەرنى

زادى نەچچە رەت ئوقۇدۇم، ئېسىمدە يوق. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ھەتتا ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە ماڭا ئاساسەن يادا بولۇپ كەتكەن دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. كېيىن كىتاب ئوقۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ باققان چېغىمدا بايقىسام، ئاشۇ يىللاردىكى بىر كىتابنى تەكرار ئوقۇش مېنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىمغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىكەن. تەكرار ئوقۇش ئارقىلىق كىتابنىڭ ئاشكارا - يوشۇرۇن مەزمۇنلىرىغا چوڭكىلى بولىدىكەن. كىتابتىن ئۆيلىمىغان ھاسىلاتلارغا ئېرىشكىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئادەمدە كىتاب ئوقۇش تەجرىبىسى شەكىللىنىدىكەن. بەلكىم ئەنە شۇ يىللاردا كىتابنى تەكرار ئوقۇش ئارقىلىق مەندە بىر خىل كۆزىتىش ئىقتىدارى يېتىلگەن ۋە كېيىنكى يېزىقچىلىق ھاياتىمغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تاپشۇرۇقتا يازغان ئەسەرلىرىم ئوقۇتقۇچىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ تۇرغاچ كاللامدا يېزىقچىلىققا ئىشتىياق پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن كاللامغا كەلگەن تەسىراتلارنى يېزىپ تۇردۇم. شۇ چاغلاردا قىسقا نەسىر ۋە شېئىرلارنى يېزىپ يۈرگىنىم ئېسىمدە. ئەمما، قانداق ئەسەرلەرنى يازغىنىم ئېسىمدە يوق. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا بۇ خىل تەسىرات تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى ۋە يېزىقچىلىققا بولغان قىزغىنلىقىم بارغانسېرى ئاشتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت مەشىقىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلىغان دەپ قارايمەن. تۇنجى ئەسىرىمنىڭ زادى قايسى ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق. چۈنكى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەينى دەۋردە يازغان مەشىق ئەسەرلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى يوقاپ كەتتى.

ئىجادىيەت ھاياتىمدا كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىششقا ئەرزىيدىغان نۇقتا شۇكى ئەڭ دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ ماختىشى بىلەن يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلغان بولسام، كېيىنكى مەزگىللەردە يېزىقچىلىققا بولغان تونۇشۇم بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. ھازىر ھەۋەس ئۈچۈن ئەمەس مەلۇم ئويۋ، غايە ئۈچۈن يېزىقچىلىق قىلىمەن، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يېزىقچىلىق ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھەربىر پارچە ئەسىرىم مەلۇم نىشان، مەلۇم مەقسەتنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى ئۈچۈن كۆپ ئويلىنىشلار ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئىشلار يېزىقچىلىق ئىشتىياقىمنى قوزغاپ تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل ھادىسىلەر مېنى ئىزچىل يېزىشقا، يېزىقچىلىق ئارقىلىق پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

يازغان ئەسەرلىرىم كۆپ، ئېلان قىلىنغانلىرى ئاز. ئېلان قىلىشنى خالىغانلىرىم ئاز. مەن يازغان پېتى، بەك كۆپ ئۆزگەرتىلمەي ئېلان قىلىنغانلىرى تېخىمۇ ئاز. مەن يول ماڭغاندا، ئۇخلاش ئالدىدا، سەپەرگە چىققاندا، قىسقىسى، بوش ۋاقت چىققان ھامان يېزىقچىلىق ۋە پۈتمىگەن ئەسەرلىرىم ھەققىدە تەپەككۇر قىلىمەن. ئاۋۋال ئەسەرنى كاللامدا پۈتكۈزۈۋېلىپ ئاندىن قەلەمگە ئالىمەن. ھەركۈنى ئاز - ئازدىن يېزىپ تۇرۇش ھازىرغا قەدەر ئەمەل قىلىۋاتقان يېزىقچىلىق ئادىتىمدۇر.

تۇنجى كىتابىم — يەنى تۇنجى شېئىرلار توپلىمىم « قىز پەسلى » 2000 - يىلى نەشر قىلىندى. تا ھازىرغا قەدەر ئۆزۈم يازغان ئەسەردىن بەش پارچە كىتاب، تەرجىمە قىلغان ئەسەردىن سەككىز پارچە كىتاب نەشر قىلىندى.

يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ ژانىرى نىسبەتەن كۆپرەك. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا شېئىرىيەت ئىجادىيتى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللاندىم. سەۋەبى ئەينى چاغلاردا ئۆگىنىش قىلىشنى ئاساسلىق ۋەزىپەم دەپ قارايتتىم، چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يېزىشقا ۋاقتىم يوق ئىدى. كاللامدا لىپپىدە پەيدا بولغان تۇيغۇلارنى شېئىر مىسرالىرى ئارقىلىق خاتىرىلەپ قويۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئالىي مەكتەپنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قەلبىمدىكى بەزى تۇيغۇلار ۋە ئويلىنىش ئۈچقۇنلىرىنى شېئىري شەكىل بىلەنلا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن مىكرو ھېكايىلەرنى يېزىشقا كىرىشتىم. كېيىن ھەرخىل ماقالىلەرنى يازدىم. قىسقىسى، ھازىرغا قەدەر ئەدەبىياتنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرىدە قەلەم تەۋرەتتىم. پىكرىمنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ژانىرلاردىن ئەركىن پايدىلاندىم.

ژانىرلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالمىدىم، ئەدەبىياتتىكى شەكىل ۋە تۈرلەر بىر قورالدىن ئىبارەت. ئىنسان مەڭگۈ قورالنىڭ خوجايىنى بولۇشى كېرەككى قورالغا قۇل بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

**توختىقارى نۇر:** سىز ئەدەبىياتقا قاچاندىن باشلاپ ئىشتىياق باغلىغان؟ ھازىرغىچە ئىجادىيەتتە قايسى جەھەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، قايسى جەھەتلەردە ئۆزۈمنى تېخىمۇ تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارايسىز؟

**بەرقىي:** ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقىم بەكمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىمدىن باشلانغان بولسا كېرەك. كىچىك ۋاقتىمدا (بەلكىم ئۈچ ياكى تۆت ياش ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك) رەھمەتلىك ئانام بىكار قالغان چاغلىرىدا دەپتەرگە كۆچۈرۈپ قويۇلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى. شۇ ئەسەرلەر ئارىسىدا « مىڭ بىر كېچە » نىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىنىڭ بارلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلدۇم. ماددىي، مەنىۋى ئاچارچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن، ئىجادىيەت ۋە ئىجادىي پىكىر قىلىش چەكلەنگەن ئاشۇ كۈنلەردە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىنسانغا خاس بولغان تۇيغۇلىرىنى ھەرخىل شەكىللەردە ئىپادىلەپ بېرىشكە ئۈرۈناتتى. شۇ خىل ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادە قىلاتتى. « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ دىكتاتۇرىسى ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى ئىنسانغا خاس تۇيغۇ، ئەركىنلىك ۋە نورمال تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشلەرنى يوقىتىپ تاشلىيالمىغان ئىدى. كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنى چۆچەك سۆزلەش، قوشاق ئېيتىش، تېپىشماق تېپىش قاتارلىق شەكىللەردە يوشۇرۇن ئىپادە قىلاتتى. مەن ئەقلىمگە كەلگەندە ئەتراپىمدا ئاشۇنداق بىر مۇھىت مەۋجۇت ئىكەن. كىشىلەر ئەدەبىياتقا شۇنچىلىك مۇھەببەت بىلەن بېرىلىدىكەن. ئۆزىدىكى مەنىۋى قۇرغاقلىقنى ئامال قىلىپ ھۆللەشكە تىرىشىدىكەن. ئۆيىمىزدە بىر رادىيو بار ئىدى. رادىيونىڭ ئەدەبىي ئاڭلىتىش پروگراممىسى ۋە ناخشىلار ھەممىمىز تالىشىپ ئاڭلايدىغان قىزىق نۇقتا ئىدى. بەزىدە رادىيونىڭ مېيى تۈگەپ قالسا يېڭى ماي ئېلىش ئۈچۈن قىلمىغىنىمىز قالمايتتى. ھەتتا ئاشۇ چاغلاردا كونا مايىنى ئاپتاپقا تاشلاپ قويۇپ ئىشلەتسە ئازراق توك پەيدا بولىدىغانلىقىنى بايقاپ قالغان ئىدىم. يېڭى ماي ئالالمىغان چاغلاردا ئاپتاپقا قويۇلغان كونا ماي بىلەن ئامال قىلىپ كۆپرەك رادىيو ئاڭلاشقا تىرىشاتتۇق. قىسقىسى كىشىلەر بار ئامال بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋى چاڭقاشلىرىنى قاندۇراتتى. قارىغاندا، ئەنە شۇ قىيىن يىللاردا ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياق قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

مېنى ئۇيغا سالىدىغان بىر ئىش باشلانغۇچقا كىرە ـ كىرمەي خەنزۇلارنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك رومانى « سۇ بويىدا » نى ئوقۇشقا باشلىدىم. رومانىدىكى قەھرىمانلارنىڭ مۇشتۇمزورلارغا، مۇستەبىت تۈزۈمگە، ناھەقچىلىققا بولغان تاقەتسىز قارشىلىقى نېمىشقىدۇر مېنىڭ مىجەزىمدىمۇ شۇنداق ئامىللارنى پەيدا قىلدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. بەزىلەر زوراۋانلىققا خۇشتار بولسا، بەزىلەر جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. نەزىرىمدە « سۇ بويىدا » رومانىدا تەسۋىرلەنگەن مۇھىت بىلەن مەن چوڭ بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى ۋە ھەيران قالاتتىم. مەن مانا مۇشۇنداق بىر شارائىتتا چوڭ بولدۇم ۋە ئەدەبىياتقا شەكىلسىز، چەكسىز باغلاندىم.

مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، دەپ ئېيتالمايمەن. لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز تىرىشىۋاتىمەن. ماڭا مۇۋەپپەقىيەتتىن كۆرە، مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ئىزچىل قەدەمدە سىلجىش جەريانى بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك تۇيۇلىدۇ. مەن ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتىمنى دەل شۇ جەريانلار دەپ قارايمەن ھەم بۇ جەريانىنى مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۈستۈن قويىمەن. نېمىشقا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنى ئېنىق بىلگەنلىكىم ۋە ئىزچىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىمنى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت دەپ ئويلايمەن.

ئۆگىنىش ۋە پىكىر قىلىشنى ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىشى دەپ قارايمەن. شۇڭا ھازىرغا قەدەر ئۆزۈمنى مۇكەممەللىككە يېقىنلاشتىم دەپ قاراپ باقمىدىم. ئۆزۈمدە تولۇقلاشقا تېگىشلىك

ئامىللار ناھايىتى كۆپ دەپ ئويلايمەن. شۇڭا ئۇنى ئىزچىل تولۇقلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلدىم. 39 ياشقا كىرگەندە دوكتورلۇققا ئىمتىھان بېرىپ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلىنىشىم ئەمەلىيەتتە مانا مۇشۇنداق بىر تولۇقلاش تەقەززاسىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مەن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش قىلىشنى ئادىتىمگە ئايلاندۇردۇم. مەن ھەركۈنى مەلۇم مىقداردا كىتاب ئوقۇيمەن. كىتاب ئوقۇش مېنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۆگىنىش شەكلىم. ئاندىن تەپەككۇر قىلىمەن، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كاللامدا مۇلاھىزە قىلىمەن. بۇ مېنىڭ كىتابتىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنى ھەزىم قىلىش جەريانىمدۇر.

**روزىگۈل ئابدۇشۈكۈر:** ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق باھا بېرىسىز؟

**بەرقىي:** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىنتايىن ئۆزگىچە بولغان بىر ئەدەبىيات. مەن بۇ ئەدەبىياتنىڭ مۇساپىسىنى دارۋازىنىڭ دار ئۈستىدە مېڭىش مۇساپىسىگە ئوخشىتىمەن. بۇ ئەدەبىياتنى كۆزىتىدىغان، باشقۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان ۋە ئۆز ئارزۇسى بويىچە مەلۇم نىشانغا يېتەكلەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ.

بىر پارچە ئەسەر ئالدىنقىزغا كەلگۈچە نۇرغۇن جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ. نۇرغۇن ئەلگەك ـ ئۆتكەرمىلەردىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنى تاسقامدىن ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن تاسقامنىڭ تۆشۈكىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئارتۇق يەرلىرى كېسىپ تاشلانسا، كەم جايلىرى تولۇقلىنىدۇ.

مۇنداق بىر ھالەتتە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ئەسەر بىلەن تەمىنلەش ئادەمنى ھاياجانغا سالىدۇ. شۇڭا، مەن خەلقىمىز ئىچىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەتتىكى يازغۇچىدىن تارتىپ ئەڭ ياخشى يازغۇچىغا قەدەر ھەممىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

دەۋرىمىزدە ئۇلۇغ بىر ئەدەبىيات بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. يازارلىرىمىز ئەسەرلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەلگەك ـ ئۆتكەرمىلەرنىڭ بىر تەلەپچان يازغۇچى ئالدىدا ھېچقانداق قىيىنچىلىق ئەمەسلىكنى ھېس قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىپ نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

**ئايقۇت:** فاكۇلتېتىمىزدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار يېزىقچىلىق قىلمايدۇ، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. سىز بۇ ئەھۋالغا قانداق قارايسىز؟

**بەرقىي:** ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلماسلىقىنى بىر نورمال ئىش دەپ قارايمەن. يېزىقچىلىق جەريانى مەلۇم ئادەملەرنىڭ مەجبۇرلىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلسە بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، « تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن يېزىقچىلىق ماھارىتىگە ئىگە بولۇشۇم ئۆزۈمنىڭ بۇرچى » دەپ قارايدىغان ھالغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. يېزىقچىلىقمۇ ئىگەللەپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ماھارەت. ئەمما، ئۇلارنىڭ يازغۇچى، شائىر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش باشقا بىر ئىش بولسا كېرەك. چۈنكى، يازغۇچى، شائىرلىق مەكتەپتە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرمەك ناھايىتى تەس بولغان بىر خىل ئىقتىداردۇر. ئۇ ئۆزىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مايىل بولۇش ۋە مۇشۇنداق قىلىشقا چەكسىز ئاشىق بولۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەلۋەتتە، ئالىي مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغانلار ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا نەتىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلارغا قارىغاندا ياخشى بولىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى سىستېمىلىق ئەدەبىيات تەربىيەسى كۆرۈش سىزنىڭ ئەدەبىيات كوچىسىدا ئۇزاق مەزگىل تەمتىرەپ يۈرۈش جەريانىڭىزنى ئازايتىدۇ.

**ئايقۇت:** گەرچە فاكۇلتېتىمىز « ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى » دېيىلسىمۇ، دەرسلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تىلشۇناسلىققا ئائىت، ئەدەبىياتقا ئائىت دەرسلىرىمىز ئاز. دېمەك، بىزگە ئەدەبىي مۇھىت كەمچىل. سىزچە بىز قانداق قىلىپ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلالايمىز؟

**بەرقىي:** ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى تىلشۇناسلىققا مايىللىق مەسىلىسىنى مەن بىر ئەۋزەللىك دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئەدەبىيات تىل سەنئىتىدۇر. تىلنىڭ بۇ سەنئىتىنى تىلشۇناسلىق بىلىملىرى ئارقىلىق

تېخىمۇ ئىلمىي كۆزەتكىلى بولىدۇ. تىل سەنئەتكارلىرى بولغان يازغۇچى - شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق شۇ تىلنى بېيىتىدۇ، شۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. سۆزلەرگە شېئىرىي مەنە ئاتا قىلىدۇ. ئەڭ يېڭى ئىستىلىستىكىلىق ئامىللارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ناۋادا ئۇلار تىل ھەققىدىكى ئىلىملەردىن خەۋەردار بولسا بۇ خىل ھالەت تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. ئەدەبىيات ۋە تىلچىلىق تىلنىڭ ئىككى قانىتىدۇر.

فاكۇلتېتتا تىلشۇناسلار جىق، بۇ بىر ئەۋزەللىك. مېنىڭچە فاكۇلتېت رەھبەرلىرى بۇ يەرگە ئەدەبىيات كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بولدى. بىر كۈنلىرى بۇ فاكۇلتېتتا ئەدەبىيات ۋە تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن ئىبارەت ئىككى قانات ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق پەيدا بولىدۇ. فاكۇلتېت زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ. بۇ ۋاقىت مەسىلىسى خالاس.

فاكۇلتېتتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت دەرسلەر جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدىكى بۇ كەسىپكە دائىر ئەڭ سەرخىل دەرسلەردۇر. لېتىپ توختى، مۇھەممەترېھىم سايىت، ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي، ئابدۇرېشىت ياقۇپ، مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا، ئەركىن ئارىز قاتارلىق ئۇستازلار جۇڭگودىلا ئەمەس پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئۆز كەسپى بويىچە كەم تېپىلىدىغان ئىقتىساس ئىگىلىرىدۇر. ئوقۇغۇچىلار بۇ ئۇستازلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغاندىن باشقا كىتابلىرىنى كۆرۈپ باقسا، تەرجىمىھاللىرىدىكى يارقىن نۇقتىلارنى سېلىشتۇرۇپ باقسا، مېنىڭ گېپىمنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىۋالالايدۇ. ئۇندىن باشقا مەن ئوقۇۋاتقاندا كىرگەندىن بۇيان دىسموند دوركىن، مەھمەت ئۆلمەز، شوگايتو، مارسال ئەردال قاتارلىق چەتئەللىك تۈركولوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. بۇ خىل ھالەتمۇ جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدا كەم تېپىلىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشى، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلەرنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

ئەدەبىياتقا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش پۇرستى كۆپ، ياندىكى بېيجىڭ چەتئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەر ھەپتىدە نەچچە قېتىم چەتئەل ئەدەبىياتىغا ئائىت لېكسىيەلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ھەتتا چەتئەل ئەدەبىياتىدىكى بەزى تەسىرى بار شەخسلەر كېلىپ لېكسىيە سۆزلەيدۇ. مەكتىپىمىزدىن بەك يىراق بولمىغان جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگودىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا تەسىرى بار مەكتەپلەرنىڭ بىرى. بۇ مەكتەپتىكى لېكسىيەلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشى كېرەك. ئەدەبىيات ھەققىدە ياخشى ساۋاتقا ئىگە بولىمەن دېگەنلەر ئاشۇ مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىي مۇھىتى بىلەن ئۇچراشسا نۇرغۇن ھاسىلاتلارغا ئىگە بولىدۇ.

مەن فاكۇلتېت ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىينى بىر ئەدىب سۈپىتىدە تونۇيمەن. ئۇنىڭ ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. نۇرغۇن يازمىسى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زىلزىلە قوزغىغان. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلاردا ئوقۇغۇچىلار قىزىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەدەبىيات بىلىملىرى تولۇپ يېتىپتۇ. ناۋادا ئوقۇغۇچىلار مەندىنمۇ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان نەرسىلەر بار دەپ قارىسا، مەن ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا تەييار. چۈنكى بىلىم بىرسىدىن قىزغىنىدىغان نەرسە ئەمەس. قانچە كۆپ ئادەم بۇ بىلىملەردىن خەۋەر تاپسا، ئەتراپىمىزدا بىلىملىك ئادەملەر كۆپەيسە بىزگە پايدىسى تەگسە تېگىدۇكى زىيىنى يوق. مەن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە تارمىقىدا ئون نەچچە يىل خىزمەت قىلدىم. بۇ جەرياندا مەن ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن ھاسىلاتلارنىڭ بىرى ئاكام ئورنىدىكى ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن ئېلىپ بارغان ئىلمىي سۆھبەت ۋە كىتاب ئالماشتۇرۇشتۇر. بىز خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق. ھەر ھەپتىدە بىرەر قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن قۇرۇق قالمايتتۇق. ئەنە شۇ ئۇچرىشىشتا بىر ھەپتىدىن بۇيان ئوقۇغان كىتابلار، يېڭى نەشر قىلىنغان كىتابلار ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇراتتۇق. بۇ خىل مۇھىت ماڭا ناھايىتى نەپ بەرگەن ئىدى. كېيىن ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كەتتى. مەن بىر

قانىتىمدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدىم. ئىككىمىزنىڭ خىزمەت ئورنى ئىككى يەردە، ئۇچرىشىش پۇرسىتىمىز ناھايىتى ئازلاپ كەتتى. كېيىن ئوقۇش پۇرسىتى بىلەن بېيجىڭغا كەلدىم. بېيجىڭدا ھەرمىللەتتىن بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن دوست بولدۇم. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئەتراپىدىكى ئىلمىي مۇھىت، بىر - بىرىدىن داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر ئېسىل كىتابخانىلار مېنى چەكسىز مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئۆزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئەپسۇس، بۇ ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

**توختىقارى نۇر:** سىز ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش كەيپىياتى توغرىسىدا كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ باققانمۇ؟ سىزنى خۇشال قىلغان ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرگەن تەرەپلەر قايسى؟

**بەرقىي:** مەن ئۆزۈم بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا ۋە ئۆگىنىش كەيپىياتىغا دىققەت قىلمىدىم دېيەلمەيمەن.

مېنى ئېچىندۇرغان ئەڭ مۇھىم نۇقتا نۇرغۇن ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزىنىڭ تۆت - بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى پىلانسىز ۋە نىشانسىز ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى، مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۆلەت كۇتۇپخانىسى ۋە بېيجىڭ چەتئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتىغا بەكمۇ يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلانمىغانلىقى بولدى.

بىر مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەت تېپىشى قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە ئىرادىلىك بىر نەچچە ئەۋلاد ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش ئىرادىسى ۋە قوللانغان تاكتىكىسىنىڭ قانداق بولۇشى بىۋاستە ھالدا مىللەتنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ساۋاقداشلار ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىگەن ۋە مۇشۇ تونۇشنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى باشقا مىللەت باللىرىغا سېلىشتۇرۇپ، باشقىلار بىر ھەسسە قۇربانلىق بەرسە ئۆزلىرى ئون ھەسسە قۇربانلىق بېرىپ، يۈكسەك غايىنىڭ لەززىتى ئىچىدە ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولغان بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى. مېنىڭچە بۇندىن كېيىن ئۆز نەتىجىسى ئارقىلىق مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ياشلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**ئايقۇت:** رەھمەت مۇئەللىم! بۈگۈن ناھايىتى كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەشتۇق. قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئەھمىيەتلىك بىر سائەتلىك دەرس ئاڭلىغاندەك بولدۇق. ئىشىنىمىزكى، زىيارەت خاتىرىمىزنى ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش، ئىجادىيەت مۇساپىسىدە بەلگىلىك نەپكە ئېرىشەلەيدۇ. ئاخىرىدا قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزگە قاتنىشىپ بەرگىنىڭىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تېنىڭىزگە سالامەتلىك، ئائىلىڭىزگە بەخت، قەلىمىڭىزگە بەرىكەت تىلەيمىز!

**بەرقىي:** سىلەرگىمۇ كۆپ رەھمەت! ئۆگىنىشىڭلار تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولسۇن!

**مۇھەررىرى: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ( 2009) كوررېكتورى: خەلچىئاي ئىسھاق (2008)**

# ھىجرەت ۋە نۇسرەت (6)

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى

## ھىجرەتتە بىباھا ئىمكان

مەن ھېلىقىدەك ئۆز ئۆمۈر ياشامى ئۈچۈن باشتىلا بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزۈۋېلىپ، شۇ پىلان بويىچىلا ئىش قىلسام دەيدىغان ۋە « قىلىمەن » دېگەن ئىشنى روياپقا چىقارمىسا، زادىلا ئۇنىمايدىغان قالتىس جاسارەتلىك ئىنسان قاتارىغا كىرەلمىسەم كېرەك. ئەمما، مۇھىت ئىمكانى، ھاياتلىق مۇمكىنچىلىكى يار بەرسىلا، ئۆمۈرنى ئاشۇ ئىمكانلار دائىرىسىدە قەدىرلەپ ۋە گەۋدىلەندۈرۈپ ياشاشقا يېتەرلىك شجائەت كۆرستەلەيدىغانلاردىنمەن دەيمەن ئۆزۈمچە. مۇشۇنداق خۇي - تەبىئەت ۋە خاراكتېر بىلەن ياشاپ كەلگەن مۇھاجىرەتلىك ھاياتىمدا، ھىجرەتنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلىدىغان ئىمكانى ئۆز يۇرتىدىكى ئىمكانلاردىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە مول ۋە كەڭ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، تەڭداشسىز دەرىجىدە قىممەتلىك بولىدىكەن، دەپ قالدىم.

## « لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ مەڭگۈ ئۆگىنىش ئۈلگەڭلەر بولسۇن! »

باشتا تاپشۇرما قىلغىنىمدەك، 1972 - يىلى، يىگىرمە ئىككى ياشلىق مەن بېيجىڭغا ھىجرەت قىلىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. « ئوقۇشقا كىرىش تەربىيەسى » دېگەندەك رەتتىكى زۆرۈر پائالىيەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، رەسمىي دەرسكە چۈشۈپ كەتتۇق. كەچقۇرۇن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن، سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق سىنىپىمىزغا بېرىپ، كوللېكتىپ ھالدا، « كەچلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش » قىلاتتۇق.

مۇنداق چاغلاردا، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمىز نۆۋەتلىشىپ سىنىپىمىزغا كېلىپ، ئىختىيارى ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى، ئەدەبىي تەرجىمە ئوقۇتقۇچىمىز ماشۇجېن مۇئەللىمنىڭ بىزگە بايان قىلغان سۆھبىتى ھېلىھەم ئېسىمدە:

- مەن لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ما شۇجېن بولىمەن، ــ دېدى ئۇ ھەر قايسىمىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، ــ سىلەر ل. مۇتەللىپنىڭ مىللەتداشلىرى، يۇرتداشلىرى. سىلەرنى كۆرۈپ، بەك خۇش بولدۇم. پايتەختكە ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگىنىڭلەرگە قۇتلۇق بولسۇن!

ئۇ ئۇيغۇرچىنى خۇددى بىراۋغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك، ھەر بىر كەلىمىنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ، ئۆزىگە خاس بولغان بىر خىل تاڭسۇق تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى. ئەمما، چىراي ئىپادىسى ۋە سۆز - جۈملىلەرنى مارجاندەك تىزىپ ئېيتىشتىكى ئەستايىدىللىقى ئۇنىڭ سەممىيلىك بىلەن تويۇنغان قەلب - يۈرىكىنى تەرجىمان بولۇپ چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى گويا. ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران - ھەس بولغان ھالدا، خۇددى ماگنىت تېشىغا تارتىلىپ چاپلىشىپ قالغان تۆمۈر پارچىلىرىدەك قېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدۇق. ئەمسچۇ؟ بىر خەنزۇ ئادەم سېنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىڭدىن بولغان بىر ئىلىمپەرۋەر ئوتيۈرەك ئىنساننى شۇ قەدەر سۆيسە، ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى سەندىنمۇ بەكرەك بىلسە، ئۇ يازغان شېئىرلارنى شۇ قەدەر ئەزىزلىسە ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىغا ئەدىبلەرگە خاس ئىلمىيلىك بىلەن چوڭقۇر چۆكسە، ئاندىن ئۇلارنى دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىغا ئۆرۈسە، سەن تەسىرلەنمەي تۇرالامسەن ئەجەبا!؟

ــ باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ــ دېگەن

ئىدى ماشۇجېن مۇئەللىم شۇ كۈنى يارىشىملىق قول ھەرىكىتى بىلەن جىددىي قىياپەتتە، ـــ ل. مۇتەللىپ ھەممىدىن تولا ئۆگىنىش ـ ئوقۇشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زۆرۈر ۋە ئەڭ مۇقەددەس پائالىيەت ئىكەنلىكىنى؛ ئىنسانىنىڭ ياشلىق مەزگىلىنىڭ بولسا، ئۆگىنىش ـ ئوقۇشنىڭ تېپىلماس ۋە بىباھا پۇرسەت چېغى ئىكەنلىكىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە بۇ چۈشەنچىنى زامانداشلىرىغا، ئەۋلادلارغا تولۇقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە سەمىمىيەت ۋە جىددىيەت بىلەن تىرىشقان ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ بۇخىل ئالتۇندەك ئېسىل ئىدىيەسى ۋە ئالماستەك قىممەتلىك ئېگى ئۆزىنىڭ « يىللارغا جاۋاب »، « ياشلىق ئۆگەن »، « بىز شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى »، « بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى » قاتارلىق نادىر شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندۇر. ھالبۇكى، سىلەر لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ روھىدىن ئوبدان ئۆگىنىشىڭلار، ئەلا ئۆگىنىش نەتىجەڭلەر ئارقىلىق، ئۇ ئوتيۈرەك ئەجدادىڭلارنىڭ ئىزىنى بېسىشىڭلار ۋە ئەمەلىي تۆھپەڭلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭ ياش غۇنچە گۈلىنى ئېچىلدۇرۇشۇڭلار كېرەككى، ل. مۇتەللىپ سىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگەڭلەر بولسۇن!

ما شۇجېن مۇئەللىمنىڭ خىتابنامە خاراكتېرىدىكى بۇ تەۋسىيەسىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بەك خۇش بولدۇق، بەكمۇ ھاياجانلاندۇق. ھاياجانلاندۇقلا ئەمەس، بەلكى ھەيرانۇھەس قالدۇق. ئەمسچۇ؟ 1966 ـ يىلى باشلانغان ئاتالمىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئانا يۇرتىمىزدا، لۇتپۇللاھ مۇتەللىپلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان، پائالىيەتلىرىنى كىنو سېنارىيەلەشتۈرگەنلەرنى ھەممىسىنى « ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇق قارا يىپلار » قىلىپ ئايرىپ، كوچىلاردا سازايى قىلدۇرۇپ، ئامىۋى كۈرەشكە تارتىپ مۇشتلاپ ـ ئۇرۇپ، قەددىنى كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتكەن تۇرسا، ئۇ يەردە، « ل. مۇتەللىپنىڭ ‹ياشلىق ئۆگەن› دېگەن شېئىرى ياخشى. ئۇ بىزنىڭ ئۈلگىمىز » دېيىش ئىمكانىمىز يوق بولدى ـ دە! ئەمما، مانا بۈگۈن بۇ يەردە ـــ پايتەخت بېيجىڭدا، سىنىپ تەربىيەچىلىرىمىزدىن بىرى بولغان ما شۇجېن مۇئەللىم بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىكى گەپلەرنى دېدى، دېگەندىمۇ چىن دىلىدىن پۇخادىن چىققۇدەك قىلىپ دېدىكى، بېيجىڭ دېگەن بولىدىغان يەر ئىكەن جۇمۇ!؟

مانا بۇ بىزنىڭ پايتەخت بېيجىڭدىكى تۇنجى تەسراتىمىز ـ شۇ قەدەر تەبىئىي، شۇ قەدەر نەق. بولۇپمۇ كىچىكىمىدىن لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ ھەيرانىسى بولغان مەن بېيجىڭدا، پىكىر ـ تەپەككۇر ۋە ئىلمىي پائالىيەت قىلىش جەھەتتە شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانلار ساھىبى بولىدىغانلىقىمىدىن سۆيۈنۈپ، تېرەمگە پاتماي قالغاندەك بولۇپ كەتتىم. شۇ كېچىسى، ئون يىللار ئىلگىرى مەن ئوقۇغان قەشقەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى چۈشەپتىمەن. ئەنە، مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشكىلا پىششىق خىشلىق، ئىككى تەرىپى ئاكاتسىيەلىك خېلى كەڭ مەيدان، مەيداندىن ئۆتۈپ، چىرايلىق پەلەمپەيلەر بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋاتىمىز. ئالدىمىزدا، ئالدىغا يارىشىملىق ئۇيغۇرچە پېشايۋان چىقىرىلغان ئوقۇتۇش بىناسى. ئۇنىڭ قوش قاناتلىق كەڭ كىرىش ئىشىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، بادام دوپپىلىق لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنىڭ قولىدا بىر كىتاب بار پۈتۈن بەدەن ھەيكىلى غەيۇر ۋە جاسارەتلىك تۇرۇق بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بوينۇمىدا قىزىل گالىستۇك. ھەيكەلنىڭ ئالدىدىن پىئونېرلارچە سالام بېرىپ ئۆتۈۋاتىمىشمەن،... ھەي،... قانداق گۈزەل چاغلار ئىدى ـ ھە ئۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتچان گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ھوسۇللۇق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق يېتەكلەپ، بىزنىڭ پىكىر ـ تەپەككۇر ئۇپۇقىمىزنى كەڭ ئاچقان ما شۇجېن مۇئەللىم بىلەن ئېچىل ـ ئىناق ئۇستاز ـ شاگىرت بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن سىنىپىمىزدا، « ل.مۇتەللىپ ئەدەبىيات كۇرژۇكى » قۇرۇۋالدۇق. كۇرژۇك ئەزالىرى قەرەللىك سۆھبەت يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇراتتۇق. بەزى شەنبە ـ يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى تەكلىپ بىلەن ما شۇجېن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە باراتتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىنى زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ

بېرەتتى. ھەمىشە بىزنى ل. مۇتەللىپنىڭ « يېرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى، تۆكۈلىدۇ ياشلىقتىن بىر تال يوپۇرماق » دېگەن ئۆلمەس بېيىتى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئويۇنپەرەسلىك قىلماي، ھەر بىر مىنۇت - سېكۇنتنىمۇ ئىسراپ قىلماي، جان - جەھلىمىز بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئىمكانىيەت قويىنى جۇڭگودىكى ھەر قانداق يەردىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كەڭ بولغان بېيجىڭ مۇھىتى بىزنى ئاقىۋەتتە، بىلىم قۇرۇلمىسى نىسبەتەن كەڭ ۋە پىششىق، پىكىر - تەپەككۇرى نىسبەتەن ئەركىن، ئويغاق ۋە ئويناق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. 1975 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگىنىمىزدە، مەن ئوقۇغان ئون ئۈچ ئوقۇغۇچىلىق 72 - يىللىق يۈكسەك سىنىپتىن ئون نەپىرىمىزنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي تەرجىمە ئىدارىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلىم ئورگانلىرىغا تەقسىم قىلدى. شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ پېنسىيونېرى خالىدە ئىسرائىل، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى قۇربان ياسىن ۋە « جۇڭگو مىللەتلىرى » ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى تۇرۇپ بارات قاتارلىقلار مېنىڭ شۇ زامانىدىكى ئېپتىخارلىق ساۋاقداشلىرىم بولىدۇ.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۆز مەكتەپ، ئۆز فاكۇلتېتىمغا ئېلىپ قېلىنغاندىن كېيىنمۇ، ما شۇجېن مۇئەللىمنىڭ « ل. مۇتەللىپ سىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگەڭلار بولسۇن! » خىتابىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئوقۇغۇچى ئەۋلادلارنى ل. مۇتەللىپنىڭ « ئەجداد - يىللارنى قېرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاب » روھى بويىچە يېتەكلەپ، تىل، ئەدەبىيات ۋە تەرجىمىچىلىك ئوقۇ - ئوقۇتۇشى ساھەسىدە، بىر قەدەمدە بىر ئىز چىقىرىپ، بىجانىدىل ئىشلەپ كەلدىم. ئەدەبىيات ۋە يېزىقچىلىققا ئاشىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ل. مۇتەللىپ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان كۈنلەرنى ئاساسەن ئەس - يادسىز ئۆتكۈزۈۋەتمىدۇق. چوڭراق قىلغىنىمىز 1995 - يىلى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەشكىللىشىدە ئۆتكۈزۈلگەن « لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » بولۇپتۇ. كېلەر يىلى، يەنى 2012 - يىلى، مەكتىپىمىزدە، « لۇتپۇللاھ مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » ئۆتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتىمىز.

زامان ياخشى، نىيەت خالىس، ئىمكانلىرىمىز تەل. ھالبۇكى، تىرىشساقلا، ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمىز بۇ يەردە.

## بېيجىڭدا ئەلىشىر نەۋائىي تەنتەنىسى

2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، پايتەخت بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى باشچىلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان « بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز » ماۋزۇلۇق بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى داغدۇغىلىق ۋە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارە ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان كادىرلار، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئانا يۇرتىمىزدىن بېيجىڭغا خىزمەت بىلەن كەلگەن يۇرتداشلىرىمىز ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ، جەمئىي 200 گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى.

بۇ نۆۋەت بېيجىڭدا ئېچىلغان بۇ ئەلىشىر نەۋائىي تەنتەنىسى يىغىنىنىڭ مەكتەپلەر تەتىل قىلغان بىر چاغ بولۇشىغا قارىماي، بۇ قەدەر داغدۇغىلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈلۈشى مۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن بولغانىدى.

بۇلتۇر، يەنى 2010 - يىل 9 - ئايدا، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ، بۇ يىل، يەنى 2011 - يىل 10 - ئايدا، بېيجىڭدا، ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

ئاچىدىغانلىقىنى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئوتتۇز توملۇق ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى نەشىر قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. هاياجان ئىچىدە، بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ قۇتلۇق خۇشخەۋەرنى مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزدۇق. ھەممەيلەن بىزگە ئوخشاشلا شادلىنىپ، قايىنام تاشقىنلىققا چۆمدى. شۇ ئارىلىقتا، مەن « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى » دەرسىنى سۆزلەۋاتقان ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2007 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى:

- مۇئەللىم، بىز بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان ئاشۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا جۆر بولۇپ، سىنىپ بويىچە بىر خاتىرىلەش پائالىيىتى قىلساق قانداق؟، — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— ياخشى گەپ، بىزمۇ ئۇ مۆھتەرەم بوۋىمىزنىڭ 570 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەيلى، ئەمىسە،

— قاچان خاتىرىلىسەك بولۇر؟

— نەۋائىي بوۋىمىز بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ 2-ئاينىڭ 9-كۈنى خاتىرىلىسەك، قانداق؟

— بولىدۇ. ئەمىسە، پۈتۈشتۇق.

بولۇنغان گەپ شۇ. ئوتتەك قىزغىن پىكىرلىك ۋە چەبدەس ئىنكاسلىق ياش ئەۋلادلىرىمىز ئۇيغۇر فاكۇلتېتى رەھبەرلىكىگە دەرھال دوكلات يازدى. توغرا ئىشنى، ياخشى پائالىيەتنى پائال قوللاشنى ئۆزلىرىگە بۇرچ بىلىدىغان فاكۇلتېت رەھبەرلىكى: « ياخشى ئويلاپسىلەر، بۇ پائالىيەتنى بىر سىنىپ نامىدىن ئەمەس، پۈتۈن فاكۇلتېت نامىدىن قىلايلى. ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار » دەپ يوليورۇق بەردى ۋە ئۆزلىرى باش بولۇپ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىگە دوكلات يېزىپ، ئىزنى - ئىجازەت ۋە پائالىيەت مەيدانى ئېلىپ بەردى.

ئىككى يۈز كىشىلىك كۆلەمدىكى بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈش دېگەننى ئاسان دېسە ئاسان، تەس دېسە، تولىمۇ بەسى مۈشكۈل بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دېگەن قىشلىق تەتىلنىڭ دەل كىنىدىكى. قىزغىنلىقتا « ھە، شۇنداق قىلايلى! » دەپ بەك ۋارقىراپ قويۇپ، ۋاقتى كەلگەندە، تەتىل قىلىپ ئانا يۇرتقا قايتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى سېغىنىش ئوتىنىڭ كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي: « دادامدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئانامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ » دەپ ئۆيگە تىكىۋېتىپ، قاتنىشىدىغان ئادەم ئاز، پائالىيىتىمىز چۆپچۆل بولۇپ قالارمۇ؟

ئۇنداق بولمىدى. دەل ئەكسىچە، « ئەلىشىر نەۋائىي بوۋىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزىمىز » دەپ، ھەتتا 2010 - يىل 9 - ئايدا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە يېڭى، ماكان، يېڭى مۇھىت تۈپەيلى ئانا يۇرت ۋە ئاتا - ئانىسىنى ئەڭ سېغىنىپ كېتىدىغان 2010 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قىز - يىگىتلەر تەتىلدە ئۆيلىرىگە قايتمىدى. بەزىلىرى 9 - فېۋرال ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغان كۈنى تەنتەنىسىنى قىلىۋېتىپ، ئاندىن قايتىدىغان بولۇشتى. يەنە بىر مۇنچەيلەن، تەتىل قىلىپ دەسلەپ ئۆيگە كېتىپ، 9 - فېۋرال كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كەلدى. باق، قېرىندىشىم ۋە پەخىرلەنكى، مانا بۇ بىزنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز!

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولغانىكەن، ئۇنىڭدا ئەلىشىر بوۋىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئەمگەكلىرىگە تالىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ يارىتىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ قايىللىقىغا مۇيەسسەر بولغۇدەك ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلۇشى كېرەك. بىز بۇنىڭغا ئەستايىدىل تەييارلىق قىلدۇق: ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ بەس - بەستە ماقالە ماۋزۇلىرىنى بېكىتىشتى، ئەستايىدىل ئىزدىنىپ تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىشتى.

ئاندىن، بىز بۇ پائالىيەتنى ئانا يۇرتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ جەمئىيەتكە ئىشكى داغدام ئېچىۋېتىلگەن ئومۇمخەلق پائالىيىتى قىلماقچى بولدۇق. چۈنكى، ئەلىشىر ئىبنى غىياسىددىن نەۋائىي ھەممە ئۇيغۇرنىڭ بوۋىسى. شۇنداق ئىكەن، ھەممە ئۇيغۇر بۇ يىلنىڭ بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي 570 ياشقا كىرگەن قۇتلۇق يىل ئىكەنلىكىنى بىلسۇن

دېدۇق. شۇ مۇددىئادا، بىر تەكلىپنامە ئىشلىدۇقكى، شۇ خىلدىكى تەكلىپ ـ دەۋەتنامىلارغا ئۆرنەك بولغۇدەك. بىز بۇ تەكلىپنامىنى جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتى رىياسەتدىكى ئەمەلدارلاردىن تارتىپ، ھەر قايسى چوڭ گېزىت ـ ژۇرناللار تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئىلمدارلارغىچە تارقاتتۇق: « ئىمكانىڭلار بولسا، كېلىڭلار، ئۇيغۇر نەۋائىينىڭ بەش يۈز يەتمىش يېشىغا بىرلىكتە تەنتەنە قىلايلى » دېدۇق.

مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن تارقاتقان تەكلىپنامىنىڭ باش بېتىگە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھايات ۋاقتىدا سىزىلغان سىزما رەسىمىنىڭ باش قىسمى چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا « بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرلەيمىز » دېگەن خاتىرلەش كۈنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىڭ ماۋزۇسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە يېزىق بىلەن دۇرۇس ئىملالىق قىلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا تەكلىپ سۆز تېكىستى يېزىلدى. تەكلىپنامەنىڭ ئارقا يۈزىگە بولسا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان مىلادىيە 1551 ـ يىلى، ئۆزىنىڭ « تارىخى رەشىدىي » ناملىق مەشھۇر تارىخ كىتابىغا تاشقا مۇھۇر باسقاندەك قىلىپ يېزىۋەتكەن « نەۋائىينىڭ ئاتاسى ئۇيغۇر باخشىلاردىن ئەردى، ئاتىنى ‹غىياسۇددىن كىچىكىنە› دەر ئەردىلەر ـ يەنى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دادىسى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى غىياسىددىن كىچىكىنە ئىدى » دېگەن ھۆججەت ئۆزۈندىسى يۇقىرىقى ئۈچ خىل يېزىقتا بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا بولسا، « بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي مىلادىيە 1441 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، قەدىمىي خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھىرات شەھرىدە، غىياسىددىن كىچىكىنە ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى « مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين » دە: « ‹تور› — ‹تورغا چۈشمەك› تىكى تور؛ ‹تۇر› — تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، قۇش ئولتۇرىدىغان ياغاچنى بىلدۈرىدۇ؛ ‹تۆر› — تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، ئۆينىڭ تۆرىنى بىلدۈرىدۇ؛ ‹تۈر› — تەلەپپۇزى ھەممىدىن تار بولۇپ، ‹تۈرمەك› پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى ھېسابلىنىدۇ » قاتارلىق مول پاكىتلار ئارقىلىق، ئۆز تىلىنىڭ ئۇنداق « ئو، ئۇ » ئىككىلا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بولغان ئۆزبېك تىلى ئەمەس، بەلكى « ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ » بولۇپ، جەمئىي تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بار مۇبارەك ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەندۇر » دېگەن ئاخىرقى يەكۈن ۋە كەسكىن ھۆكۈم خاراكتېرلىك بىر ئابزاس بېرىلگەن بولدى.

ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىزنىڭ بۇ تەكلىپنامىمىزدا، قىلماقچى بولغان ئىشىمىز، يەتمەكچى بولغان مۇددىئايىمىز بىر قاراشتىلا بىلىنگەندەك بولدىكى، ئەلىشىر نەۋائىي مىللىي كىملىكى جەھەتتە، ھېچقانداق بىر ئىنتاگىلىقتىن ئىز ـ ئەسەر يوق، ھەر قانداق بىر غۇدۇق ـ بۇدۇق قۇسۇرغا يول يوق بولغان مۇبارەك ئۇيغۇر ئىنسانىدۇر. ئۇنى تونۇش، ئۇنىڭدىن تانماسلىق بىزنىڭ پەرزىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بولسا، بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز ۋە باش تارتىپ بولماس قەرزىمىزدۇر.

شۇنداق قىلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىز تەكلىپنامىدا دېيىلگەن بويىچە، 9 ـ فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى دەل ئۈچتە باشلاندى. ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور، دوكتور لېتىپ توختى ئەپەندى دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن بولغان مۆھتەرەم ئىسمايىل تىلىۋالدى ئەپەندىم مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى يۇقىرى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ ئۆتتى. تەبرىك خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق: «

**مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 9 ـ فېۋرال ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى رىياسەتگە:**

*بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!*

*بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە، بارلىق*

*يۇرەك قېنىنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان. بىز ئۇنىڭدىن ئېپتىخارلانماي تۇرالمايمىز. ئەلىشىر نەۋائىي شېئىرلىرى ئەينى چاغدىلا دۇنيادا شۆھرەت قازانغان بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ نۇرلىنىپ، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا چولپاندەك پارلاپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىز قەلبىگە ئورناپ كەتكەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەتتىنىڭ بايراقدارى. شۇڭا، يىغىن قاتناشچىلىرى ۋە بارلىق دوستلارنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆرنەك قىلىپ، نەۋائىيدەك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەلقىمىزنى ياخشى مەنىۋي ئوزۇق بىلەن تەمىنلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*ئاخىرىدا، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە تىلەكداشمەن. يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلىرىگە ئۇتۇقلۇق تىلەيمەن. ئىسمائىل تىلىۋالدى.*

**2011 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.»**

تەبرىك خەت ئوقۇپ بولۇنغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلىرى بىلەن سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەپەندىمنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولغانلىقىغا قارىتا چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان ھاياجانلىق سۆيۈنۈشىنى ۋە سەممىي رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى. ئارقىدىن، يىغىن رىياسىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان، بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى سۈرەتلىك پاكىتلار بىلەن جانلىق تەسۋىرلەيدىغان ئون مىنۇتلۇق مەخسۇس فىلىم يىغىن ئەھلىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى. ئاندىن، ئىلمىي ماقالە ئوقۇش باشلاندى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن بەش يېرىمغىچە ساق ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانتلىرى ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنداقلا بېيجىڭدىكى باشقا ئىدارىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ئون نەپەر تەتقىقاتچى ئۆزلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئاساسىدا تەييارلىغان « ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر مائارىپ ـ مەرىپەتچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە »، « بابۇر نەزەرىدىكى ئەلىشىر نەۋائىي »، « ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئانا تىلنى ئۇلۇغلىشى ھەققىدە »، « ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى »، « ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹فەرھاد ۋە شېرىن› داستانى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە »، « نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹مەجالىسۇن نەفايىس› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە »، « ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى ئاسترونومىيەلىك بىلىملەر توغرىسىدا » قاتارلىق ماۋزۇلار بىلەن يېزىلغان ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە شېئىر ـ غەزەللىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانا خادىمى، تەتقىقاتچى گۈلنىگار ئەسقەر خانىم « دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى » ماۋزۇسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ كېلىپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ « غەرايىبۇس سىغەر »، « نەۋادىرۇش شەباب »، « بەدىئۇل ۋەسەت » ۋە « فەۋائىدۇل كىبەر » تۆت چوڭ دىۋانىدىن تەركىب تاپقان « خەزائىنۇل مەئانى » ناملىق شاھ ئەسىرىنىڭ بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » (تۈركىي تىللار دىۋانى) ناملىق شاھ ئەسىرى قاتارىدا « دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەسەر » بولۇپ باھالانغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، يىغىن ئەھلى غۇرۇر ئىلكىدە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. پېقىر ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىينىڭ « قوش تىلچىلىق تەتقىقاتىنىڭ سەركەردىسى ئۇيغۇر نەۋائىي » ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسىمۇ، پات ـ پات ياڭرىغان گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن ئۈزۈلۈپ تۇردى...

مانا بۇ ـ بۇ يىل باش باھاردىلا بېيجىڭدا ياڭرىغان ئەلىشىر نەۋائىي تەنتەنىسى.

بۈيۈك تۆھپىكار ئەجدادلارنى ھەمىشە ئەسلەش خەلقىمىزنىڭ ئۈدۈم ئەنئەنىسى!

## ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى « بوۋام » دېيەلمەسلىك ئىمكان مەسىلىسىمۇ ياكى...

ئىنسان ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن بىر ئىشنى ئاشۇ ئارمان قىلغىنىدەك پىچىمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈۋالسا، بەكلا خۇش بولۇپ قالىدىغان گەپكەن. مەزكۇر 9 - فېۋرال « بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز » ماۋزۇلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى چەندىكىدەك ئۆتكۈزۈپ، ئالدى بىلەن، ئۆزىمىز كۆپ خۇشال بولدۇق، خۇشال بولدۇقلا ئەمەس، مەمنۇنلۇق قايىنىمىغا چۆمۈلدۇق گويا. « ئۆزىمىزلا خۇشال بولۇپ ئولتۇرمايلى، خۇشاللىقىمىزنى، شادلىقىمىزنى قېرىنداشلىرىمىز بىلەنمۇ ئورتاقلىشايلى » دەپ ئويلىدۇق ۋە ئۇ پائالىيىتىمىزنىڭ جەريانىنى رەسىملىك قىسقا خەۋەر، ئومۇمىيەتلىك تونۇشتۇرما ۋە ئەدەبىي ئاخبارات شەكىللىرىدە يېزىپ، ئانا يۇرتىمىزدىكى بىر قانچە تور بېكەتلىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللارغا ئەۋەتتۇق. نەتىجىدە، بىر قانچە خەلق باشقۇرغان تور بېكەتلىرى ئېلان قىلىپ بەردى، سۆيۈندۇق. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى باشقۇرغان ئاساسلىق گېزىتلەردىن پەقەت بىرسىلا بىر قىسقا خەۋىرىمىزنى ئېلان قىلىپ بەردى، شۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلدۇق. ئەمما، خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى ۋە تېكستى ئىچىدىكى « ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي » دېگەن بىرىكمە تەركىبىدىن « ئۇيغۇر » دېگەن ئېنىقلىغۇچى سۆزنى چىقىرىۋېتىپ، ئەلىشىر نەۋائىينى مىللەت تەۋەلىك يوق ناجىنسى قىلىپ قويغانلىقىغا بەكلا خاپا بولدۇق، ئۆكۈندۇق.

ئاڭلىساق، 10 - ئايدا ئېچىلىدىغان خەلقئارالىق يىغىنىنىمۇ ئەلىشىر نەۋائىينى « ئۇيغۇر » دېمەيدىغانلارنى قاتناشتۇرۇپ، « ئۇيغۇر » دېگۈزمەي ئاچارمىش. نېمە دەيلى ئەمدى؟ ئەلىشىر نەۋائىينى بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزچە تالىشىپ ياكى ھەۋىسىمىز كېلىپ « ئۇيغۇر » دەۋالمىدۇق. بەلكى، مۇندىن 510 يىل بۇرۇن يېزىلغان مەشھۇر تارىخ كىتابى « تارىخى رەشىدىي » نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىي شۇنداق دېگەن، بەش ئەسىردىن بۇيان پۈتكۈل جاھاندىكى ئىلىم ئەھلى « ھەق راس » دېگەن. ھالبۇكى، مېنىڭچە، بۈگۈنكى مەدەنىيەت دۇنياسىدا، ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە بىر قەۋم خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى « بوۋام » دېيەلمەسلىك ياكى دېمەسلىك ھېچقانداق بىر ئىمكان مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ۋىجدان مەسىلىسى، خالاس!

بىزنىڭ ئەقىدىمىزچە، ھەقىقەت بەزىدە ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ، بىزە - پىشكە خارلىنىپ قالىسىمۇ، ھەرگىزمۇ سۇنۇپ كەتمەيدۇ ئاداققىچە جەھەتتە. شۇڭا، قېيداپ ئولتۇرمىدۇق. بار ئىمكانلىرىمىزدىن تۈزۈتسىز پايدىلىنىپ، يەنە ئۆز پائالىيەتلىرىمىزنى قىلىپ تۇردۇق. مۇشۇ 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان « بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش شېئىر - نەسىر دېكلاماتسىيە قىلىش مۇسابىقىسى » ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتتە، ئاساسى پەن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا نۇقتىلىق سەھنە - مەيدان بېرىلدى. ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان بۇ خاتىرىلەش پائالىيىتىدە، ئەۋلادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆرنەك ھاياتى ۋە ئۆلمەس ئەمگەكلىرىنى قايىللىق بىلەن مەدھىيەلەپ يازغان بىر - بىرىدىن رەڭدار ۋە بىر - بىرىدىن مەنىدار شېئىر ۋە نەسىرلىرىنى مەغرۇر ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ، ئاق بالداق ئېتىلغانىدەك قويۇۋەتتىلەر!

مەن بۇ يەرگە، شۇ قېتىملىق پائالىيەتتە، فاكۇلتېتىمىز 2009 - يىللىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئالىمجان توختى ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ، دۇتار بىلەن ئوقۇغان بىر لەۋەن ناخشىنىڭ تېكستىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم. ھۇزۇرلانغايسىزلەر، دىلكەش قېرىنداشلىرىم،

**ئۇيغۇر نەۋائىي**

## (ناخشا تېكستى)

### (ئەلىشىر نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 570 يىللىقىغا ئاتاپ)

مىلادىيە بىر مىڭ تۆت يۈز قىرىق بىردە،
خۇراساننىڭ پايتەختى ھىرات شەھرىدە.
كۆز ئاچتى دۇنياغا ئەلىشىر نەۋائىي،
غىياسۇددىن ئىسىملىك ئۇيغۇر ئۆيىدە.

لاپ گەپ ئەمەس بۇ ئۆزىمىزچە دەۋالغان،
جاھان تونۇق ئېنىق ھۆججەت ئاساسى بار،
دەيدۇ « تارىخى رەشىدىي»(1) زەر نامىنى،
« مىرزا ھەيدەر كوراگان» دەپ ئىمزاسى بار.

**نەقرات:**
نەۋائىي، نەۋائىي، ئى، ئۇيغۇر نەۋائىي،
باشقىلارنىڭ بولماغاي ساڭا دەۋايى!

ئۇنىڭسىزمۇ « مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين »(2) ،
شاھىدلىقتا بەجايىكى ئابىدە تاش.
شەرھلەنگەن تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش،
نەۋائىينىڭ كىملىكىگە بولۇپ قانداش.

ئەلىشىر ئىبنى غىياسۇددىن نەۋائىي،
ئىپتىخارلىق بوۋىسىدۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ،
بۈيۈك مىراس ئەمگەكلىرى ئالەمشۇمۇل.
خەزىنىسى جەسۇر روھى ئەۋلادلارنىڭ.

**نەقرات:**
نەۋائىي، نەۋائىي، ئى، ئۇيغۇر نەۋائىي،
ساڭا دىلدىن مۇجەسسەم ئەلنىڭ دۇئايى!

**ئىزاھات:**

**(1) مىلادىيە 1551 - يىلى، مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر تارىخ كىتابى. ئۇنىڭدا: « ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دادىسى ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن بولۇپ، ئىسمىنى ‹غىياسۇددىن كىچىكىنە› دەر ئەردىلەر » دېيىلگەن.**

**(2) بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن 1499 - يىل يېزىلغان مەشھۇر تىلشۇناسلىق ئەسىرى. ئۇنىڭدا، ئەلىشىر نەۋائىي تىلىنىڭ پەقەت « ئو، ئۇ » ئىككىلا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بار ئۆزبېك تىلى ئەمەس، بەلكى « ئو، ئۇ ئۆ، ئۈ » بولۇپ ساق تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بولغان ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى ئېنىق قەيت قىلىنغاندۇر.**

2011 - يىل 9 - ئاپرېل، بېيجىڭ.

**كوررېكتورى: خانقىز مەتتوختى (2007)**



# غەزەل

**ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت ئۇيغۇرىي (2009)**

نادامەت چەكمىگىن يارىم، سەن ئۇچۇن سازلىنار تارىم،
يازىمدا ياغىسمۇ قارىم، پىدادۇر ھەممە جان بارىم.
گۇمان قىلما سۆيگۈنۈمدىن، قۇياش يالقۇن كۆيگۈنۈمدىن،
ئۆلگىنىم خوپ ئۆچكىنىمدىن، « ئۆچەرمىكىن... » يېمە ۋايىم.
پىغان چېكىپ « ئاھ... » ئۇرغاندا، چاقماقىدا تۈن يورۇغاندا،
تىلىكىمنى سورىغاندا، « يۇتما بېلىق، تۇتما ئاھىم... »
« چۆلدە گۈل ئۈنمەس » دەپ، كىم دەيدىكىن خام ـ خىيال يەپ،
دېسەڭ ئەگەر « تەرىگىنى سەپ »، سۇغۇرىمەن سېپىپ قانىم.
چۈمبەللىرىڭ قاتمۇ ـ قاتتۇر، يەنە ئاچسام، يەنە ياپتۇر،
دېدى « شامال تىلەپ ئاچتۇر »، تىلەمچىگە تەگداش نامىم.
ناگان ئۇخلاپ چۈشۈم كىرسەڭ، نازىڭ بىلەن ماڭا كۈلسەڭ،
دېسەڭ « مېنىڭ ئۈچۈن ئۆلسەڭ »، كۆكسۈمدە قول قىلىپ تازىم.
كەچتە تەنھا يۈرەر سايەم، ھېچ بولمىدى ماڭا ئايەم،
قىلىپ قويدۇڭ دەردلىك ئادەم، ئالماستىنلا مېنىڭ رازىم.
چۆرگىلەيمەن مەن ئۆيۈڭنى، ئېيتىپ ئوتلۇق شۇ كۈيۈمنى،
سەن بەرمىگەچ، يا ئۈنۈڭنى، كەتمەي چېلىپ يۈردۈم سازىم.
سەنچۈن كەلگەن بولسام كېرەك، ئىشقىڭ بىلەن سوقار يۈرەك،
سەن ئارمانىم، مەنچۈك تېرەك، سەنسىز ماڭا نېمە لازىم؟
كۆرۈپ كۈلۈپ سەن ھالىمغا، بولۇشقانچە ھەم زالىمغا،
سېپىپ كەلدىڭ تۇز يارامغا، ئەلەم، خىيال، غەمدۇر باشىم.
قاچان كۆردۈم شۇندىن تارتىپ، بۇ يەلكەمگە تاغنى ئارتىپ،
چۆلدە قويدۇڭ، لەۋ يالىتىپ، نەدە قويدۇڭ، ئەسۇ يادىم.
كەلمەي كەتتىڭ نەگە يەتتىڭ، نە ئۈچۈنكىن مەندىن كەچتىڭ؟
ئۇيغۇرۇڭنى نېمە قىلغىن، كۆزۈم يولدا، بەلدە ساچىم.

**مۇھەررىرى: توختىقارى نۇر (2008)**
**كوررېكتورى: شەمشىقەمەر نىياز (2009)**

# ئامېرىكىلىق نەزىرىدە: ئۇيغۇر تىياتىرى



(زىيارەت خاتىرىسى)

زۇلخۇمار تۇردى (2008) ئايگۈزەل شاھئۆمەر (2008)

*مول مەزمۇنغا ئىگە، تۇرمۇش چىنلىقى ۋە تارىخىيلىقى كۈچلۈك، گۈزەل ئانا تىلىمىزنىڭ نەپىس ئۈنچىلىرى بىلەن بېزەلگەن گۆھەر —— ئۇيغۇر دراملىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان مەكتىپىمىزدىكى بىر چەتئەللىك دوكتور ئاسپىرانت بىلەن تاسادىپىي يۈرۈشتە تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۇيغۇر دراملىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ ھەيران قالدۇق. چۈنكى، ئۇيغۇر دراملىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۆز مىللىتىمىز تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ يوق دېيەرلىك بولغاچقا، چەتئەللىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدۇق. بىز مۇشۇ چاغقىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىۋاتقان بىرەرسىنى بىلمەيتتۇق. بىزدە دراماتورگلار بار بولسىمۇ، لېكىن، تەتقىق قىلىدىغانلار كۆپ بولمىغاچقا، ئۇيغۇر تىياتىرلىرى ھەققىدە تەتقىق ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ تەتقىقاتچى بىزنى بەكلا قىزىقتۇردى. « نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىياتىرىغا قىزىقىپ قالدىكىنە؟ » بىز مۇشۇ نۇقتىغا بولغان قىزىقىش ھەمدە، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن تىياتىرلارنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىش مەقسىتىدە بۇ تەتقىقاتچىنى زىيارەت قىلدۇق. زىيارەت ئوبيېكتىمىز —— رەسۇل، ئەسلى ئىسمى رونالد گىلىيام بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ھاۋاي شىتاتى ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى. ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن سۆھبەت ئۇيغۇر تىلىدا، بەزىدە ئۆزئارا چۈشىنىشمىگەن ئەھۋالدا ئىنگلىز تىلىدا ئېلىپ بېرىلدى.*

**زىيارەت قىلغۇچىلار:** ئەسسالامۇئەلەيكۇم، رەسۇل، ئالدى بىلەن سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمىزدىن ناھايىتى خۇشالمىز. سىزنىڭ مەكتىپىمىزدە ئۇيغۇر تىياتىرى ئۆگىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، قىزىقىش ئىلكىدە سىزنى بۇ قېتىمقى زىيارەتكە تەكلىپ قىلدۇق. زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغىنىڭىزغا رەھمەت.

**رەسۇل:** ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەنمۇ سىلەر بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشال، شۇنداق، مەن ئۇيغۇر تىياتىرى ئۆگىنىۋاتىمەن.

**سوئال:** ئەمىسە سۆھبىتىمىزنى باشلاپ كەتسەك. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، ئوقۇشىنى ھەم يېزىشىنىمۇ بىلىدىكەنسىز، سىز قاچاندىن باشلاپ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشنى باشلىغان؟

**رەسۇل:** مەن ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشنى باشلىغىلى ئۈچ يىل بولدى، بىرىنچى يىلى ئامېرىكىنىڭ ھاۋايدا بىر ئۇيغۇر دوستۇمدىن ئۆگەندىم، ئىككىنچى يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆگەندىم، ئۈچىنچى يىلى بېيجىڭدا ئۆگىنىۋاتىمەن. ھازىر ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلىمەن، ئاڭلاپ چۈشىنەلەيمەن، لېكىن سۆزلەش ئىقتىدارىم سەل تۆۋەن، شۇڭا مەخسۇس ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى دەرسىنى ئۆگىنىۋاتىمەن.

**سوئال:** شۇ تاپتا بىز قىزىقىۋاتقان بىر مەسىلە، يەنى « سىز نېمىشقا ئۇيغۇر تىياتىرىنى تاللاپ ئۆگەندىڭىز؟ » دېگەن تېما ئۈستىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

**رەسۇل:** ئامېرىكىدا « ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى » بار. بۇ تەتقىقات ئورنىدا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىنىدۇ. بۇ تەتقىقات ماتېرىياللىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تىياتىرى ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىيال بەك ئاز، شۇڭا ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى ھەققىدە بىلىدىغىنىمۇ ئاز. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزبېك دراملىرى، ئۇيغۇر دراملىرى بار. مەن بۇلاردىن ئۇيغۇر تىياتىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دراملىرىنى ئۆگىنىشنى تاللىدىم. چۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى رۇس ئەدەبىياتى ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەم ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. ئۇيغۇرلاردا نۇرغۇن نادىر تىياتىرلار بار ئىكەن، چوقۇم تەتقىق قىلىش كېرەك، دەپ

قارىدىم. ئامېرىكىدىكى ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام دېگەندەك سەنئەت دۇردانىلىرىنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر دراملىرىنى بىلمەيدۇ، گەرچە خېلى كۆپ ئۇيغۇر دراماتورگلار ۋە ئۇيغۇر دراملىرى ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىياللار بولسىمۇ، لېكىن، بۇلاردىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى بەك ئاز، ئۇيغۇرلارنىڭ تىياتىرى ھەققىدە يېزىلغان سىستېمىلىق بىر ئىنگلىزچە كىتابمۇ يوق. مەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۇيغۇر تىياتىرلىرىنى ئۆگىنىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇيغۇر تىياتىرلىرىغا دائىر كىتابلارنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ، چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىغا بۇ گۆھەرنى تونۇشتۇرسام، دېگەن ئۈمىدتە ئۆگىنىۋاتىمەن.

**سوئال:** سىز ئىلگىرى قايسى كەسىپنى ئۆگەنگەن؟

**رەسۇل:** مەن ئىلگىرى چەتئەل تىياتىرلىرىنى ئۆگەنگەن، كېيىن شىياڭگاڭدا خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، جۇڭگو تىياتىرلىرىنى ئۆگەندىم. ماگىستىرلىق ماقالەمنى ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا يازغان ئىدىم. ھازىر ئۇيغۇر تىياتىرلىرىنى ئۆگىنىۋاتىمەن. شۇڭا مەن ئۆگەنگەندە ھەممىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىمەن. مەن ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ قازماقچىمەن.

**سوئال:** بىزدە تىياتىر، دراما، ئوپېرالار ئېنىق ئايرىلغان، ھەممىسى ئايرىم تۈر دەپ قارىلىدۇ، چەتئەلدە بۇ تۈرلەر ئايرىلغانمۇ؟ بۇ ھەقتە ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**رەسۇل:** شۇنداق، ئۇيغۇرلاردا تىياتىر، دراما، ئوپېرا دېگەندەك سەھنە ئەسەرلىرى ئايرىلغان ئىكەن. تىياتىر — بارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى، ئوپېرا — مۇزىكىلىق سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئۇسسۇل ۋە ھەرىكەت، شۇنداقلا كۆپرەك ناخشا ئارقىلىق ئىدىيەۋى مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىياتىرلىرىدىن ئەڭ ياقتۇرىدىغىنىم « گۈلەمخان » ئوپېراسى. بۇ ئوپېرا ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغان. دراما — ئۇسسۇل، ھەرىكەت ۋە ناخشا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن سەھنە ئەسىرى. بۇجەھەتتە ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان « غۇنچەم » دراممىسى ئەڭ داڭلىق، لېكىن، چەتئەلدە بۇنداق ئېنىق ئايرىلمىغان. دراما بارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشىدىن ئىبارەت. مەن ئەڭ ئاساسلىقى ئۇيغۇر دراملىرىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلدىم. بۇ ساھە پۈتكەندىن كېيىن ئاندىن باشقا تېمىلارنى تۇتۇپ، ئاخىرىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر سەھنە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلماقچىمەن.

**سوئال:** سىز ئۇيغۇر تىياتىرلىرىنى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە، دەپ قارايسىز؟

**رەسۇل:** تىياتىر — سەھنىدە ئوينىلىدىغان، ئۇسسۇل، ناخشا، ھەرىكەت بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە سەنئەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىياتىرىدا سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەردىن ئىبارەت. دراما ئارتىسلىرىدىكى ئۇسسۇل، ناخشا، ھەرىكەت، جانلىق چىراي ئىپادىسى قاتارلىقلار شۇ مىللەت كىشىلىرىگە ۋەكىللىك قىلسا، يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلار شۇ مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ سەنئەت، تارىخ، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچام ۋە ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئۇيغۇر تىياتىرلىرىدا كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**سوئال:** سىز ئۇيغۇر دراماتورگلاردىن كىملەرنى بىلىسىز؟

**رەسۇل:** دراما يازغۇچىلىرىدىن زۇنۇن قادىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تۇرسۇن يۇنۇس قاتارلىقلارنى بىلىمەن. ئارتىسلاردىن گۈلباھار ھامۇتنى بىلىمەن، رەھبەرلەردىن ئابلەت ئابدۇرېشىت (ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق رەئىسى، تىياتىرنى يىغىش، توپلاش، ئىشلەش خىزمەتلىرىنى تەشكىللىگەن) نىڭ ئۇيغۇر تىياتىرلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بىلىمەن.

**سوئال:** ھازىرغا قەدەر قايسى تىياتىرلارنى كۆردىڭىز؟

**رەسۇل:** « نەسىردىن ئەپەندى قەيەردە » ناملىق سېرىك تىياتىرنى كۆردۈم. ئەمما، تىلى خەنزۇچە بولغاچقا، بۇ تىياتىردا ئۇيغۇر تىياتىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنمەي قاپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەندە يەنە « غېرىپ - سەنەم »، « گۈلەمخان » قاتارلىق

تىياتىرلارنىڭ پىلاستىنكىلىرى بار.

**سوئال:** سىزنىڭچە ھازىر ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟

**رەسۇل:** بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا تىياتىر خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خېلى كۆپ ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن ۋە تىياتىر ئارتىسلىرىمۇ خېلى كۆپ بولغان ئىكەن. لېكىن، ھازىر تىياتىرغا كۆڭۈل بۆلۈش يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلار گەرچە تىياتىرنى ياقتۇرسىمۇ، لېكىن كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ يار بەرمەسلىكى، تىياتىرنىڭ بېلەت باھاسىنىڭ ناھايىتى قىممەت بولغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تىياتىرنى كۆرىدىغان ئادەم قالمايۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپتىنمۇ بۇ تېمىغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈش دېگەندەك يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭلاشقا، ھازىرقى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى خەتەرلىك بىر باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن.

**سوئال:** ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

**رەسۇل:** بىر مىللەتنىڭ يوقاتقىنى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنى قوغداشقا ئىنتىلىشىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. مەن ئاتاقلىق ئارتىس گۈلباھار ھامۇتنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ ماڭا: « گەرچە ھازىر بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ۋە تەتقىقاتچىلار ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن بەش يىلدىن كېيىن بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان تەتقىقاتچىلار ۋە ئارتىسلارنىڭ كۆپىيىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن » دېگەنىدى، ئۇنىڭ سۆزى ھەققەتەن ئادەمنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. گەرچە، بۇ ساھە بىر مەزگىل يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، خەلق چوقۇم بۇ سەنئەتنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، ھەم قايتىدىن قىزىقىش كەيپىياتى كۆتۈرۈلىدۇ، دەپ قارايمەن.

**سوئال:** سىز ئۇيغۇر تىياتىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا قانداق مەسىلىلەرگە يولۇقتىڭىز؟

**رەسۇل:** مەن ھازىر بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، خەنزۇچىنى ئىشلىتىمەن. ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىششىم بەك ئاز. شۇڭا، مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى سەۋىيەم بارغانسېرى تۆۋەنلەۋاتىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى مەشىق قىلىمەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار بىلەن كۆپرەك پاراڭلاشسام، دەپ ئويلايمەن. يەنە مېنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگەنگۈم بار، شۇڭا مەن تارىخىي كىتابلارغا ئېھتىياجلىق. يەنە بىرى، 1930 - يىللار ئەتراپىدا ئۇيغۇر تىياتىرى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىلغان بولۇپ، مەن شۇ كىتابنى ئىزدەۋاتىمەن، لېكىن، ھازىرغىچە تاپالمىدىم. نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق مۇشۇ ئىككى ئىش بولۇۋاتىدۇ.

**سوئال:** بىزدىن كۈتىدىغان قانداق ئۈمىدىڭىز بار ؟

**رەسۇل:** تىياتىر بىر مىللەت تارىخىنىڭ سەھنىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ جانلىق تارىخىي پاكىتتىن ئىبارەت. تىياتىرغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تىياتىر بۇرۇن خېلى تەرەققىي قىلغان ھەم خېلى كۆپ ئەسەرلەر يېزىلغان، ھازىر بۇ ژانىر تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر درامىمنى تاشلىۋەتسەك، مىللەتنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى تاشلىۋەتكەن بولىمىز. مېنىڭ ئۈمىدىم ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تارىخنى تاشلىۋەتمەسلىكىنى، بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ھەم كۆپلىگەن ئۇيغۇر تىياتىرى ۋارىسلىرىنىڭ، تەتقىقاتچىلىرىنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سۆھبەت ئاخىرىدا، بىز رەسۇلنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ سۆھبىتىمىزگە قاتنىشىپ بەرگىنىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتتۇق. ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىغا ئۇتۇق، تۇرمۇشىغا خۇشاللىق تىلەپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق.

كىچىك ۋاقتىلىرىمىزدا ئاتا - ئانىمىز بىزنى تىياتىرخانىلارغا « گۈلەمخان »، « غۇنچەم »، « غېرىب - سەنەم » قاتارلىق تىياتىرلارنى كۆرۈشكە ئېلىپ باراتتى، ھەتتا تېلېۋىزورلاردىمۇ قوياتتى. ھەممىمىز قىزىقىپ كۆرەتتۇق. لېكىن، ھازىر تۇرمۇش بېسىمىنىڭ ئېغىرلىشىشى، تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىششى بىلەن تىياتىرخانىغا بارىدىغان ۋاقتىمىز بارا - بارا ئازىيىپ كەتتى، ھەتتا بارماسلا بولدۇق. بۇ يالغۇز بىر ئائىلىدە كۆرۈلۈۋاتقان ھادىسە بولماستىن، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئورتاق بىر ئەھۋال. كىشىلەرنىڭ

تىياتىرغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ كېمىيىشى سەۋەبلىك، يېڭى تىياتىرلارمۇ يېزىلمىدى، ھەم ئىشلەنمىدى. ھازىرقى كىچىك باللار ھەتتا تىياتىر دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەنمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا، بىر چەتئەللىكنىڭ دۆلەت ئاتلاپ بىزنىڭ يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان قىممەتلىك مىراسىمىزنى تەتقىق قىلىشى، بۇ جەرياندا نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان بولسىمۇ، بوشاشماي ئىزدىنىشى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىياتىرىغا بولغان ئۈمىدۋارلىق روھى بىزنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

ئاخىردا ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىمىزنىڭ داڭلىق دراما ئاكتىيورى گۈلباھار ھامۇت ئېيتقاندەك، يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇشىنى، بۇ نۇرلۇق گۆھەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇشتىكى يېڭى بىر يورۇق يۇلتۇزغا ئايلىنىشىنى تىلەيمىز.

**مۇھەررىرى: روزىھاجى ئىمام (2008)**
**كوررېكتورى: خەلچەئاي ئىسھاق (2008)**

# بۇلبۇلغا خىتاب



## مەمەت راخمان (2009)

سەن تۇغۇلغاندا « گۈلۈم » دەپ چىققان تىلىڭ،
ئەمدى يېتەلمەي گۈل ۋەسلىگە سۇندى دىلىڭ،
ئازلا قالدى ئىشقى - پىراقتا بۇ جېنىڭ،
ساڭا ئوخشاش كەچمىشىم كۆپتۇر مېنىڭ.
ھەي ئىست، ھالىڭغا ۋاي بۇلبۇل سېنىڭ!

گۈل دېدىڭ ياشلار تۆكۈپ،قانلار يۇتۇپ،
خەندان ئۇردۇڭ قالغۇچە ئاۋاز پۈتۈپ،
ئاق كېچە ئايغا قاراپ گۈلنى كۈتۈپ،
نى ئەسىرلەر كەتتىڭغۇ گۈلسىز ئۆتۈپ،
ھەي ئىست، ھالىڭغا ۋاي بۇلبۇل سېنىڭ!

ئاڭلىنىدۇ ھەر كېچە مۇڭلۇق ئاۋاز،
چۈنكى سەن گۈلنى ماختاپ چالغاچقا ساز،
بىراق گۈلۈڭ قىلىپ يۈرگەچ ئۆزگىگە ناز،
سۆيۈپ يۈرەر گۈللىرىڭنى قۇرت - قوڭغۇز،
ھەي ئىست، ھالىڭغا ۋاي بۇلبۇل سېنىڭ!

مۇڭلىنىپ كۆككە قاراپ سازلار چېلىپ،
كۈتۈپ ۋىسال پەيتىنى كۆزلەر تىلىپ،
تاڭ سەھەر گۈل ئاچىلۇر رەھمى كېلىپ،
بىراق شۇ دەقىقە سەن بىچارە ئۇخلاپ قېلىپ،
ھەي ئىست، ھالىڭغا ۋاي بۇلبۇل سېنىڭ.

نېمە دەيمەن، تەقدىرىڭ بەك كاج چىغى،
تەقدىرداش مەن ،يۈرەكلەردە قان دېغى،
ھىماتسىز مەن، باستىغۇ ھىجران تېغى،
سايرا بۇلبۇل تاپقىچە ۋىسال بېغى،
ھەي ئىست، ھالىڭغا ۋاي بۇلبۇل سېنىڭ!

تۇرمۇشۇمدا ئىككى دوست قالغاچ ياراپ،
شۇڭا ئۆزگە، دەردمەن دېمەس ماڭا قاراپ،
بىلىمەن كەتتى زەھەر تەنگە تاراپ،
بىراق بۇلبۇل سەن ئۆزۈڭنى قىلما خاراب،
ھەي ئىست، ھالىڭغا ۋاي بۇلبۇل سېنىڭ!

**مۇھەررىرى: توختىنقارى نۇر (2008)**
**كوررېكتورى: شەمشىقەمەر نىياز (2009)**




شۇنداق بىر كۈنلەرمۇ ئۆتكەن، ئۇيغۇرلار ئات ئۈستىدە يۈرۈپ جاھاننى تىترەتكەن. ئات ئۇيغۇرنىڭ قانىتى، ئۇيغۇرنىڭ بەخت قۇشى بولغان شۇ چاغلاردا، كۆك يايلىلىق كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشىدا ئۇيغۇر دېگەن بۇ قەۋم ئۆزىنىڭ شۇ قانىتىغا تايىنىپ ئۆز ئەتراپىغا قاراپ ھۆركىرىگەن، تىزلىقلارنى تىزلاندۇرغان، باشلىقلارنى باش ئەگدۈرگەن، جاھاننىڭ تۆت ئەتراپىنى ئىلكىگە ئالغان. شۇنداق بىر كۈنلەرمۇ ئۆتكەن، ئۇيغۇرلار « بىلىك » دەپ ئاتالغان بۇ ئۇقۇم بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇچرىشىپ، ئۆز يېزىقلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئىگىلىگەن شۇ بىلىكلەرنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش يولىدا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلغان، شۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ سەركىلىرى ئاتالغان، ئۇيغۇر نامىنى ئالغان يېزىق، ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان خەلقلەر ئالەمگە « بىلىك » نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تونۇلغان، بىلىنگەنلەر بولۇپ جاھان ئەھلى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، بىلىم ئالىمىنىڭ سۇلتانلىرى ئاتالغان. شۇنداق بىر كۈنلەر بولغان، ئۇيغۇر ھاياتىدا، بىر قولىدا قەلەم، بىر قولىدا ئەلەم ئويىنىتىپ جاھانغا خوجىدارلىق قىلغان، ئالەمگە ئۇيغۇر دېگەن « ئۇيۇغۇر » دەپ خىتاب قىلالىغان. شۇنداق، شۇنداق كۈنلەر ئۆتكەن جاھاننىڭ شانلىق تارىخى ئۇيغۇرنىڭ نامى بىلەن يېزىلغان.

يەنە خۇددى شۇنىڭدەك، شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن، كىچىككىنە نام - مەنپەئەتنى قوغلاپ، ئۆز ئەھلىگە قارشى قوپقان، خىيانەتكارلىق بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، ئۆز ئېلىگە دۈشمەن چىللىغان ئەنە شۇنداق نومۇسلۇق كۈنلەر ئۆتكەن. ھەق بىلەن ناھەقنىڭ پەرقىنى ئايرىيالماي، بىكار تەلەپ ئالدامچى، سۇخەنچىلەرنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، قەھرىمانلىرىنى ئۆلۈم گىرداۋىغا ئىتتىرگەن شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ شاراپىتىدە يوقسۇزلۇق چۆللىرىدە تېنەپ يۈرگەن، قاراڭغۇلۇق كوچىلىرىدا ئېزىپ بېشىنى ئۇسكەن ئەنە شۇنداق كۈنلەرمۇ ھەم ئۆتكەن.

يەنە شۇنىڭدەك ئۇيغۇرنىڭ بېشىدىن شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەنكى، دۈشمەن قىسماقتا قىسقاندەك قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇيغۇرنى باش كۆتۈرۈشتىن مەھرۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن زور قىيىنچىلىق كۈنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يەنىلا ئۇيغۇرلۇقىنى كەلگۈسىگە ئۇلىغان. شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن. شۇنداق كۈنلەردە ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت - ئەلەم تۇپەيلى تالاي ئاۋات شەھەرلەر خارابىگە، تالاي بوستانلىقلار ئەرۋاھلار ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، « ئۇيغۇر » دېگەن بۇ قەۋم مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھايات - ماماتلىق كۈرىشىدە قانچىلىك دەرد - ئەلەم تارتمىسۇن، يەنىلا غەلىبە قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ بارچىسىنى ئۆز ئەمرى ئاستىغا ئالغان شۇنداق كۈنلەردە، ئۇلارغا دۈشمەن بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئۇيغۇرغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان. ئۇلار قانچىلىغان قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ھامان ئۇيغۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ئۇرۇشۇشتىن ھېچ غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن دۈشمەنلەر ئۇيغۇرلارغا ھىيلە بىلەن تاقابىل تۇرماقچى بولۇشقان ۋە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ بېرىپ، ئۇرۇشا - ئۇرۇشمايلا كەينىگە چېكىنگەن.

ئۇلارنى قورقۇنچتىن قاچتى، دەپ چۈشەنگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارنى قوغلاپ بارغىنىدا دۈشمەن تەرىپىدىن قويۇلغان پىستىرمىغا چۈشۈپ قوشۇنى قاتتىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان. دۈشمەنلەر ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىغا بۆسۈپ كىرىپ، قېرى - ياش، ئاجىز - ئورۇق دېمەستىن بۆشۈكتىكى بالىلىرىغا قەدەر قىرغىن قىلىشقان. بۇ چاغدا يايلاقتا چىقىپ كەتكەن ئىككى ئۇيغۇر يىگىتلا ئائىلىسى بىلەن ساق قالغان بولۇپ، ئۇلار ماكانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ قىرغىنچىلىقنى كۆرۈپ، قالدى - قاتتى مال - بىساتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، تاغنىڭ ئىچكىرىلىكلىرىگە كىرىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار بۇغىنىڭ يول باشلىشىدا ناھايىتى تىك تاغلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ تۆت ئەتراپى شۇنداق قىلىچتەك تاغلار بىلەن قورشالغان گۈزەل بىر بوستانلىققا چىقىشقان. بۇ ماكانىنىڭ ئېتى ئەرگەنە قون بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۆپىيىپ تۆت يۈز يىل ياشىغان. بۇ يۇرت ئۇلارغا تارلىق كەلگەن دەملەردە ئۇلار تۆمۈر رۇدىسىدىن تۈزۈلگەن تاغقا ئوت يېقىپ ئېرىتىپ تۆت يۈز يىل پاناھدىغان بۇ ماكاندىن ئايرىلغان. ئۇلار ئەرگەنە قوندىن چىققاندىن كېيىن ئەجدادلىرىنىڭ زېمىنىغا بېرىپ دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپ دوستلار بىلەن ئەپ ئۆتكەن. ئۇيغۇر مانا شۇنداق قىلىپ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئۇيغۇر تارىخىدا خۇددى ئەرگەنە قونغا كىرىش ۋە چىقىشقا ئوخشاش ھايات - ماماتلىق پەيتتە توغرا ئىستراتېگىيە بىلەن ئۇيغۇرنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان قەھرىمانلار ئۇيغۇر تارىخىنىڭ شانلىق سەھىپىسىگە يېزىلغان.

ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويلىرىدا قۇرغان ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى مالىمانچىلىق، ساتقىنلىق ۋە قىرغىزلارنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار جەنۇبقا ۋە غەربكە قاراپ كۆچتى. غەربكە كۆچكەنلىرىدىن بىر قىسمى تۇرپان، بېشبالىقلارنى مەركەز قىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان بولسا، يەنە بىر بۆلۈكى يەنىمۇ غەربكە سۈرۈلۈپ پامىر تاغلىرى ئەتراپىدا قارا خانىلار خانلىقىنى قۇردى. جەنۇبقا كۆچكەنلىرى بولسا تىبەتلەر كونتروللۇقىدىكى گەنسۇ رايونىدا ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئورنىنى تىكلەپ قامچى (سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈن گامسى دەپ ئاتايدىغان بۇ شەھەر جاڭيې شەھىرىدۇر) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان قامچى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇدرەتلىك بىرەر ھاكىمىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى بۇ قالدۇق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقان بولسىمۇ، بىراق تاڭغۇتلارنىڭ غەربىي شيا سۇلالىسىنى قۇرۇپ قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن بىر قانچە قېتىملىق شىددەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، قامچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ياغلاقارلاردىن بولغان خانلىرىنى مەغلۇب قىلدى. بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم توزۇپ كەتتى، بىر قىسمى تاغ - تۇمانلارغا چىقىۋالدى، بىر قىسمى شاجۇ ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن بولسا يەنە بىر قىسمى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا كەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 13 - ئەسىردىكى قەھرىمانى قوچقار تېكىن. ئەڭ ئاخىرقى بۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قۇبلاي خان بىلەن ئوگداي ئەۋلادى بولغان قايدۇ خاننىڭ خانلىق تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا دەسلەپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان قۇبلاي تەرەپتە تۇرغانلىقتىن قايدۇ خان ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى دوۋا قوچو خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچۇغا 120 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن ۋە ئالتە ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان. قوچقار تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەۋمى قاتتىق تىركەشكەن، ئەڭ ئاخىرى دوۋانىڭ قوچقار تېكىنىنىڭ موڭغۇل خانىشتىن بولغان مەلىكىنى چىقارتىپ بېرىش شەرتى ئاستىدا قورشاۋدىن قۇتۇلغان. 120 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان موڭغۇل قوشۇنى قوچۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى خەلقنى بۇلاپ تالاپ ئېگىلىكىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قايدۇنىڭ تەھدىتى تۈگىمىگەن، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قوچقار تېكىن ئۆز خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ پايتەختنى قومۇلغا كۆچۈرگەن. قومۇلمۇ قايدۇنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ئىدىقۇتنىڭ رەھبەرلىكىدە بوگۇنكى ۋۇۋېي ئەتراپىغا كۆچكەن ۋە شۇ جايدا تۇرۇپ قالغان. بۇ بۆلەك ئۇيغۇرلار

موگغۇل ئىستىپلاسىدىن بۇرۇن قامچۇ ۋە شاجۇ دىيارلىرىدا خانلىق قۇرۇپ دەۋر سۈرگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، شۇ يەردىكى سېرىقباش ئۇيغۇرلار دېگەن خەلقنى تەشكىل قىلغان.

بۇگۈنكى كۈندە ھەسرەتلىك تارىخىمىزنىڭ يەنە شۇنداق سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ باقساق، ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغان ئۇيغۇرنىڭ ئۆز مەدەنىيەت ئابىدىلىرىنى دىننى سەۋەب قىلىپ، بۇزۇپ - چېقىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. 14 - ئەسىردە ئىسلامغا كىرگەن چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان ئۇيغۇر دىيارى خاقانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئۆزىدە جۇغلىغان شەرقىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش يولىدا بىر قاتار غازاتلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ غازاتلار غەيرى ئىسلام مىراسلىرىنى نىسبەتەن بەلگىلىك بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچراتقان بولسىمۇ، تەلتۆكۈس يوقىتىش خاراكتېرلىك زىيان ئېلىپ كەلمىگەن، بەلكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، بۇددا مۇنارلىرى يەنىلا ئۇلۇغ جايلار دەپ قارىلىپ، ساقلىنىپ قېلىنغان، بەك ئېشىپ كەتسە بۇتلار ۋە رەسىملەرنىڭ چىرايىنى جىجىۋېتىش، بېشىنى بۇزۇۋېتىش بىلەنلا چەكلەنگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادى ئەھمەدخاننىڭ كاپىر ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قاتتىق ئۇرۇشلىرى مىڭ سۇلالىسىنى چېگرادىكى مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىنى تاقاپ، جىيايۈگۇەن قوۋۇقىنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئەھمەدخاننىڭ غازات ئۇرۇشى كەڭرى كەتكەن لوپنور سەھرالىرى، تۇرپان يېزىلىرى، قومۇل تاغلىرى ۋە باغلىرى ھەتتا ئارا يۇلتۇزنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا قەدەر سوزۇلغان. ئىسلامغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى بىلەن ئېتىقادداش بولغان موگغۇللار ۋە مىڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق ھەمراھلىرىنىڭمۇ كۈچىنىڭ زەئىپلىكىدىن مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق شارابىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئەھمەدخاننىڭ غازات ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلغان قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرىنىڭ ئاھالىلىرىدىن بىر قىسمى مەجبۇرەن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، بىر قىسمى چەت، ئادەمسىز تاغ - جەزىرىلەرگە كىرىپ پاناھدىغان، يەنە بىر قىسمى بولسا ئىلاجسىز جىيايۈگۇەنگە كىرىپ، بۇرۇندىن تەڭرىداۋان تاغلىرىنىڭ كەڭرى قۇچىقىدا تارىخنىڭ ئۇپرىغان سەھىپىلىرىدىن ئېشىپ قالغان، قامچى ( گەنجۇ ) ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ بىر مەزگىل شۇ دىيارلاردا ھاكىم بولغان قېرىنداشلىرى يېنىغا پاناھداپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ قەبىلىسى بولغان ياغلاقارلار ۋە قوچقار تېكىن باشچىلىقىدا كۆچكەن قەۋم بۇ رايوندا يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇق كىملىكى بىلەن موگغۇل خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا قومۇل، تۇرپان، لوپنور شەرقىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارغا كۈچ ۋە روھىي مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزلىشىپ قالغان. شۇ ۋاقىتلاردا موگغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان بۇ ئۇيغۇر قەۋمى موگغۇللار بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىلار داۋامىدا ئۆزلىرىگە زور بىر تۈركۈم موگغۇل تائىپىلىرىنى قوشۇشقان، بۇلار ھۆكۈمران بولغاچقا ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرنىڭ خانى دەپ ئاتاشسىمۇ، موگغۇل تىلىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەڭ قوللىنىشقان. گەپنى قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرىغا يۆتكىسەك، بۇ رايونلار ئەھمەدخاننىڭ بۇ قېتىملىق قاتتىق غازات ھەرىكىتىدىن كېيىنمۇ تولۇق مۇسۇلمان بولۇپ بولالمىغان. بەلكى 16 - ئەسىردە قومۇلغا كەلگەن ياۋروپا سەيياھلىرىمۇ چوڭ جۈمە مەسچىتىنىڭ ئۇدۇلىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بۇتخانىنى كۆرۈشكەن. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ قومۇل ۋاڭلىرى بۇددا مىڭئۆيلىرىنى بۇزماقچى بولغاندا يەرلىك خەلق، ئۇ جايلارنى ئۇلۇغلارنىڭ يېرى دەپ ئەزىزلەپ چاقتۇرمىغان. لوپنور خەلقىنى بولسا ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى 19 - ئەسىردىمۇ « مۇسۇلمان دېسە مەسچىتى يوق، كاپىر دېسە بۇتخانىسى يوق » دەپ تەسۋىرلىگەن. دېمەك ئەھمەدخاننىڭ دەۋرىدە ئادەمسىز جەزىرە - تاغلارغا كىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار، ئەھمەدخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز شەھەرلىرىگە قايتىپ كەلگەن. چۈنكى ئەھمەدخاننىڭ ماۋارا ئۇننەھرگە، ئاكىسى قېشىغا ھەمدەمگە بېرىپ ، مەغلۇبىيەت بىلەن قايتىپ كېلىپ، ئاقسۇدا ئۆلۈشى چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلىتىپ قويغانىدى. ئەھمەدخاننىڭ چوڭ

ئوغلى مەنسۇرخان تۇرپان تەختىگە چىققان بولسىمۇ، بەك قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ سۈيۈرغال زېمىنى بولغان قومۇل، تۇرپان رايونلىرىدا ئاستا - ئاستا تەسىرلەر نەتىجىسىدە ئىسلامنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەنگەن. قومۇل تارىخ ماتېرىياللىرىدا دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد شاھ غازىبەگ قومۇلغا تەيىنلەنگەن سۈيۈرغال بەگلىرىدىن بولسا كېرەك. ئۇ كاپىرلارغا قارشى ئۇزۇل - كېسىل غازات ئۇرۇشى قوزغىغان ۋە قومۇلنىڭ تولۇق ئىسلاملىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا دائىر مەلۇماتلاردا ئۇنىڭ قالماقلار بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ۋە شۇ جەرياندا غازى ئاتىقىنى ئالغانلىقى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قالماقلار موڭغۇللارمۇ ياكى كاپىر ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئېنىق ئەمەس. بەلكى ئىككىسىنىڭ ئىتتىپاقى بولسا كېرەك. چۈنكى تاغ - تۇمان، سەھرا - ئېدىرلارغا كىرىپ كەتكەن بۇددىست ئۇيغۇرلار، مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئېتىقادداش بولغان موڭغۇللاردىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىق ئېھتىمالىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. بۈنىڭغا تا يېقىنقى زامانلاردىمۇ قومۇل، تۇرپان خەلقلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان چۆللەردىن چىققان قالماق قەۋملىرىنىڭ ھېكايىلىرى ۋە خەلق ئاغزىدا قالماقلارغا تەۋە قىلىنغان ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى مىسال بولالايدۇ. لوپنورنىڭ شەرقىي قىسمىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىنى تاقىۋېلىشى، پۈتۈنلەي مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەمىناتى ئارقىلىق كۈن كەچۈرگەن بۇ قاراۋۇلخانىلاردىكى خەلقلەرنى كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ قاراۋۇلخانىلاردىمۇ يەنە ئۇيغۇرلار ئاساسى قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇداپىئە سېپى شەكىللەندۈرگەنىدى. مىڭ سۇلالىسى غەربى يۇرتتىن ۋاز كېچىپ، جيا يۈگۈەننىڭ ئىچىگە بېكىنىۋالغاندىن كېيىن، بۇ خەلقلەرمۇ يەنە شۇ قامچى ئۇيغۇر خانلىقىدىن قالغان تەڭرىداۋاندىكى ئۇيغۇرلار قېشىغا بارغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر قەۋمى ئۆزلىرىنى سېرىق ئۇيغۇر دەپ ئاتاپ كېلىشكەن. قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرىدىن ۋە بۇ قاراۋۇلخانىلاردىن كۆچۈپ كەلگەنلەر شۇ ئاچچىق تارىخى قىسمەتلىرىنى مەشھۇر « شىجى خاجى داستانى » ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا بىر بۆلۈك سېرىق ئۇيغۇرلار موڭغۇل تىلىنىڭ ئىنگۇر دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. بۇلار سېرىق ئۇيغۇر رايونىنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقانلىقتىن شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلار ياكى شىرا يۇغۇر دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا سېرىق دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىكەن. سېرىق ئۇيغۇر دېگەن بۇ نام « تارىخى رەشىدىي » دە، خوتەن بىلەن ختىاي ئارىسىدىكى خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن ۋە سەئىدخانىنىڭ ئۇلارغا قارشى غازات ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تاپالمىغانلىقى قەيد قىلىنىدۇ. « كاشىغەر تارىخى » ( « چىڭگىزنامە » دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان ) دا ئۇلارنىڭ 17 - ئەسىردە كېرىيە رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىقى، سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلغانلىقىدەك ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر تارىخنامىلىرىدە سېرىق ئۇيغۇر چەرچەندىن تارتىپ مىڭ سۇلالىسى چېگرىلىرىغىچە بولغان تېررىتورىيەدە ياشىغان خەلقلەرنىڭ نامى سۈپىتىدە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتا چېلىقمايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار مانا بۈگۈنلۈكتە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يۇغۇر ئاپتونۇم ناھىيەسىدە بىر يېرىم تۈمەن نوپۇستا چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈپ ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ يېرىمى ئېيتقىنىمىزدەك موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى « قارا يۇغۇر » دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمران بولغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ ئېيتقىنى بولسا كېرەك. ئەجدادلىرىمىزغا بولغان كۈچلۈك سېغىنىش، ئۆتمۈشىمىزگە بولغان يۈكسەك قىزىقىش، ئۇيغۇرلۇقىمىزغا بولغان چەكسىز پەخىرلىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە 2011 - يىلى 22 - ئاۋغۇستتىن 25 - ئاۋغۇستقىچە تونۇلغان تارىخچى ئابلىز

ئورخۇن ئاكام، تالانتلىق ناخشىچى غالىب ئەرشىدىن ئاكام، مەشھۇر مۇقامچى ۋە داستانچى ئىبراھىمگاك ئاكام، قومۇل تىل - يېزىق خىزمىتى سېپىدىكى ياش تۇلپار مۇجبۇل راخمان ئاكام ۋە مەن بەشەيلەن بۆگۈنكى كۈندىمۇ سېرىق ئۇيغۇر ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان، بىز بىلەن قانداش، قېرىنداش ھېسابلىنىدىغان، ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئادەتلىرى ۋە تىلىنى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلاپ قالغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈنكى قالدۇقى بولغان سېرىق ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگەندۇق. شۇ تەسىراتلىرىمىنىڭ ھاسىلى سۈپىتىدە بۇ يازما مەيدانغا چىقتى.

قاتمۇ قات ياداڭلىقلارنىڭ، تاغلارنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنگەن بۇ كەگرى يايلاردا، ئېگىز تاغلاردا سىز قومۇل تاغلىرىدىن تاپقان ھېسسىياتلىرىڭىزنى تامامەن تېپىپ ئالالايسىز. چۈنكى بۇ جايلاردىمۇ ئاسمان شۇنچىلىك كۆك. قومۇلدىكىگە ئوخشاشلا تۈرلۈك تاغ گىياھلىرى بىلەن ئورالغان يانباغىرلارنى بويلاپ چۈشسىڭىز، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك غول سۇلىرىنى كۆرەلەيسىز. يىراقلارغىچە سوزۇلۇپ ياتقان سېرىق ئۇيغۇرلارغا ماكان بولغان گۈزەل تاغلار بىلەن مۇڭدىشىپ كۆرسىڭىز، ئۇزۇن يىللىق قان - ياشلىق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، بۇ يىلىكى شورلۇق مىللەت ئۇيغۇرنىڭ، قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مۇڭ - ھەسرىتىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولىدىكەنسىز. جۇشقۇن يايلاق پۇرىقى ئۆكسىمەيدىغان سېرىق ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شۇ مۇڭلۇق مېلودىيە بىزنى ئىختىيارسىز قومۇل مۇقاملىرىنىڭ، لوپنور ناخشىلىرىنىڭ شۇ خىلدىكى گۈزەل دۇنياسىغا باشلاپ كىرمەكتە ئىدى. شۇ گۈزەل دۇنيايىمىزنى بىزمۇ سېرىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئاڭلىتىش مەقسىتىدە، ئۇستا مۇقامچى ئىبراھىمگاك ئاكىمىزنىڭ غىرجىكى، غالىپ ئەرشىدىن ئاكىمىزنىڭ ناخشىلىرى، ئابلىز ئورخۇن ئاكىمىزنىڭ دېپى بىلەن ئورۇندالغان قومۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنلاپ بەرگىنىمىزدە، قاتىرىغا تىزىلىپ ئولتۇرۇشقان سېرىق ئۇيغۇر موملارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ قومۇل مۇقاملىرىنىڭ سېھرىگە غەرق بولغانىدى. سورۇندىكى ھەممەيلەن يۈكسەك ھاياجان ئىلكىدە ئىدى. ئەن يۈلىك ئاچا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، كىچىك ئانىسى، ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى ئۆزلىرى، ئەجدادلىرى يىللاردىن بېرى ئىنتىزار بولغان بۇ كۈيلەردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىۋالايلى، دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار بۇ كۈيلەردىن ئەجدادلىرىدىن قالغان گۈزەل سىمفونىيەنى ئاڭلاۋاتقاندەك، ئۆزلىرى ئامالسىزلىقتىن يۈتتۈرۈپ قويۇۋاتقان روھىنى تېپىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بۇ كۈيلەردىن بىز بىلەن ئۇلانغان شۇ مۇقەددەس رىشتىنى تېپىۋالغاندەك خۇشال ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تامچىلىماقتا ئىدى. پاراڭلىرىمىز ئەسناسىدا ئوخشىشىدىغان سۆزلەر، ئوخشىشىدىغان ئادەتلەر چىقىپ قالسا، ئىككىلا تەرەپ شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كېتەتتۇقكى، خۇددى روھىمىز تۇتۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك. شۇنداق بىزمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ قالغان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئەسرارلىشىپ، تەڭرىنىڭ روزى ھېيتقا ئاز قالغان مۇشۇ دەملەردە بىزگە بەرگەن بۇ كاتتا ھېيتلىقىنى بۈيۈك قىزغىنلىق ۋە قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە قوبۇل قىلىۋاتاتتۇق.

قومۇل، تۇرپان، لوپنور شېۋىلىرى بىلەن خېلى زور ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغان غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى مېنىڭ قىزىقىشىمنى ئۇزۇندىن بېرى قوزغاپ كەلگەن جەلپكار تېمىلاردىن ئىدى. بىز بارغاندا « چوقى، چوقى » دەپ بىزگە تۆردىن ئورۇن بېرىلگەن شۇ دەملەردە، چۈمۈتار موممىزغا « سەن بىزگە يۇغۇر ئېر ئېرلا، سەن بىزگە يۇغور لوماق لارلا » دەپ تەلەپ قىلغان شۇ دەملەردە، بىزمۇ ئۇلارنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن قىزغىن دوستانە مۇئامىلىرىنى كۆرۈپ « جوۋاتتى، جوۋاتتى » دەپ رەھمەت سۆزلىرىمىزنى ئىزھار قىلغىنىمىزدا، خۇددى ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كۆرۈشەلمەي قالغان قېرىنداشلار قايتا كۆرۈشكەندەك تاتلىق سېزىملارغا تۇتۇلدۇق. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەنلىكى، چوڭلارمۇ ئۆز ئارا ئاساسەن خەنزۇ تىلىنىڭ ياردىمى بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقى، يەر شارلىشىش

دولقۇننىڭ مانا بۇ چەت تاغلىق ناھىيىدىمۇ نېسۋىسىز قالماي، ئەنئەنىۋىي مىللىي ئادەتلەرنىڭ بارغانسېرى سۇسلىشىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلۇق كىملىكىدىكى نوپۇسنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، مېنى چوڭقۇر ئوي - خىياللارغا، ئازابلىق پىكىرلەر قاينىمىغا تاشلىدى. سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇگۈنكى كۈندە پۈتۈن كۈچى بىلەن سېرىق ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاخىرقى تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، سۇنەن كوچىلىرىدىن يۈرۈپ بىرەر ئېغىز سېرىق ئۇيغۇرچە گەپ ئاڭلاش ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئابلىز ئورخۇن ئاكام ئۇلارنىڭ جامائەت ئېڭىنىڭ سۇسلۇقى بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى بولۇپ، سېرىق ئۇيغۇرلار ھالاكىتىنى تېزلىتىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە ئىدى. چوڭ ياشلىق سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن بولغاندىكى قىزغىن كەيپىيات، ئۇلارنىڭ بىزگە كۆرسىتىۋاتقان ئىللىق مۇئامىلىلىرى ئۇلاردىكى جامائەت ئېڭىنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرسىمۇ، بىراق ياشلاردا ئاشۇ خىل ھېسسىياتنىڭ سۇسلىشى، سېرىق ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيۇشۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭدەك شەرقىي ۋە غەربىي دەپ بۆلۈنۈپ، ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىككى توپقا ئايرىلىشىمۇ سېرىق ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ بىرلىكىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئاساسى توسالغۇلاردىن ئىدى. ئەنە شۇنداق كۆپ خىل ئامىللار سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا خىرىس ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. غەربىي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچى ئارسلان ئاكىمىز مەكتەپلەردە سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى دەرسلىك قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، بىزگە ئۆزلىرى چىقىرىۋاتقان « يۇغۇر پۈچىگ » (ئۇيغۇر پۈتۈك، يۇغۇر مەدەنىيىتى) ژۇرنىلى تەقدىم قىلغىنىدا، لاگمۇ سېرىن مومىمىز شەرقىي، غەربىي ئىككى تىلدا يېزىلغان سېرىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت رەسىملەر توپلىمىنى ئېپتىخار بىلەن كۆرسەتكەندە، ئەن يۈلىڭ ئاچا سېرىق ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلانغان « سېرىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى » دېگەن پىلاستىنكىسىنى خۇشاللىق ئىلكىدە تونۇشتۇرغىنىدا، شەرقىي سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيسى تۆمۈر ئاكا ئەزىزلەرگە تەقدىم قىلىنىدىغان كۆك رەڭلىك خادانى بويىنىمىزغا ئارتقىنىدا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان بۇ تىرىشچانلىقلىرىدىن چەكسىز سۆيۈندۇق. بىراق، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى خەتەرلىك ھالىتىنى ئوڭشاشقا ئۇلارنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى يەنىلا كەملىك قىلاتتى. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە قاتناش ئالاقىسىنىڭ راۋاجلىنىشى، كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىشى، ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈشى بۇ چارۋىچى مىللەتنى تاغدىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. تاغدىن چۈشكەنلىرى بولسا، كۆپىنچە تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە باشقا يۇرتلارغا چىقىپ ئىشلەش يولىدا ماڭاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆز مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن ئۈزۈلۈپ قېلىشاتتى. بۇنىڭ بىلەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئازلايتتى، خاس مەدەنىيىتى بارا - بارا ھالاكەتكە يۈز تۇتاتتى.

سېرىق ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تىبەت بۇددا دىنىغا — لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان ھەيۋەت بۇددا ئىبادەتخانىسىغا باردۇق، يوغان - يوغان بۇتلار، ياندىكى تەكچىلەرگە يۈزلىگەن ئۇششاق بۇتلار قويۇلغانىدى. ئارسلان ناھايىتى ئىخلاس بىلەن قولىنىڭ كۆيۈشىگە قارىماي، كىچىك چۈچۈلا بىلەن ئوتنى ئېلىپ، بۇتنىڭ ئالدىدىكى چىراقلارنى يېقىپ قويدى. ئارسلان ۋە تۆمۈرلەر بۇتقا ئۈچ قېتىم تىزلىنىپ، باش ئۇرۇپ چىقتى. بۇت ئۇلارنىڭ تەڭرىسى ئىدى. تۆمۈر بۇنى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار تىبەت بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش يولىنى تاللىۋالغان دەپ چۈشەندۈردى. بۇ ئۇلارغا ئۇزۇن مەزگىل ھاكىم بولغان موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۆمۈرنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلەر بىلەن دىنىي جەھەتتە باغلىنىشى خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن باشلاپلا مەۋجۇت ئىدى. 1350 - يىلى تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋاجرايانا مەزھىپىدىكى مەشھۇر ئەسەر « سىررى سىكراسامۋارا » ناملىق

ئەسەر تىبەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ دىنىي ئالاقىلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. تىبەتلەردە ئالاھىدە مەزھەپ لاما دىنىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشىمۇ يۇقىرىقىدەك تارىخى سەۋەبلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. كىيىنچىقىش ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆچكەن بۇ ئۇيغۇر قەۋمى بۇ يەردە بۇددا ئەقىدىلىرىدە يىللاردىن بېرى سادىقلىق بىلەن تەۋرەنمەي كېلىۋاتاتتى.

سېرىق ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز قېرىنداشلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تىلى ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت ۋە يۇرت پەرقلىرى سەۋەبلىك بىزگە چۈشىنىكسىز بىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ناھايىتى يېقىنلىقتا ئىگە ئىدى. بۇ تىلنىڭ ھالاكىتى تۈركىي تىللار تارىخىدىكى تېخىمۇ زور بىر قېتىملىق يوقىتىش ھېسابلىناتتى. بۇ پاجىئەگە بۈگۈنكى كۈندە سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قانداش قېرىنداشلىرى بولغان بىزلەرمۇ ئىگە چىقىشىمىز، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بۇ قېتىملىق سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا قىلغان سەپىرىمىز ئۇلارنىڭ مىڭ يىللار مابەينىدە قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان روھىنى قايتا جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە قىلىنغان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك سەپەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ھەققىدىكى تونۇشلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈزۈلگەن تارىخى قېرىنداشلىق رىشتىمىزنى ئۇلاش يولىدىكى ئۇنۇملۇك پائالىيەت بولدى.

بۇ پائالىيەت داۋامىدا بىز سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەيلى قەبىلىۋى ھاياتىدا بولسۇن، مەيلى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا بولسۇن، قەدىمكى ئۇيغۇر ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيىتىنى ناھايىتى ياخشى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى بايقىدۇق. تۆۋەندە ئاساسلىق قىلىپ، سېرىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى بايانلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمەن.

سېرىق ئۇيغۇرلاردىكى قەبىلىلەر ھەققىدە سېرىق ئۇيغۇر تارىخچىسى تۆمۈر ئەپەندى يەتتە ئوتتۇزنى تەشكىل قىلغان جامائەت قۇرۇلمىسىدىكى تۈرلۈك ئۇرۇق - قەبىلە نامىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ. ( تۆمۈر ئەپەندىنىڭ « سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى » ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى. )

**غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە نامىلىرى ۋە فامىلىلىرى**

| خەنزۇچە فامىلە | ئۇيغۇرچىسى | سېرىق ئۇيغۇرچىسى | خەنزۇچىسى |
|---|---|---|---|
| 安 | ئەنجاڭ | anzhang | 安 江 |
| 妥 | توخسى | tovhoshi | 妥鄂什 |
| 索 | سوغال | soγal | 索格勒 |
| 杨 | ياغلاقار | javhlakhər | 亚拉格 |
| 白 | سىنا | sina | 斯 那 |
| 白 | ئاقتاتار | akhətatar | 阿克塔塔尔 |
| 巴 | باسۇد ياكى بۇخىس | ياكىbasoud bukhis | 巴 苏 |
| 贺 | خوراڭغىت | hhorangγəd | 呼郎格 |
| 贺、郎 | خارالىغ(قارلۇق بولۇشى مۇمكىن) | hharaləγ | 霍尔勒 |
| 钟 | جۇڭگال(چوڭگۇل) | zhungal | 钟鄂勒 |
| 潘 | پالداغ ياكى پالدان | ياكىpaldavh paldan | 帕勒坦 |
| 郑 | چىڭگىز | zhəngγəs | 增斯恩（增柯斯） |
| 郭 | قوڭغىرات | γongərad | 巩鄂拉提 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 柯勒克尔 | khalkha | خالخا | 柯、哈 |
| 克孜勒 | γəzəlləvh | قىزىللىغ | 洪、黄 |
| 阿郎（阿兰） | əγlanياكىvhlang | غلاڭ ياكى ئىغلان | 郎 |
| 杜 曼 | duman | دۇمەن | 杜 |

شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىلىرى

| خەنزۇچىسى | سېرىق ئۇيغۇرچىسى | ئۇيغۇرچىسى | خەنزۇچە فامىلە |
|---|---|---|---|
| 安江 | anzhang | ئەنجاڭ | 安 |
| 巩鄂拉提 | γongərad | قوڭغىرات | 郭 |
| 巴岳特 | bayad | بايات | 白、吴 |
| 克烈 | kered | كېرەد(كېرەي) | 贺 |
| 阿郎（阿兰） | γlanياكىvhlang | ئۇلاڭ ياكى ئىغلان | 郎 |
| 鄂盖尔（或"戈尔恰合"） | khəqakhياكىvhəker | غېكېر ياكى غېقاغ | 高、李 |
| 喀勒喀 | hhalkha | خالخا | 葛 |
| 苏勒杜斯 | sultus | سۇلتۇس | 苏 |
| 顾林那合首 | ياكىkulingnakhshou kuling | كۇلىڭناخشو ياكى كۇلىڭ | 顾 |
| 常曼 | changman | چاڭمان(چوٚمەن) | 常 |
| 兰恰合 | lanqakh | لانچاخ | 兰 |
| 柯尔克孜 | khərvhəz | قىرغىز | 耿 |
| 蒙古勒 | angkuraياكىmongγol | موڭغۇل ياكى ئېنگىر | 孟 |
| 冲萨 | chongsa | چوڭسا | 孔 |
| 浑 | hhun | خۇن | 黄、安 |
| 贾鲁格 | jalugə | جالۇگې(چارۇق) | 贾 |
| 绰罗斯 | qaoros | چاروس(چوروس) | 左 |
| 卫拉特 | ørt | ئويرات | 艾、安 |
| 齐鲁 | chilu | چىلۇ | 石 |
| 帖木儿钦 | [t'emurtʃ'in] | تېمۇرچىن | 铁 |
| 克丹 | [kədən] | كېدېن | 朵 |
| 杜曼 | [toman] | تۇمەن | 杜 |
| 吐尔古斯 | [turgush] | تۇرغۇش | ? |

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى سېرىق ئۇيغۇرلاردا ياغلاقار، چوڭۇل، توخسى قاتارلىق قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ساقلانغاندىن باشقا، موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلاردىمۇ قىرغىز، بايات، چوٚمەن قاتارلىق قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ساقلانغان، شۇنىڭدەك ھەر ئىككىسىدىلا ئاز ساندا موڭغۇل ياكى تىبەت قەبىلە تەركىبلىرى مەۋجۇت.

## غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلى

« سېرىق ئۇيغۇر تىلى سېرىق ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسى ئىپادىسى » (دۇمەن يېرجان) بولغاچقا، غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. (سېرىق ئۇيغۇر ئالىمى ياكىر ‹جوڭ جىڭۋېن› نىڭ ‹غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى تەسۋىرلەش تەتقىقاتى› ناملىق كىتابىدىكى بەلگىلەر

ئاساس قىلىندى):
تـۈركىي تىلـلار ئـۆز ئالاھـىدىلىكلىرىگە ئاساسـەن بىـر قـانچە تـۈرلەرگە بۆلۈنـىدۇ. كۆپىنچە بۇ خىل بۆلۈشكە ئۆلچەم بولىدىغان تۆۋەنـدىكى بىـر قـانچە سـۆزنىڭ ھەر قايسى تـۈركىي تىللاردىكـى ۋارىيـانتلىرىنى كـۆرۈپ ئۆتەيلى:

| | تىللار | سېرىق | تاغ | ئاياق |
|---|---|---|---|---|
| ئوغـۇز تىللـىرى گۇرۇپپىسـى يـاكى غەربىي جەنۇب گۇرۇپپىسى | تۈرك تىلى | sar ï | daγ | ayak |
| | گاگائۇز تىلى | sar ï | daγ | ayak |
| | ئازەربەيجان تىلى | sar ï | daγ | ayag |
| | تۈركمەن تىلى | saar ï | daaγ | ayak |
| | سالار تىلى | sar ï | taγ | ayax |
| قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى ياكى غەربىي شىمال گۇرۇپپىسى | قازاق تىلى | sar ï | tau | ayaq |
| | قاراقالپاق تىلى | sar ï | tau | ayaq |
| | نوغاي تىلى | sar ï | taw | ayak |
| | قۇمۇق تىلى | sari | taw | ayaq |
| | قارا چاي - بالقار تىلى | sar ï | tau | ayaq |
| | قارايىم تىلى | sar ï | tau | ayaq |
| | تاتار تىلى | sar ï | tau | ayaq |
| | باشقۇرت تىلى | har ï | tau | ayaq |
| | قىرغىز تىلى | sar ï | too | ayak |
| ئۇيغـۇر - قـارلۇق تىللـىرى گۇرۇپپىسـى يـاكى شـەرقىي جەنـۇب گۇرۇپپىسى | ئۇيغۇر تىلى | seriq | taγ | ayaq |
| | ئۆزبېك تىلى | sariq | taγ | oyoq |
| سىبىرىيە تىللىرى گۇرۇپپىسى ياكى شەرقىي شىمال گۇرۇپپىسى | ياقۇت تىلى | ar ïï | t ą | atax |
| | دولگان تىلى | ar ïï | t ą | atak |
| | تۇۋا تىلى | sar ïγ | daγ | *adak* |
| | توفا تىلى | sar ïγ | daγ | *adak* |
| | خاكاس تىلى | sar ïγ | taγ | azax |
| | شور تىلى | sar ïγ | taγ | azax |
| | غەربىـي سـېرىق ئۇيغـۇر تىلى | sar ïγ | thaγ | azaq |
| ئارغۇ تىلى گۇرۇپپىسى | خالاچ تىلى | saaruγ | taag | hadaq |
| ئوگۇر ياكى بۇلغار تىلى گۇرۇپپىسى | چۇۋاش تىلى | s'ur â | tu | ura |

بۈگـۈنكى تـۈركىي تىلـلار بـۇ خىـل پەرقلەنـدۈرگۈچى ماھىيەتلىـك پەرقلىـرىگە ئاساسـەن يۇقىرىقىـدەك تـۈرلەرگە بۆلۈنـىدۇ. جۈملـىدىن سـېرىق ئۇيغـۇر تىلىمـۇ سىبىرىيەدىكى تۈركىي تىللار بىلەن نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغـا ئىـگە، بـۇ خىـل ئورتـاقلىق ئاساسـلىق ئوتتـۇرا ئەسـىر تـۈركىي تىلىنىـڭ ئالاھـىدىلىكى بولغـان « z » لـىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن تۈركولوگلار سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى تـۈركىي تىللارنىـڭ شـەرقىي شـىمال گۇرۇپپىسغا تەۋە قىلىشىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق تىل تەكشۈرۈشى قىلىپ، چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغـان تۈركولـوگ مـالوف بولسا، سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەۋلاد تىلى دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھـىدىلىكىنى كـۆپرەك ساقلاپ قالغانلىقى

كۆزدە تۇتۇلغان. مالوفنىڭ كۆرسىتىشىدە، سېرىق ئۇيغۇر تىلى ئۇزۇن يىللىق تارىخى ئايرىلىق تۈپەيلى، ئۆزىنىڭ ئانا ئۇيغۇر تىلىنىڭ غول تارمىقىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە بۇ تۈپەيلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن خېلى زور پەرق شەكىللەندۈرگەن. شۇڭلىغا قارىماي نۇرغۇن تۈركولوگلار سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر قارلۇق تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە دەپ ھېسابلايدۇ.

سېرىق ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە قارىساق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن، بولۇپمۇ قومۇل، تۇرپان، لوپنور شېۋىلىرىگە ئوخشىشىدىغان نۇرغۇن تىل ھادىسىلىرىنى بايقايمىز. بۇلاردىن بىر قىسىم سۆزلەرنىلا مىسال قىلىپ كۆرسەتسەك: كىچىك بالىلارنى سۆيگەندە ئىشلىتىلىدىغان ھېس - تۇيغۇ ئىملىقى « ھۇببا »، ھەيران قالغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ھېس - تۇيغۇ ئىملىقى « ئاتتام »، « مەندىر — مەندىر » (مۆلدۈر)، « غۇن — غون » (قوغۇن)، « تورغاق — تورغوق، توراق » (توغراق)، « مىش - مىش » (مۈشۈك)، « ئۆكبە: ئۆكبە » (ئۆپكە)، « جىۋىن — چىۋىن » (پاشا)، « مويۇن — مويۇن »(بويۇن)، « مىنجار — مىنجار » (ئازراق)، « قۇرۇتقا — قۇرۇتقا » (قېرى ئايال)... بۇ بىرى، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىنىڭ قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرىدىن كۆچۈپ بارغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىرى قومۇل، تۇرپان، لوپنور رايونلىرى تىلىدا سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش قەدىمكى تەركىبلەرنىڭ نىسبەتەن كۆپ ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان.

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار: a, e, ɨ, i, o, u, ö, ü

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلىرى مەۋجۇت بولۇپ بۇ خىل ئالاھىدىلىك بارغانسېرى ئاجىزلاشقا ۋە ئازلاشقا قاراپ يۈز تۇتماقتا. سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ah, eh, əh, oh, uh, öh، مەسىلەن: aht (ئات)، eht (ئەت)، oht(ئوت)، uhkgus(ئۆكۈز)، øhkbe (ئۆپكە) ...

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن قوشما سوزۇق تاۋۇشلار شەكىللەنگەن. ئۇلار: io, ia, ue, ua, iu, uo, ou, üe, ɨu...

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ رەسمىي ئۆلچەملىك تىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇ پۈتۈنلەي ئاغزاكى تىل سۈپىتىدە بىزگە بىلىنگەن. شۇڭا بۇ تىلدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېۋە - دىيالېكتلىرىغا ئوخشاشلا تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىش، چۈشۈپ قېلىش ھادىسىلىرى بىر قەدەر كۆپ.

غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا 28 ئۈزۈك تاۋۇش بار. ئۇلار:

b, p, d, t, g, k, G, q, f, w, zh,
ch, sh, ž, ĵ, č, š, z, s, x, γ, h, m,
n, ŋ, l, r, y

سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن سۈرەلىك قان - ياشلىق تارىخىدا موڭغۇل، تىبەت، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن تۈرلۈك ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەنلىكتىن بۇ تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بىر قەدەر كۆپ، ئەكسىچە ئەرەب - پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ناھايىتى ئاز.

سېرىق ئۇيغۇر تىلى ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان. مەسىلەن: b/p, k/g, d/t نۆۋەتلىشىش ھادىسىلىرى. مەسىلەن: das(تاش)، don (تون)، dik (تىك)، göz (كۆز)، gel (كەل)، peγ (بەگ)، perik (بۆرك) ...

ئەمما يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى « -γa » ئوغۇز تىللىرىدىكى « -a » غا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى « -γa »غا ئوخشايدۇ. سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى « -γan, -qan, -gen, -ken » بولۇپ، بۇ جەھەتتىنمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشايدۇ، تۈرك تىلىدىكى « -an، -en » قوشۇمچىلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا « b » تاۋۇشىنىڭ « m » تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىشى نۇقتىسىدىنمۇ ئوغۇز تىللىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشىشىدۇ، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدا « b » بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان تاۋۇشلارمۇ سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا

« m » بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: « m ʂ - بىز » ، « moyun — بويۇن ».

سېرىق ئۇيغۇر تىلى تارىخى ئورۇن جەھەتتىن « z » تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە دەپ قارىلىدۇ. يەنى سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تە ياغما، توخسى، قىپچاق، ياباقۇ، تاتار، قاي، چومۇل ۋە ئوغۇزلاردىن باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاش هالدا (ئاياق) azaγ، (ياياق) yazaγ، (تويماق) todmaq، jaz - (ياي -)، (بۆيۈك) bizəg شەكلىدە كېلىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساش ئەنئەنىسى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ياسالما سۆزلەردىن ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىسىم، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار.

_či: malči, yerči (ناخشىچى)، pudeγči (پۈتۈكچى)، (مەلۇم بىرى)، arači

_liγ _deγ _neγ: yulγïnnïγ (يۇلغۇنلۇق)، tigennïγ (تىكەنلىك) sažǳdeγ (چاچلىق)

_d ɾ q: moyind ɾ q (بويۇنتۇرۇق)

_qa, _γa, _qaş, _γaş: dartqa (چاچ قىسقۇچ)، gezγï (كىيىم)، yiγeş (يېمەك)، yuγeş (يۇغۇچ)

_q, _γ, _ q, _ïγ, _k: ulaγ, sadeγ (سېتىق)، emeγ (ئەمچەك)، d ʐïγ (تىزىق)، uhqaγ (ئۇخلاق)، yamaγ (ياماق)، ahsaq (ئاقساق)، bezik (بۆيۈك)، bozïγ (بوياق)، d üsek (چۈشەك)، y üdirik (يۆتەل ئاغرىقى)، yimisik (ئېمىزىك)

_ma, _me, _ba, _be:

čoq ɱa (ئورۇندۇق)، ɬïγ، örγenme (شاگىرت)، y ü uzuma (ئۇخلايدىغان)، yatma (ياتاق)، (كارىۋات)، satba (پىراكازچىك)، dikbe (تىككۈچى)

_jaq: yasdanjaq (ياستۇق قېپى)

_ ɱ: y ül ɱ (ئۆلۈم)

_maq, _mek: ɬmek (ئىلمەك)

_q ï g ɪ q ʂ q ï (قىسقىدىغان نەرسە)، nar q ï (نېرىقى)

_γaq, _γek: oynaγaq (ئويۇنچۇق)، išγek (دائىم ئىچىلىدىغان ئىچىملىك)، gezγek (كىيىم - كېچەك)

پېئىل ياسىغۇچى ۋە رەۋىش ياسىغۇچى ئايرىم قوشۇمچىلارمۇ بار.

سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ قىزىقارلىق هادىسە شۇكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەخس ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىك كۆپلۈك شەكىللىرى ئۈچۈن ئوخشاش بىر قوشۇمچە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سېرىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر قەدەر ئىپتىدائىي ۋە تەرەققىي قىلمىغان تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

| سۆز ئاخىرى | سوزۇق تاۋۇش | ئۈزۈك تاۋۇش |
|---|---|---|
| بىرىنچى شەخس | _ŋ | _ïŋ |
| ئىككىنچى شەخس | _ŋ | _ïŋ |
| ئۈچىنچى شەخس | _s ï | _ ï |

Menïŋ anaŋ: مېنىڭ (بىزنىڭ) ئانام (ئانىمىز)

senïŋ aqïŋ : سېنىڭ (سىلەرنىڭ) ئاغاڭ (ئاغاڭلار)

goniŋ gus ï : ئۇنىڭ (ئۇلارنىڭ) كالىسى

سېرىق ئۇيغۇرچە سانلار:

bir 1, šigi 2 , uš 3, diort 4, bes 5, aldi 6, yid ï 7, saG ʂ 8, doG ʂ 9, on 10, b ɾyγr ɱ ï 11, shigeyγïrm ï 12, ujyγrm ï 13, b ɾod ʂ 21, shigiod ʂ 22, diordon bes45, beson šigi 52, aldon uš 63, y üz, mïŋ, ayaq, yi

11 دىن باشلاپ ئوتتۇزغىچە بولغان سانلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش قۇرۇلمىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، سېرىق ئۇيغۇر تىلى بۇ جەھەتتە هازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىچىدە بىردىنبىر هېسابلىنىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇرچە جۈملە شەكىللىرىمۇ ناهايىتى ئىپتىدائىي بىر تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولۇپ، پېئىللارنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلى ئۈچۈن ɸ - p~ - p- قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: dro - bar ɸ dro؛ پېئىللارنىڭ ئېنىق هازىرقى زامان شەكلى ئۈچۈن ɸ - p~ - p- قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: yip bar؛ پېئىللارنىڭ ئاددىي هازىرقى زامان شەكلى ئۈچۈن dro _ v~ov - v~ - v-

قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: yiv dro ؛ پېئىللارنىڭ ئېنىق كەلگۈسى زامان شەكلى ئۇچۇن - Gïš~-γïš قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: gelγïš ؛ پېئىللارنىڭ ئاددىي كەلگۈسى زامان شەكلى ئۇچۇن dro - Gïš~-γïš - قوشۇلىدۇ، مەسىلەن: gelγïš dro.

ئەمدى سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى، كىشى ئىسىملىرى، ۋاقىت، يىل، ئاي، كۈنناملىرى ۋە بىر قىسىم دەل - دەرەخ ئۆسۈملۈك ناملىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىققا ئائىت ئاتالمىلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قارىغاندا بىر قەدەر مول. (ئەسكەرتىش: تۆۋەندىكى جەدۋەللەردە بېرىلگەن ئاتالمىلارنىڭ ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇللىرى ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتكە ئىگە.

| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا ئاتا - ئانا، بوۋا - موما ئاتالمىلىرى | | | |
|---|---|---|---|
| *thethe awaka* | ئۇلۇغ بوۋا | thethe anika | ئۇلۇغ موما |
| awaka (ðka) | بوۋا | anika | موما |
| a ça | دادا | ana | ئاپا |

| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا قېرىنداش ئاتالمىلىرى | | | |
|---|---|---|---|
| *aqa* | ئاكا | *Iñke* | يەڭگە ياكى يېزنە |
| *ïnï* | ئۇكا، ئىنى | *ïnï kheln* | |
| *qïzaqa* | ئاچا | *aqa* | |
| *sïñnï* | سىڭىل | | |
| *çhïqan aqa* | نەۋرە ئاكا | | |
| *çhïqan ïnï* | نەۋرە ئۇكا | | |
| *çhïqan qïzaqa* | نەۋرە ئاچا | | |
| *çhïqan sïñnï* | نەۋرە | | |

| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا تاغا - ھاما ئاتالمىلىرى | | | |
|---|---|---|---|
| ahka, pezïk a ça | تاغا، چوڭ دادا (دادىسىنىڭ ئاكىسى) | pezïk ana | ھاما، چوڭ ئانا |
| papa, kïhçïγ a ça | تاغا، كىچىك دادا (دادىسىنىڭ ئۇكىسى) | iji | ھاما، كىچىك ئانا |
| kuna | ھاما، چوڭ ئانا (دادىسىنىڭ ئاچىسى ياكى سىڭلىسى) | küyi | تاغا، چوڭ دادا |
| taqa | تاغا، (ئاپىسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئۇكىسى) | taγïni | ھاما |
| kuγi | ھاما، كىچىك ئاپا (ئاپىسىنىڭ سىڭلىسى ياكى ئاچىسى) | küyi | تاغا |

(**ئەسكەرتىش**: تۆۋەندىكىلەردە ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتى يوق)

| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا ئەۋلاد ئاتالمىلىرى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| *oγ ïl* | ئوغۇل | *sunzï oγ ïl* | ئوغۇل نەۋرە | *haçï oγ ïl* | جىيەن ئوغۇل (ئوغۇل قېرىندىشىنىڭ ئوغلى) | *iγin oγ ïl* | جىيەن ئوغۇل (قىز قېرىندىشىنىڭ ئوغلى) |
| *qï* | قىز | *sunzï* | قىز | *haçï* | جىيەن قىز | *iγin* | جىيەن قىز |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| (قىز قېرىندىشىنىڭ قىزى) | qɨz | (ئوغۇل قېرىندىشىنىڭ قىزى) | qɨz | نەۋرە | qɨz | | z |

| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا قېيىن ئاتالمىلىرى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قېيىنئاچا (ئېرىنىڭ) | kunasɨ | قېيىنئىنى (ئېرىنىڭ) | yohrçɨ | قېيىن ئاكا | qazɨn aqa |
| قېيىن سىڭىل (ئايالىنىڭ) | kɨhjɨγ kuγi | قېيىنئاچا (ئايالىنىڭ) | pezɨk kuγi | قېيىنئىنى (ئايالىنىڭ) | qazɨn ɨnɨ | | |

سېرىق ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرى: سېرىق ئۇيغۇرلاردا ئۇيغۇرچە ئىسىملار قويۇلۇش بىلەن بىرگە تىبەتچە، خەنزۇچە ۋە موڭغۇلچە كىشى ئىسىملىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرچە ئىسىملاردىن sutqɨz ، yakhɨr ياغ دېگىنى suthɨr سۈت دېگىنى ) ، sutpaqa ، yakhpaqa ، marjan ، qatun ، ay ، arslan ، tömür ، (patɨr)باتۇر قاتارلىق ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ. دىنىي سەۋەب تۈپەيلى، ئۇلاردا تىبەتچە ئىسىملارنى قويۇشمۇ خېلى كۆپ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپىنچىسى خەنزۇچە فامىلە ۋە ئىسىم قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ فامىلىلىرى قەبىلەناملىرىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن بولۇپ يۇقىرىدا كۆرسىتىلدى.

سېرىق ئۇيغۇرلاردا ۋاقىت ئاتالمىلىرى:

ئون ئىككى مۆچەل بىلەن يىل خاتىرىلەش سېرىق ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان ۋە بىزگە ئوخشاشلا « men yüt yillɨγ » دېگەندەك تىل ئادەتلىرى بار.

| سېرىق ئۇيغۇرچە | دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك | هازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى |
|---|---|---|
| shɨγan yil | sɨçγan yili | چاشقان يىلى |
| kus yil, uzh yil | ud yili | كالا يىلى |
| pahrsɨ yil | bars yili | يولۋاس يىلى |
| tusqan yil | tavışgan yili | توشقان يىلى |
| ulɨ yil | nek yili | ئەجدىها يىلى |
| yilan yil | yılan yili | يىلان يىلى |
| aht yil, yüt yil | yund yili | ئات يىلى |
| qoy yil | qoy yili | قوي يىلى |
| pejin yil | biçin yili | مايمۇن يىلى |
| tahqaγɨ yil | takagu yili | توخو يىلى |
| ɨsht yil | it yili | ئىت يىلى |
| toŋɨs yil | toŋuz yili | توڭگۇز يىلى |

سېرىق ئۇيغۇرلار ئون ئىككى ئاينى ئاتاش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

| سېرىق ئۇيغۇر تىلى | ئاغزاكى ئۇيغۇر تىلى | ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلى |
|---|---|---|
| pɨrɨnçɨ ay | بىرىنچى ئاي | يانۋار |
| ɨshkɨnçɨ ay | ئىككىنچى ئاي | فېۋرال |
| ühjinçɨ ay | ئۈچىنچى ئاي | مارت |
| törtɨnçɨ ay | تۆتىنچى ئاي | ئاپرېل |
| pisɨnçɨ ay | بەشىنچى ئاي | ماي |
| ahltɨnçɨ ay | ئالتىنچى ئاي | ئىيۇن |

| | | |
|---|---|---|
| yit ɨn çï ay | يەتتىنچى ئاي | ئىيۇل |
| saq ɨs ɨn çï ay | سەككىزىنچى ئاي | ئاۋغۇست |
| tohq ɨs ɨn çï ay | توققۇزىنچى ئاي | سېنتەبىر |
| on ɨn çï ay | ئونىنچى ئاي | ئۆكتەبىر |
| p ɨr – yiγïrm ɨn çï ay | ئون بىرىنچى ئاي | نويابىر |
| ɨshk ï – yiγïrm ɨn çï ay | ئون ئىككىنچى ئاي | دېكابىر |

سېرىق ئۇيغۇرلار بىر ھەپتىنى yit ï khun بويىچە بىرلىك قىلىپ بىر ھەپتىدىكى يەتتە كۈننى تۆۋەندىكىدەك ئاتايدۇ.

| سېرىق ئۇيغۇر تىلى | ئاغزاكى ئۇيغۇر تىلى | ئۆلچەملىك ئۇيغۇر تىلى |
|---|---|---|
| p ɨr ɨn çï yit ï | ھەپتىنىڭ بىرى | دۈشەنبە |
| ɨshk ɨn çï yit ï | ھەپتىنىڭ ئىككىسى | سەيشەنبە |
| ühjin çï yit ï | ھەپتىنىڭ ئۈچى | چارشەنبە |
| t ört ɨn çï yit ï | ھەپتىنىڭ تۆتى | پەيشەنبە |
| pis ɨn çï yit ï | ھەپتىنىڭ بەشى | جۈمە(ئازنا) |
| ahlt ɨn çï yit ï | ھەپتىنىڭ ئالتىسى | شەنبە |
| yit ɨn çï yit ï | ھەپتىنىڭ يەتتىسى | يەكشەنبە |

سېرىق ئۇيغۇر تىلدا يەنە باشقا ۋاقىت ئاتالغۇلىرى تۆۋەندىكىدەك:

| سېرىق ئۇيغۇرچە | ئۇيغۇرچە |
|---|---|
| khunt ɨs | كۈندۈز |
| th üni | تۈن، كېچە |
| ta ñqar | ئەتىگەن |
| ta ñqar ehrti | كۈن سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن |
| khort ɨ(< khunohrt ɨ) | چۈش |
| khuni ñker | چۈشتىن كېيىن |
| k ɨhjiγ khuni ñker | دەسلەپكى چۈشتىن كېيىن |
| pez ɨk khuni ñker | كېيىنكى چۈشتىن كېيىن |
| yi ñ ɨrta | كەچ |
| th ör ɨn | تەڭ كېچە |
| kiji th üni | ئەتە ئاخشام |

| سېرىق ئۇيغۇرچە | ئۇيغۇرچە |
|---|---|
| tahq ï orihk ɨn | بۇرناكۈن |
| orihk ɨn | ئۆزۈكۈن، ئۈلۈشكۈن |
| thoγïn | تۆنۈگۈن |
| puγïn | بۈگۈن |
| taγïn | ئەتە |
| Heγïn | ئۆگۈن |
| S ɨrahk ɨn | ئىندىن |
| unt ɨhrk ɨn | چىندىن (ئىندىننىڭ ئەتىسى) |

| سېرىق ئۇيغۇرچە | ئۇيغۇرچە |
|---|---|
| tahq ï orihkel | ئۈچ يىل ئاۋۋال |
| orihkel | ئۆزاقى يىل |
| p ɨht ɨr | بۇلتۇر |
| p öyl ï | بۇ يىل |
| thurti, yar ɨn | كېلەر يىل |
| t ör ɨm | ئىككى يىل كېيىن |

تۆۋەندە سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم دەل - دەرەخ ئىسىملىرى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: Terek (تېرەك)، aq yighash (ئاق ياغاچ)، qara yighash (قارا ياغاچ)، sar ğh yighash (سېرىق ياغاچ)، aq terek (ئاق تېرەك)، k ök terek (كۆكتېرەك)، thuuraq ḉhaghaan (ئاق توغراق)، k ük seg ɨt (كۆك سۆگەت)، Y ülgh ŋ (يۇلغۇن)، tal، Jighti (جىگدە)، Ahr ça (ئارچا)، Tihkin (تىكەن)، Lamthaq (يانتاق) ...

سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق تونۇش ئۈچۈن سېرىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى « شاراماق » بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى(ئەسكەرتىش: بۇ ناخشا تېكىستى « 歌 裕固族原生态民 »دا خاتىرىلەنگەن ناخشا ۋە بېرىلگەن مەتىن ئاساسىدا تۈرگۈزۈلدى):

šaramaq šaramaq boltïna moya
at ungen šaramaq atdïγ ɨr n ïmoya
qara taγ g ök k ögme duγïrt ïna moya
d ümaγan šaramaq bu boltïna moya
g ök deŋïr Gara qus duγïr t ïna moya

d ümaγan šaramaq bu boltïna moya
šaramaq šaramaq atdïγ irne moya
at ungen šaramaq boltïna moya

šaramaq: بىرمىللىي قەھرىمانىنىڭ ئېتى
at ungen: ئېتى چىققان، نامى تارالغان
atdïγ: ئاتلىق، نامدار
g ök: كۆك
k ögme: ئۆچكە
duγïrt ï: ئۈچرىدى، كۆچمە مەنىسى ئەسكەرتتى
deŋïr: تەڭرى
d ümaγan: تۇيمىغان
qus: قۇش

qol γuzu yas ŋa qoyči g ürti moya
qoy p ɨme šaramaq m ŋa dïγu moya
say γuzu yas ŋa šadči g ürti moya
šad p ɨme šaramaq m ŋa dïγu moya
qol γuzu yas ŋa yudči g ürti moya
yud p ɨem ïšaramaq m ŋa dïγu moya
šaramaq šaramaq boltïna moya
at ungen šaramaq atdïγ irne moya

qol: غول، دەريا
yas-: يوشۇرۇنماق، كۆمۈلمەك
p ɨme: pel ŋ، توپتىن ئايرىلماق
m ŋa: مانا
d ğu: دېدىغۇ
say: جىلغا
šad: موزاي، تورپاق
yud: ئات

o perγïm o perγïm orlanmawa moya
o y ṗdïŋ čiγïG ŋ minjar bosat moya
qar pïγim qar pïγim qarlanmawa moya
qar yipdiŋ čiγïG ŋ minjar bosat moya
šaramaq šaramaq boltïna moya
at ungen šaramaq atdïγ irne moya

perγ: بەگ
orlan-: ئاچچىقلان -
y ṗ-: ئاغامچا
čiγïG: چىگىش
minjar: ئاززاق
qar: قارا

belegden qalγanan pelek dorj ïmoya
perk q ẓ ŋ birerji bolt ṃ ken moya
čay ŋda Galγan Gara G ẓ ŋ moya
qan oγul qol ɽja bolt ṃ ken moya
dey Gasqa moya baγïndan qalγan ïbaγ
qanqa k ölγö bolt ṃ ken moya
g ökenden qalγan ïg öz ɨ doqd ïmoya
g ök ɨči manjïγa dutd ṃ ken moya
šaramaq šaramaq boltïna moya
at ungen šaramaq atdïγ irne moya

peleg: قول
pelek dorj ï: تىبەتچە كىشى ئىسمى، سېرىق ئۇيغۇرلاردا تىبەتچە ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ
perk: كۆزگە كۆرۈنگەن، ئالاھىدە ياخشى
birerji: bir + er+ ji، بىرەرچى، بىرىدىغان، بۇ يەردە ياتلىق قىلىنىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ
čay: ئوچاق بېشى
qan: قاغان، خان
qol ɽja: qol(قىلماق، تەلەپ قىلماق)+ ɽ+ja (تىلىمەك، تەلەپ قويىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ
baγ: ئاتنى قوزۇققا باغلايدىغان ئارغامچا، باغ
dey: ئىككى ئۈچ ياشلىق ئەركەك ئات

Gasqa : قاشقا، ھايۋانلارنىڭ پېشانىسىدىكى ئاق تۇك ئۆڭگەن يېرى

kölγö : مىنمەك

göken : ئارغامچا

göz ŀ : كۆز ئەتراپىدا بولىدىغان رەڭلىك چەمبەر، ھايۋانلارنىڭ كۆزەينىكى

doq : قوزا

ŀči : ئەلچى

manja : سەدىقە تاماق

o p ŗγïm o p ŗγïm minjar orlan moya
o y ṗdïŋ čiγïG ŉ minjar γatq ḋ moya
qar pïγïm qar pïγïm minjar qarlan moya
qar y ṗdïŋ čiγïG ŉ minjar γatq ḋ moya
šaramaq šaramaq bolt ï na moya
at ungen šaramaq atdïγ irne moya

γatq ḋ : γat+ q ḋ ، چىڭىت

qarlan_ : ئاچچىقلانماق

bačïmnïŋ Gara saž ĵ ümken b ŧg ï moya
or ugus yom ḋo ĵimqa warγï moya
qoGanïŋ qoŋïr qan dal ɏ bitg ï moya
oul ȿ yom ḋo dat ï urγï moya
qoGanïŋ aq soŋog ule b ŧge moya
oul ȿ yom ḋo dag ï urγï moya
al ŉnïŋ qos Garaq marm ï bitg ï moya
ard qalγan yom ḋo geri etgi moya
p ŗ ŉïŋγa g ürgeneŋ g özi qezeγi moya
p ŗ ŉïŋγa dat ġanïŋ dumsïγï qezeγi moya.

bač : باش

saž : ساچ، چاچ

ĵ ümken : ئۆت

b ŧ : پۈتمەك، ئايلانماق

or : oγur، ئۇيۇر، توپ

ugus : ئۆكۈز

yom ḋ : چۆرىسىگە ئېلىۋالماق، ئارىغا ئېلىۋالماق

ĵimqa : ĵi+m+qa(يېمەك)

war : بار

qoGa : كۆكرەك بوشلۇقى

qoŋïr : قوڭۇر

dal ɏ : دالاي، تالۇي، دېڭىز

oul ȿ : ئۇلۇس، ئادەملەر

dat ï : تېتىش

soŋog : سۆڭەك

ule : يولغا قويۇلغان تاش، توپا، ياغاچ دۆۋىسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار تاش ئارقىلىق يوللارغا بەلگە قويۇپ تاغ، يول تەگرىلىرىگە سېغىنغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆز ھەققىدە ئۆز ئەسىرىدە « چۆلدە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئۇلا بولسا يول ئازماس بىلىك بولسا سۆز يازماس _ بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا، سۆزدىن قايماس. چۆللەردە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە بولسا، يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا، سۆزدە يېڭىلىشمايدۇ.» دەپ يازغان.

dag ï : دۇئا تىلاۋەت

urγï : olγï ، بولماق مەنىسىدە

al ŉ : پېشانە

qos : قوش

Garaq : قاراق، كۆز قارىچۇقى

marm ï : بۇددا چىرىقى

ard : ئارقىدا

ger : بۇددا چىرىقى

p ŗ ŉ : ئالدىدا، دەسلەپتە

qezeγi : قىزارغاي

dumsïγ : تۇمشۇق

تەرجىمىسى:

شاراماقنىڭ ھېكايىسى ئەنە شۇنداق (مويا)
داڭقى چىققان شاراماقنىڭ ناخشىسى بۇ( مويا)
قارا تاغدا كۆك ئۆچكە يولۇققانىدى (مويا)
بۇنى تۇيماي شاراماق شۇنداق بولدى( مويا)
كۆك ئاسماندا ياۋا قۇش ئەسكەرتكەنتى( مويا)
بۇنى تۇيماي شاراماق شۇنداق بولدى( مويا)
ھەي، شاراماق، شاراماق، داڭقى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى(مويا)

يوشۇرۇنسا دەرياغا قويچى كۆردى (مويا)
قوي ئۈركۈدى، شاراماق مانا دېدى (مويا)
يوشۇرۇنسا جىلغىغا كۆرۈپ قالدى كالىچى،
موزاي ئۈركۈپ شاراماق مانا دېدى (مويا)
يوشۇرۇنسا غول سايان كۆرۈپ قالدى يىلقىچى
ئات ئۈركۈدى، شاراماق مانا دېدى(مويا)
ھەي، شاراماق، شاراماق، ئېتى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى.(مويا)

هاي هاي بېگىم، هاي بېگىم، ئاچچىقلانما (مويا)
ئارغامچىنىڭ چىگىكىنى ئازراق بوشات (مويا)
زالىم بېگىم، قارا بېگىم، غەزەپلەنمە (مويا)
ئاۋۇ قەبىھ ئارغامچىنى ئازراق بوشات(مويا)
ھەي، شاراماق، شاراماق، ئېتى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى.(مويا)

قولدا قالغان پېلىك دورجى (مويا)
ياخشى قىزغا ئۆيلىنەرمۇ (مويا)
ئوچاق بېشىدا قالغان بۇ قىز مويا
خان ئوغلىغا ياقارمىكىن (مويا)
باغدا قالغان شاش تايچاققا (مويا)
خان مىنەر چاغ بولدىمىكىن (مويا)
باغلاقتىكى قارا كۆزلۈك قوزىنى( مويا)
نەزىر قىلار چاغ بولدىمىكىن (مويا)
ھەي، شاراماق، شاراماق، ئېتى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى.(مويا)

هاي هاي بېگىم، هاي بېگىم، ئاچچىقلانما (مويا)
ئارغامچىنىڭ چىگىكىنى ئازراق چىڭىت (مويا)
زالىم بېگىم، قارا بېگىم، ئاز غەزەپلەن( مويا)
ئاۋۇ قەبىھ ئارغامچىنى ئازراق چىڭىت مويا
ھەي، شاراماق، شاراماق، ئېتى چىققان شاراماق،
نامى چىققان شاراماق شۇنداق بولدى.(مويا)

بېشىمدىكى قارا چاچ ئوت-چۆپ بولدى (مويا)
يەپ تويغاي بو چۆپلەرنى كالا قويلار (مويا)
كۆكرەكتىكى قىزىل قان دېڭىز بولدى (مويا)
ئېتىپ بۇنى ئۇلۇسلار بەھرە ئالغاي (مويا)
بەدەن ئىدە ئىكى سۆڭەكلەردىن ئۇلى پۈتسۇن( مويا)
ئەتراپتىكى خەلقلەر تاۋاپ قىلسۇن (مويا)
بۇ كۆزلىرىم بۇددىغا چىراق بولسۇن (مويا)
بۇددا قىلىپ ئەۋلاتلار تاۋاپ قىلسۇن مويا
مېنى دەسلەپ كۆرگەنلەرنىڭ كۆزى قىزارسۇن( مويا)
مېنى دەسلەپ تېپىسا ئاغزى قىزارسۇن (مويا)
**[تىلماچ: نۇرئەخمەت مەخمۇت (2008)]**

### سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى

سېرىق ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تاكى 18 - ئەسىرگىچە ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇنىڭغا مالوف سېرىق ئۇيغۇر رايونىدىن تاپقان مەشھۇر « ئالتۇن يارۇق »نىڭ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، كاڭشى يىللىرى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىسپات بولالايدۇ. يەنە بەزى مەنبەلەرگە كۆرە سېرىق ئۇيغۇرلار 20 - ئەسىرگە قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق ئۇيغۇرلاردىمۇ يېزىق بىلىش پەقەتلا دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ قالغاچقا، كېيىنچە تىبەت لاما دىنى ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەن شارائىتتا تىبەت تىلى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ تىلى بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ سېرىق ئۇيغۇرلاردىن دىنى ساھەدىكىلەر ياكى تەقۋادارلار تىبەت تىل - يېزىقىدىن خەۋەردار ئىكەن. بۇ خۇددى بۇندىن يۈز يىل بۇرۇن ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ ئەرەبچە ئۇققانلىقىدەكلا ئىش ئىدى.

يېزىقنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى « بىز سېرىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ چوقۇم تارىخى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن بىز تارىخنىڭ جىنايەتچىلىرىگە ئايلىنىمىز » (تۆمەن ئېرجان) دېگەن يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي سېرىق ئۇيغۇر تىللىرىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئورتاق لاتىن ھەرپلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن يېزىق بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىگە ئېلىش ۋە ئەۋلادلارغا ئۆگىتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلماقتا. نۆۋەتتە بۇ تۈردىكى ئىشلار سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونۇم ناھىيەسى سېرىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن ئىشلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار « ئۇيغۇر پۇچىگ » ژۇرنىلىنى ۋە « ئۇيغۇر سۆز پۈتۈك » ئاتلىق سېرىق ئۇيغۇرچە ئۆگىتىش قوللانمىسىنى مۇشۇ يېزىق بىلەن ئىشلەپ چىققان. گەرچە بۇ يېزىقتا قوشما ھەرپلەر زىيادە كۆپ ئىشلىتىلگەن ۋە تاۋۇشلار بەك مۇرەككەپ بولسىمۇ بىراق يەنىلا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى يېزىق ئېھتىياجى ئۈچۈن

ئىشلىتىلمەكتە.

شەرقىي ۋە غەربىي سىرىق ئۇيغۇر تىللىرىنى ئىپادىلەيدىغان لاتىن ھەرپلىرى جەدۋىلى

| سىرىق ئۇيغۇر ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | سىرىق ئۇيغۇر ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە |
|---|---|---|---|
| a | a | ng | ŋ |
| ə | ə | hh | x |
| e | e | gh | ɢ |
| i | i | kh | q |
| o | o | v | ɣ |
| u | u | h | h |
| ø | ø | j | dʒ |
| ü | y | q | tʃ |
| b | b | x | ʃ |
| p | p | y | j |
| m | m | zh | dʐ |
| f | f | ch | tʂ |
| d | d | sh | ʂ |
| t | t | rh | ʐ |
| n | n | w | v |
| l | l | s | s |
| g | g | z | z |
| k | k | r | r |
| vh | ʁ | lh | ɬ |
| غەربىي سىرىق ئۇيغۇرچىدىكى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش ھەرپلىرى | | | |
| ah | ah | oh | oh |
| əh | əh | uh | uh |
| eh | eh | øh | øh |

تۆۋەندە بۇ يېزىق بىلەن تۈزۈلگەن « يۇغۇر سۆز تۈپلىك » ئاتلىق يۇغۇر تىلى ئۆگىنىش قوللانمىسىدىن بىر تېكىستنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

《yovhər sɵz duplik》putək 《裕固语基础》例文

**ZONA YOLVHZ ɪRTE**

Bɪ meng togus yüz shige yevhərmu yil, liening moskawa gazivhning bɪ kəqivh tavhbashda olurp ol.

بىر مىڭ توققۇز يۈز ئون ئىككىنچى يىل، لېنىن موسكۋانىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر تاغ چوققىسىدا ئولتۇراتتى.

ol yerde bɪ zona asiramazhi bar er, liening nemen kəsi mangdirvh ane ʞegerip gelvh sɵz mang`γarasip, Bɪ ʞaatda, liening ol kəsine deleivh zona navhp asirama yadalne mang`γarasin saγenep dro.

ئۇ يەردە بىر ھەسەل ھەرىسى باققۇچى بار ئىدى، لېنىن دائىم كىشى ماڭدۇرۇپ ئۇنى چاقىرىپ گەپلىشەتتى، بىر قېتىم لېنىن ئۇ

كىشىنى چاقىرىپ قانداق هەرە بېقىش هەققىدە پاراڭلىشىشنى ئىستىدى.

nemen ane delemi ĸəsi mundavh deip__ol moskwavh baripdə, dovhər ĸəsilar hos ol ĸayda olurvhn yerne bulmis er dide, liening uzu ane delevh barp diro。

دائىم ئۇنى ئىزدەپ بارىدىغان كىشى مۇنداق دېدى: ئۇ موسكۋاغا كېتىپتۇ، باشقا كىشىلەرنىڭ هېچقايسىسى ئۇنىڭ قەيەردە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز دېدى، لېنىن ئۆزى ئۇنى ئىزدەشكە باردى.

Liening b ɨryakda mang ᵽ , b ɨr yakda γarap dro, yol γezvhning meidok əshide zona kɵprik gɵzdep dro, ol gɵng`ulvh ane salvh γarap, zonalar mi savhəp meikdi ur dro.

لېنىن ماڭغاچ ئەتراپقا قاراپ ماڭدى، يول بويىدا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەردە نۇرغۇن هەسەل هەرىلىرىنى كۆردى، لېنىن هەسەل هەرىلىرىنىڭ هەسەل يىغىۋاتقىنىغا قاراپ،

yolning gezvhmda b ɨr ĸəqivh y ü bardide, liening mang ᵽ ol y üning udurvh etep, peirpde sik b ɨr, sik ashma kəsila zhou ol zona asirama, ol lieningne bur gɵrvhandan aliĸap dro,

يولنىڭ بويىدا بىر كىچىك ئۆي بار ئىدى، لېنىن مېڭىپ ئۇ ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ، ئىشىكنى چەكتى، ئىشىك ئاچقان كىشى هەسەل هەرە باققۇچىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، ئۇ لېنىننى كۆرۈپ هەيران بولۇپ:

___yahshmu sen ?dep dro, liening kulup__bu yol gezdan b ɨr zona asrima bar mu dide, __menla ere, navho muda deleivh gelde sen, ol deip. ___Sening zona mene munda əzirdep gelde, liening kulum jirevh bolup dep。

— ياخشىمۇ سەن، دېدى. لېنىن كۈلۈپ: بۇ يول بويىدا بىر هەرە باققۇچى بارمۇ؟ دېدى. مەن شۇغۇ، بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ، دېدى ئۇ. سېنىڭ هەرىلىرىڭ مېنى باشلاپ كەلدى، لېنىن كۈلۈمسىرەپ شۇنداق دېدى.

yəngγas sɵzlar

| سېرىق ئۇيغۇرچىسى | ئوقۇلىشى | مەنىسى |
|---|---|---|
| Zona | [zona] | هەرە |
| yol | [yol] | يول |
| b ɨr | [b ɨr] | بىر |
| meng | [meŋ] | مىڭ |
| y üz | [y üz] | يۈز |
| togus | [togus] | توققۇز |
| shige | [shige] | ئىككى |
| yevhərmu | [yeγərmu] | يىگرمە |
| yil | [yil] | يىل |
| liening | [lieniŋ] | لېنىن |
| moskowa | [moskowa] | موسكۋا |
| γazivh | [γaziγ]: | ياقا، چەت |
| kəqivh | [kəqiγ]: | كىچىك |
| tavhbashda | [taγbashda] | تاغ بېشى، چوققىسى |
| olur | [olur] | ئولتۇرماق |
| ol | [ol] | ئۇ |

| | | |
|---|---|---|
| yer | [yer] | يەر |
| asiramazhi | [asiramazhi] | ھەرە باققۇچى |
| bar | [bar] | بار |
| er | [er] | مۇتلەقلىقنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز |
| nemen | [nemen] | دائىم |
| kəsi | [kəsi] | كىشى |
| mang | [maŋ] | ماڭ |
| ane | [ane] | ئۇنى |
| ʁeger | [ʁeger] | تەكلىپ قىلماق |
| gel | [gel] | كەل |
| mang`ɣara | [maŋ`ɣara] | پاراڭلاشماق |
| ʁaatda | [ʁaatda] | قېتىم |
| delei | [delei] | ئىزدەش |
| navhp | [naɣp] | قانداق |
| yaldal | [yaldal] | ئىش |
| saɣen | [saɣen] | سېغىن |
| mundavh | [mundaɣ] | مۇنداق |
| deip | [deip] | دەپ |
| dovhər | [doɣər] | باشقا |
| hos | [hos] | ھەممە |
| ʁayda | [ʁaida] | قايدا |
| bul | [bul] | بىل |
| uzu | [uzu] | ئۆزى |
| b ɽyak | [buryak] | بىر ياقتىن |
| ɣarap | [ɣarap] | قاراپ |
| ɣazvh | [ɣazɣ] | ياق |
| kɵp | [kɵp] | كۆپ |
| gɵzdep | [gɵzdep] | كۆرۈپ |
| gɵng`ul | [gɵng`ul] | كۆڭۈل |
| salvh | [salɣ] | قويماق |
| savhəp | [saɣəp] | يىغىش |
| meidok | [meidok] | گۈل |
| y ü | [y ü] | ئۆي |
| udur | [udur] | ئۇدۇل |
| etep | [etep] | يېتىپ |
| peirp | [peirp] | چېكىش |
| sik | [sik] | ئىشىك |
| ash | [ash] | ئاچ |
| zhou | [zhou] | نەق |
| aliʁap | [aliʁap] | ھەيران قالماق |
| yavhsh | [yaɣsh] | ياخشى |

| | | |
|---|---|---|
| كۇلۇپ | [kulup] | kulup |
| كۇلۇمسىرەش | [kulum jireγ] | kulum jirevh |

**پايدىلانمىلار:**

1. ئابلىز ئورخۇن: « روھ يىلتىزىنى ئىزلەپ »، « مىراس » ژۇرنىلى 2004 ـ يىلى 6 ـ سان
2. ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: « سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ بوگۈنى ھەققىدە »، « مىراس » ژۇرنىلى 2003 ـ يىلى 5 ـ سان
3. مەھمۇد كاشغەرىي: « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل
4. 裕固族原生态民歌，中国国际广播音像出版社
5. 西部裕固语描写研究，钟进文，民族出版社，2007年
6. 裕固民族尧熬尔千年史，铁穆尔，民族出版社，2005
7. 尧熬尔文化，2010年1期
8. 肃南裕固族自治县裕固族文化研究室网站：http://www.yovhur.com/
9. The western yugur Steooe http://members.home.nl/marcmarti/yugur/
10. 突厥学导论，买提热依木·沙依提，民族出版社，2004年

مۇھەررىرى: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009) كوررېكتورى: خانقىز مەتتوختى (2007)






روزىھاجى ئىمام (2008)

ئىلگىرى بىزنىڭ مەھەللىمىزگە كېلىدىغانلارنىڭ مەھەللىمىزنى بازارغا تۇتاشتۇرىدىغان ئوڭغۇل- دوڭغۇل تاشلىق يولدا مېڭىشىغا توغرا كېلەتتى. ئىككى قاسىنىقىدا قېرى جىگدىلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يوللار مەھەللىمىزنى تولىمۇ سىرلىق كۆرسىتەتتى. مەھەللىلەر ئارىسىدا زەيكەشلىكلەر بولاتتى. بۇ يۇرتلاردا ھەر يازلىقى نۆۋەت بىلەن بېرىلىدىغان سۇدا ئېتىزلار سۇغۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەھەللىلەردىن كەلگەن ئاشقان-تاشقان سۇلار ئەنە شۇ زەيكەشلىكلەرنى تولدۇراتتى. كەڭرى چېپىلغان زەيكەشلەرنىڭ ئىچىدە ئاندا-ساندا ئوتلار ئۆسۈپ قالاتتى.

مەھەللىدە سۇ قىس ئىدى. ئۇششاق - ئۇششاق، دانچە-دانچە قۇم ئارىلاشقان قىزىل سۇ يەنە ھەر تەرەپكە سوزۇلغان چوڭ - كىچىك ئېرىقلارغا، ئېتىزلارغا قۇيۇلمىسا بولمايتتى. سېغىز توپىسى ۋە قۇم ئارىلاش قىزىل سۇ بولسا بۇ مەھەللىلەرگە ئاساسەن نۆۋەت بىلەن ھەپتىدە بىر قېتىم كېلەتتى. بەزىدە تېخى ۋاقتى - قەرەلىدە كەلمەي قىلىپ، ئېرىقلار قۇرۇپمۇ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان مەسچىتنىڭ يېنىدىكى كۆلنىڭ سۈيى خېلىلا پەسلەپ كېتەتتى. بۇ يەردىكى مەھەللىلەردە كۆللەر سۇ مەنبەسى ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقىمىكىن، كۆل ۋە مەسچىت ئەتراپلىرى ھەر ۋاقىت ئاۋات بولاتتى. بۇ كۆللەرنىڭ ئورنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، سۈيىنىڭ ئاز كۆپلىكى ۋە سۈزۈك ياكى لاتقىلىقىغا قاراپ بۇ كۆل تەۋە يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىغا باھا بېرىشكىمۇ بولاتتى.

بىزنىڭ مەھەللىكىدىكى كۆلنىڭ سۇ تولۇپ تۇرغان ھالىتىنى كىچىكتىن - چوڭغىچە ئۆز دەۋرىگە شاھىد بولغۇچىلار سۆيۈنۈپ ھېكايە قىلىشاتتى. بۇ كۆل تالاي كىشىگە سۇ بەرگەن. تىرىكچىلىككە يول بەرگەن. ھەتتا مەنىۋىي جەھەتتىن كىشىلەرگە ئاجايىپ بىر روھ بەرگەن.

— مۇشۇ يوغان - يوغان ئۆيلەرنى بىز ئۈچ كېلىن كۆل سۈيىنى چېلەكلەپ ئەكېلىپ لاي ئېتىپ سېلىپ چىققانمىز... ھەي، شۇ ۋاقىتلاردا ياش ۋاقىتلىرىمىز ئىدى، بىلەكنىڭ كۈچى بار چاغلار ئىكەنتۇق، — دېدى ئىككىنچى كېلىن ئىپى - يەڭگىلەرنىڭ ئۆيىدىكى باللار بىلەن چۇرقىرىشىپ ئوينىشىۋاتقان بالىلىرىغا قارىغاچ، كۆك پاختا گۈللۈك پىيالىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ.

— ھازىر ھەممە ئىش ئاسان بولۇپ كەتتى جۇما ! — كەنجى كېلىنچەكنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرغان چوڭ كېلىن ئىران نۇسخىسىدىكى ياغلىقىنى چىڭ چىگكەندىن كېيىن گەپ قاتتى،- كېلىن بولماقمۇ بەك ئاسان بولۇپ كەتتى.

— « ھاي، نېمىگۈل ... پالانى ئىشنى پوكۇنى قىلدىڭلارما؟» ... دەيدىغان ئالماس دېھقان تۇمىقىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى ئەستىرىنى ئۆرۈپ كىيىۋېلىپ ھېچكىمنى ئىشقا بۇيرۇماس بولدى - دە! - دېدى يەنە كېلىنلەرنىڭ ئىككىنچىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

— ھەجەپ، دەۋرىشتىلە جۇمۇ يەڭگە مۇشۇ گەپنى ... ئۇ چاغدا بالا - چاقىلىرى، ئەر - خوتۇن ئىككىلىرى ئاش - نان يەپ، يېتىپ - قوپىدىغان ئۆي بولغانىدىكىن

ئىشلەشكەن بولغىيتتىلە؟ مەنمۇ يېڭى كېلىپلا يوغان چېلەكتە سۇ تۇشۇغان... — بۇ سۆزلەرنى ئىككىنچى كېلىنگە دوق قىلىپ ئۇنىلۇك دەۋەتكەن كېلىنچەك قېيناتىسى تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپقىنا قارىۋەتتى.

ئۇ چاغلاردا، كۆل سۈيىنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. بۇ كۆلدە سۇ بولمىسا زادى بولمايتتى. مەھەللىمىزدىكىلەر تۇربا سۈيى ئىچمەيدىغان بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق سۇ كۆپ كېتىدىغان قۇرۇلۇش ئىشلىرىغىمۇ كۆلنى يىراق كۆرمەي سۇنى توشۇپ ئەكىرىدىغان گەپ ئىدى. ياز كۈنلىرى كۆل بويىدىكى پور سۆگەتلەرنىڭ ئاستىدا سايىداپ پاراڭغا كېتىشكەن كىشىلەر، قايسىدۇر بىرىلىرىنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىشىپ، پىخىلداپ كۈلۈشىۋاتقان خوتۇنلار... شۇنداق، بۇ كۆل تالاي ۋەقەلەرگە، تالاي پاراڭلارغا شاھىد بولغان.

— سۇغا چىقىلىمۇ سۇلايمان ئاكا، قانداقراق ئەھۋاللىرى؟ تېنچلىقمۇ؟ تىنىچ - ئامان تۇرۇپلىمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى تېلىۋالدى تۆمۈرچى سىپايىلىك بىلەن كۆلدىن سۇ ئېلىپ قايتماقچى بولۇپ تۇرغان، ئارقا كوچىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە ئولتۇرىدىغان سۇلايمان قاسساپنى كۆرۈپ. تېلىۋالدى تۆمۈرچى مۇڭداشقاق ئادەم ئىدى، ئۇ مەھەللىدىكىلەر بىلەن پات - پاتلا ئۇزۇن - ئۇزۇن مۇڭدىشىپ قالاتتى. شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ ئۆيى كۆل بويىدىلا بولسىمۇ، سۇ ئالغىلى چىققاندا راۋرۇسلا ھايال بولۇپ قالاتتى.

- تىنچلىق، خۇداغا شۈكرى. ئۆزلىرىمۇ تىنىچ - ئامان تۇرۇپلىمۇ، سىلىمۇ سۇغا چىققانمىتىلە؟ — سۇلايمان قاسساپ سۆزلىگەچ چېلەكلىرىنى ئەپكەشنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئېلىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. گەرچە شام نامىزىغا يەنە خېلى ۋاقىت بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ رامىزان مەزگىلى بولغاچقا سۇلايمان قاسساپ ئۆيىگە بەك ئالدىراۋاتاتتى.

- سائادەتخان ئاچام قانداقراق تۇرىدۇ؟ يوقلاپ كىرمەكچى ئىدىم ، يېقىنىدىن بۇيان بىر ئاز ئالدىراش بولۇپ قالدىم، - دەپ يەنە گەپ سورىدى تېلىۋالدى تۆمۈرچى.

— ھەئە، ئانامنىڭ ئەھۋالىمۇ خېلى ياخشى، خۇداغا شۈكرى، — دېدى سۇلايمان قاسساپ جىلمىيىپ. سائادەتخان ئاچا بۇ مەھەللىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ سانىلىدىغانلاردىن ئىدى. بۇ مەھەللىدە كۆلنىڭ سۈيىنى ئەڭ كۆپ ئىچكەن كىشىلەر بىر - بىرلەپ، ئارقا - ئارقىدىنلا دېگۈدەك يورۇق ئالەمدىن ۋىدالاشماقتا ئىدى. ئېغىر - ئېغىر مۇڭلارغا چۆمگەن مېھرىبان قەدىمىي كۆل ئەڭ كۆپ ئەجرى سىڭگەن، ئۆزىگە ئەڭ ئۇزۇن ھەمراھ بولغان قەدىناس باللىرىدىن كۈنلەرنىڭ توختاۋسىز ئۆتىشى بىلەن يۈرىكى قىيالمىغان ھالدا ئايرىلىپ قالماقتا ئىدى.

سۇلايمان قاسساپ ئۆيىگە ئالدىرايتتى. دوختۇرخانىدىن ئۆيگە ئەكېلىنگەن بۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان سائادەتخان ئاچىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، پۇت قولىغا ماغدۇر كىرىشكە باشلىدى. تېلىۋالدى تۆمۈرچى ئۆيدە ئاغرىق بار ئادەمنى ئۇزۇن پاراڭغا تۇتۇپ تۇرۇۋېلىشتىن ئەيب ھېس قىلدى بولغاي، سۆزنى كېسىپ، سۇلايمان قاسساپ بىلەن خوشلىشىپ، ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە مېڭىۋىدى قوشنىسى ئۇچراپ قالدى.

— ھازىر ھەممە ئادەم تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى. تۇربا سۈيى ئەرزان ھەم قولاي ئەمەسمۇ؟ — دېدى تېلىۋالدى تۆمۈرچىنىڭ قوشنىسى ئەركىن بورداقچى ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋېتىپ. ھازىر بۇ كۆلدىن سۇ ئىچىدىغان يالغۇز تېلىۋالدى تۆمۈرچىلا قالغان ئىدى. تېلىۋالدى تۆمۈرچى يازلىقى مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى، قىشلىقى شەھەرگە كېرىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ كۆل بويىدىكى ئۆيدە ياز كۈنلىرى تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنىمۇ قىلىپ قوياتتى. بەزىدە مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆي ئىشلىرى ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر ئەسۋابلىرىنى پارچە - پۇرات سوقۇش، تۈزلەش، چارقىلاش دېگەندەك ئىشلىرىنىمۇ قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇ مەھەللىمىزدىكى ھەممەيلەن بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ، پاراڭلىشىپ ئۆتەتتى.

- تۇرۇبا سۈيىنى سۈزۈك، تەمىمۇ ياخشى بولىدۇ دېيىشىدىكەن. ئاڭلىسام قويلار بۇ تۇربا سۈيى دېگەننى بەك ئىچەرمىشقۇ؟ — دەپ سورىدى تېلىۋالدى تۆمۈرچىمۇ قوشنىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ.

— ھەئە، قوي - كالا، ئات - ئۇلاغنىڭ ھەممىسى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشىدۇ. شۇڭا ھەممەيلەن تۇرۇبا سۈيىگە كۆنىشىۋاتىدۇ.

ئەمدى يوغان بىر كۆلنىڭ سۈيى سىلىگە ئوڭچىلا قالدى - دە، ئۇستام — ئەركىن بورداقچىنىڭ تېلىۋالدى تۆمۈرچى بىلەن گەپتە چېقىشىپ قويىدىغان خۇيى بار ئىدى. ئۇ ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى بىر ئوينىتىپ قويدى.

— ھەئە، تۇغۇلغىنىمدىن تارتىپ مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ئىچىپ قانغىنىم يوق، رىسقىم بولسا يەنە ئىچىمەن، — تېلىۋالدى تۆمۈرچىنىڭ قوشنىسىنىڭ گېپىگە يارىشا گەپ ياندۇرۇپ قويغۇسى كەلمىدى، ئۇنىڭ ئېسىگە ئەركىن بورداقچىدىن بىر ئىشنى سوراپ بىلىۋالغۇسى كەلدى، — ھە راست، سائادەتخان ئاچامنىڭ كېسىلىگە دوختۇرلارنىڭ ئاسما ئوكۇلى پايدا قىلماي، مۇشۇ كۆلنىڭ بىر پىيالە سۈيى پايدا قىلدى دەيدىغۇ؟

- سائادەتخان ئاچام تازا قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى ئىكەن، — ئەركىن بورداقچى ھېجىيىپ تۇرغان چىرايىنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىپ، تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى باشلىدى، — ئەھۋالى ناچارلىشىپ قالغان سائادەتخان ئاچام باللىرىغا ئۇزۇن - ئۇزۇن گەپلەرنى قىپتۇ. ئۇ باللىرىغا دەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ، پەرزەنتلىرىنىڭ رازىلىقىنىمۇ ئاپتۇ. ئۆيدىكى ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىگە ياش تولغان ھالدا سائادەتخان ئاچامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى تىڭشاپتۇ. سائادەتخان ئاچامنىڭ باللىرى كۆڭلىدە « ئەمدى ئانىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغىنىمىزغا بەكمۇ ئاز ۋاقىت قالدى » دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن سائادەتخان ئاچا شۇنچە ئېغىر ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ يەنىلا بەك سەگەك ئىكەن. باللىرىنىڭ قىلغان گەپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چۈشىنىدىكەن، نەۋرىلەر يېنىغا كېلىپ « چوڭ ئانا » دەپ قوللىرىنى تۇتقىنىدا، سائادەتخان ئاچام نەۋرىلىرىنىمۇ بىرمۇ - بىر تونۇپ ئايرىيالايدىكەن. بىر چاغدا سائادەتخان ئاچامنىڭ سۇ ئىچكۈسى كېلىپ، كېلىنى گۈلىستانغا سوغۇق سۇ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈلىستان پىيالىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ كۈپتىن بىر پىيالە سۇ ئاپتۇ. ئۇ كۈنى تۇرۇبا سۈيى توختاپ قالغان بولۇپ، كۈپتىكى سۇ بولسا ئىككى كۈن بۇرۇن تۇرۇبىدىن ئەكىرىپ قويغان سۇ ئىكەنتۇق. گۈلىستان پىيالىدىكى سۇنى كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ، ئەجەپ بۇگۈن تۇرۇبىدا سۇ يوقكىنا؟ ھەرنېمە بولسا كۈپكە سۇ ئېلىپ قويغان ئىكەنمىز. ھە راست، سۇلايمان قاسساپ ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن قايتىپ كىرگىنىدە ئۆيدىكىلەرگە « يۇقارقى مەھەللىدە يولنى كولاپ سۇ تۇرۇبىسىنى ئوڭشاۋېتىپتۇ » دېگەن ئەمەسمىدى؟ دېگەنلەرنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئەسلىدە كۈپتىن ئالغان بۇ سۇ ھازىرلا تۇرۇبىدىن ئالغان سۇدەك سوغۇق بولمىغاچقا، گۈلىستان بۇ سۇنى سائادەتخان ئاچامغا سوغۇق كەلمەيدۇ دەپ بىلىپ، كۆتۈرۈپلا سائادەتخان ئاچامنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. سۇلايمان قاسساپ بىلەن گۈلىستان سائادەتخان ئاچامنى ئاۋايلاپ يۆلەپ سۇنى ئىچكۈزمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن ئۇلار سۇنى نەچچە قېتىم سائادەتخان ئاچامنىڭ لىۋىگە يېقىن ئەكەلگەن بولسىمۇ، سائادەتخان ئاچام ئىچكىلى ئۇنىماپتۇ. پەرزەنتلەر خېلى زورلاپمۇ بېقىپتۇ. ئاخىرى سائادەتخان ئاچام « ماڭا كۆلنىڭ سۈيىنى ئەكىرىپ بېرىڭلار، ئاشۇ سۇنى ئىچكۈم كەلدى » دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇلايمان قاسساپ ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كۆلدىن ئىككى چېلەك سۇ ئەكىرىپتۇ. سائادەتخان ئاچام كۆلدىن ئەكىرگەن سۇدىن ئاز - ئازدىن يۇتۇپ بىر پىيالىدەك ئىچىپتۇدەك. شۇڭا بىر نەچچە كۈندىن بۇيان سائادەتخان ئاچامنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ، خېلى ماغدۇرىغا كەپتۇمىش..

— سائادەتخان ئاچام نېمىشقا كۈپتىكى تۇرۇبا سۈيىنى ئىچمىدىكىنا؟ — تېلىۋالدى تۆمۈرچى ئالدىراپلا ئەركىن بورداقچىنىڭ گېپىنى بۆلىۋەتتى.

— شۇ، مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، سائادەتخان ئاچام كۈپتىن ئالغان سۇنىڭ پۇرىقىنى پۇراپلا ئىچمىگەنمىش. تۇرۇبا سۈيى دېگەن پۇرىمايدىغان بولمىسا، چوقۇم كۆل سۈيىنىڭ پۇرىقى ئېسىدىن چىقمىغان گەپ. كۆل سۈيىنىڭ تەمىنى كۆڭلى تارتقان ئوخشايدۇ. زادىچۇ، بۇ كۆلنىڭ سۈيى خۇدانىڭ ئاپتىپىنى كۆرگەن، ئەركەك سۇ جۇمۇ.

- توغرا، ھەقىقىي ئەركەك سۇ - دە بۇ. بىزدەك دېھقان خەققە زەرەرى يوق. ھەي،

ئادەم ياشقا چوڭ بولۇپ قالغاندىكىنزە ئاغرىق - سىلاقتىن ساقلانمىقى تەس... خۇدايىم ھەممىمىزنىڭ تېنىنى سالامەت قىلسۇن، مەھەللىمىزدىكى چوڭلارنىڭ ئۆمۈرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!

—— راست، دەيلا بۇ مەھەللىمىزدە كونىلارمۇ كۆندىن - كۈنگە ئاز قېلىۋاتىدۇ، ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئىگىمىز ئۇلارغا ساقلىقنى ئاتا قىلسۇن. مەھەللىمىزنىڭ ئەل - جامائىتى بارغانسېرى ئاۋۇپ تۇرسۇن!

ئۇلار يەنە بىر قانچە ئېغىزدىن مەھەللىدىكىلەرگە ياخشى تىلەكلىرىنى تىلەشتى. قۇياش نۇرى ئاستا - ئاستا ئاجىزلاپ قىزغۇچ رەڭگە كىرىشكە باشلىدى. بۇ ئىككى قەدىناس قوشنىلارمۇ ئەمدى ئۆيلىرىگە قايتىپ ئېپتارغا تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ، ئېپتارلاپ چىقىپ كېتىشكە زورلاشتى. قۇياش بارا - بارا تاغ چوققىسىغا قوندى. تۆت ئەتراپىنى ياپىيېشىل سۆگەتلەر قاپلىغان، ئۈنىڭدىن سەل نېرىراقتا تېرەكلەر رەت - رەت قىلىپ تىكىلگەن كۆل بۇ ۋاقىتتا ئادەتتىكىدىن بەكراق گۈزەللىشىپ كېتەتتى. زۇمرەتتەك كۆل سۈيى شەپەق نۇرىدا جىمىرلايتتى.

* * *

ۋاقىت توختىماستىن ئۆتىۋېرىدۇ، ئادەملەر كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ ۋە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم بولىدۇ. قۇياشنىڭ كۈندە شەرقتىن پارلاپ چىقىشى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ ياشاش شەكلى ئوخشاشمايدۇ. نۇرغۇن نەرسە يەنىلا مۇقەررەر بىر تۇرغۇنلۇق ئىچىدە ئەمەس، بەلكى توختاۋسىز ئۆزگىرىشچانلىق ئىچىدىدۇر.

مەھەللىمىز كۆلنى چۆرىدەپ جايلاشقان ئىدى. مەھەللىمىزدىكى چوڭلار يول بويلىرىدا ئولتۇرۇپ، ياكى كۆل بويلىرىدا تۇرۇپ بىر دەم - يېرىم دەم دەم ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ پاراڭلاشقىنىدا، بۇ ئەزىز كۆلىمىزنى مەھەللىمىز بىلەن تەڭ ياشتا دېيىشىدۇ. مەھەللىمىز قاچانلاردا مەھەللە بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ. ئۇلارمۇ چوڭ دادامدىن شۇنداق ئاڭلىغانمەن، ياكى بوۋىمىز شۇنداق دېگەنىكەن، دەپ گەپنى تۈگەللىشىدۇ. مەھەللىمىز « ئايكۆل مەھەللىسى » دەپ ئاتىلىدۇ. مەھەللىمىز يىراق - يېقىندىكى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان مەنزىرىسى گۈزەل، كوچا - كويلىرى پاكىزە، گۈلدەك چىرايلىق بىر مەھەللە ئىدى. كۆپىنچە گەپلەر ئاشۇنداق ئۇ - بۇ ھەققىدە بولۇنۇپ، بەزىدە مەھەللىمىزدە غەيرى ۋەقەلەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىگە مەركەزلىشەتتى. چوڭلار بارغانسېرى يەر - زېمىننىڭ قىستىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، بۇرۇنقىلارنىڭ « زامان ئاخىرىغا بارغاندا ئات تۇيىقى دەسسىگۈدەك يەرمۇ بىكار قالمايدۇ » دېگىنى راست ئوخشىمامدۇ؟ —— دېيىشىپ قالاتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى نۇرغۇن مەھەللىلەردە يېڭى - يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. تېرىلغۇ يەرلەر ئازلاشقا باشلىدى. ئەمدى ئادەملەر دېھقانچىلىقنى قىلمىسىمۇ، جېنىنى جان ئېتىپ كېتەلەيتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە ئۆزىنىڭ كۆزى يېتىدىغان جان بېقىش ئۇسۇللىرى بار - دە! بۇرۇنلاردا، مەھەللىمىزدىكىلەر مۇشۇ يۇرتتا ياشاپ، سىرتلارغا بەكمۇ ئاز دېگۈدەك چىقاتتى. ھازىر مەھەللىمىزدە ئۇ يەر - بۇ يەرلەردىن كەلگەن ھەرخىل تەرمە ئادەملەر ئاۋۇشقا باشلىدى. شۇنداقلا بۇ يەردە ھاياتنىڭ يەنە بىر خىل رېتىمدا داۋام ئېتىشى باشلانغان بولدى. مەھەللىدە كۆل سۈيىنى ئەمدى سائادەتخان ئاچىدىن باشقا ھېچكىم ئىچمەيتتى. سۇلايمان قاسساپ ئانىسىنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن كۈندە كۆلدىن ئىككى چېلەك سۇ ئەكىرەتتى. سۇلايمان قاسساپنىڭ ئۆيىدە سائادەتخان ئاچامدىن باشقىلار تۇرۇبىنىڭ سۈيىنى ئىچىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بازاردىن بىر يېڭى تۈنكە تۇڭنى سېتىۋېلىپ، كۈپنى سائادەتخان ئاچامنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلەتتى.

« كۆلنىڭ بويى » دېگەن بۇ سۆز كۆلگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر ياخشى ئاتاش ئۇسۇلى ئىدى. كۆلنىڭ بويى دېگەن گەپ مەھەللىمىزدىكى ھەممىمىزنىڭ ئاغزىغا ناھايىتى يۇمشاق، تولىمۇ چاققانلا كېلەتتى. كۆلنىڭ بويى مەھەللىمىزدىكى ئەڭ ياخشى جاي بولۇپ، بىرەر جاينىڭ ئورنىمۇ كۆلنىڭ

پالانى تەرىپىدىكى پالانى جاي، ياكى كۆلنىڭ پالانى تەرىپىدىن پالانچى يىراقلىقتىكى جاي دەپ تەرىپ قىلىناتتى. بۇ مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ كۆلگە بولغان چوڭقۇر مېھرىدىن ۋە سۆيگۈسىدىن بولسا كېرەك.

بىر كۈنى سائادەتخان ئاچا ھويلىغا خاپا چىراي كىرىپ كەلدى. ئۇ بالىسى سۇلايمان قاسساپنى كۆرۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

- بالام، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ

- ھە؟ ئەجەپ بىر غەلىتىلا سېزىمىنا؟ ئادەملەر نېمىشقىكىن بىر قىسمىلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى؟

- ئانا، نېمە ئىش بولدى؟ نېمىگە بۇنداق گەپلەرنى دەپقاللا؟

— ئېبىيام، كۆل بويىغا چىقىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كىرگەنىدىم، مەھەللىمىزدىكى نۇرغۇن ئىشلار قالايمىقانلا بىلىنىپ كەتتى. قارىساڭغۇ ھەممە يەر ئاۋاتتەك تۇرىدۇ، لېكىن بەكلا قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئانا، ھازىر ھەممە خەق ئۆي سېلىپ، قۇرۇلۇش قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەھەللە كوچىلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە ھېلى بىر كۈنى پېشىشق خىشلار دۆۋە - دۆۋە تىزىقلىق تۇرسا، يەنە بىر كۈنى چۆللۈكتىكى قۇم بارخانلىرىدەك دۆۋلەنگەن كۆك قۇم كوچىنى بىر ئېلىپ تۇرغاندىكىن سىلىگە قالايمىقان، رەتسىز تۇيۇلغاندۇ، بەلكىم. بۇ كۈنلەردە مەھەللىمىزگە تامچى - ياغاچچى، ماشىنا - تىراكتور دېگەندەكلەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ، شۇڭا كۆزلىرىگە ناتونۇش غەيرى ئادەملەر كۆپتەك كۆرۈنگەن گەپ .

— تۆنۈگۈنلا مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىشكەنلەر، ئەتە بەش كۈن بىر تەستىق سېلىنىپ كۆلنىڭ سۈيى تىندۇرۇلۇپ مەيدان قىلىنىدۇ، دېيىشمۇ قاراپ تۇرىدىغاندەكلا .

— ئۇنداق ئىشلار بىلەن نېمە كارىلىرى؟ ھازىر ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش، كۆلنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئويلاشقا خەقنىڭ چولىسى يوق.

— بۇ ئەڭ مۇھىم ئىش. ساڭا نېمىلا دېگەن بىلەن چۈشەنمەيدىكەنسەن، بۇ زامانىنىڭ باللىرىغۇ...

بۇنداق پاراڭلار يەنە قانچە ئائىلىدە بولۇندى، بۇنىسى نامەلۇم ئىدى. مەلۇمى شۇكى، تېلىۋالدى تۆمۈرچى بۇ مەھەللىدىكى ئۆيىدىن كۆچۈپ، شەھەرگە كىرىپ كېتىدىغان چاغدا كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغانمىش. ئۇ شەھەردىكى چېغىدا بىر تونۇشىدىن بىزنىڭ مەھەللە ۋە ئەتراپتىكى قوشنا مەھەللىلەردىكى ھەممەيلەننىڭ ئۆيىنىڭ يۆتكەپ ئەكېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمىش. تېلىۋالدى تۆمۈرچى كۆچۈپ كېتىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى بۇ گەپلەرنى مەھەللىدىكىلەرگە يىغلىغۇدەك بولۇپ، خېلى ئۇزۇن دەرد تۆككەنمىش.

مول ھوسۇللۇق كۈزنىڭ بۇ ئاخشىمى تېلىۋالدى تۆمۈرچىگە بەكلا تەستە ئۆتتى. ئۇ بۇندىن بۇرۇن نەچچە قېتىم شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، يەنە بۇ مەھەللىگە قايتىپ كەلدى. لېكىن بۇ قېتىملىقى زادىلا ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ قېتىم شەھەرگە كۆچۈپ كەتسە، بۇ مەھەللىنى ئەمدى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. يۇرت سۆيگۈسى دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن. سىزىپ ياكى يېزىپ، سۆزلەپ ياكى پاراڭ قىلىپ ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان، پەقەت قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر - چوڭقۇر بىر قاتلىرىلا ئۇنى قۇچاقلاپ، تۇيۇپ ياتىدىغان...

تېلىۋالدى تۆمۈرچى ئۇزۇنغىچە كۆل بويىنى بويلاپ ئالدى - كەينى مېڭىپ يۈردى. نېمىشقىدۇر، كۈندە كۆرۈپ تۇرىۋاتقان كۆلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى بۈگۈن ئۇنىڭغا باشقىچىلا گۈزەل كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئەتىسى سەھەر، ئۇ كۆزى قىيمىغان ھالدا شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.

بۇ ئىشلار مۇشۇنداق بولدىمۇ ياكى مەنمۇ بىلمەيدىغان، ۋە ياكى باشقىلارمۇ ماڭا دېمىگەن بۇ ئىشلارنىڭ باشقا سەۋەبى بارمۇ؟ ئويلاپ چۈشىنىشكە ھېچ ئەقلىم يەتمىدى. لېكىن كۆزۈمنىڭ كۆرۈپ تۇرغىنى كۆل ئەمدى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتكەنىدى. قۇرۇغان كۆل يىراقتىن قارىسا يۇپيۇمىلاق چوڭ بىر ئازگالغا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆلدە سۇ قالمىۋىدى، كۆل ئەمدى كىشىنىڭ كۆزىگە سوغۇقلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. كۆلنىڭ بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار كۆلگە قاراپمۇ قويمايدىغان بولدى. كۆلنىڭ بويى ھەققەتەن چۆلدەرەپ قالغان ئىدىكى، ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ كۆزىگە غېرىبانە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

تېلىۋالدى تۆمۈرچىسىنىڭ كۆلنىڭ بويىدىكى ئۆيى چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن، يەنە بىر يېقىدا مەسچىت قالغاندىن باشقا، ئالدى تەرىپىدە مەھەللىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن يول، كەينى تەرىپىدە بولسا سەل يىراقلىقتىكى بىر قانچە كىشىنىڭ ئۆيىلا قالغانىدى.

ۋاقىت ئۆز ئىزىدا داۋام ئەتمەكتە. سائادەتخان ئاچا ئۆزى يالغۇز مەشنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، يېڭنە ئىشى قىلغاچ خىيالغا چۆكتى. ئۇنىڭ ھاياتىدا قانچىلىغان قىش پەسلى ئۆتتى. ئەمما ئۇ ئەتىياز كېلەي دەپ قالغاندا ئىككى كۈننىڭ ئىچىدىلا بۇنداق كۆپ قار ياغقان مەنزىرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئاپئاق قار، خۇددى سائادەتخان ئاچىنىڭ كۆمۈش چاچلىرىدەك ئاق...

بىردىنلا ئۇنىڭ كۆل بويىغا بىرىپ باققۇسى كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى چاققانلىق بىلەن يىغىشتۇرۇپ يەرگە چۈشتى. سائادەتخان ئاچا خۇددى بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك پارقىراپ تۇرغان مەسە ئۈستىگە كالاچ كىيىمەستىنلا ئۆيدىن چىقتى. كوچا ئاپپاق قارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن ئىدى. ئاپپاق قارلارغا پۈركەنگەن تار كوچا ئۇنىڭغا دەل ساماغا تۇتىشىدىغان ئۇلۇغ يولدەك، گۈزەل پەرىشتىلەر ماڭىدىغان مۇقەددەس رەستىدەك سىزىلمەكتە ئىدى. سائادەتخان ئاچا بىر - بىرلەپ بۇ بىر نەچچە كوچىدىن يەڭگىل قەدەملەر بىلەن مېڭىپ ئۆتۈپ، چوڭ يولغا چىقتى. بۈگۈن پاك-پاكىز، بۇلۇتتەك ئاق قار باسقان چوڭ يولدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ھەممە ياق تىمتاس ئىدى. ئۇنىڭغا قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ يۈزلىرىگە ۋە جىلىتكىسىگە تىرىق - تىرىق قىلىپ يەڭگىل ئۇرۇلۇشلىرى ھېچ ئاڭلانمايتتى. ئۇ خۇددى كۆلنىڭ بويىدا بىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۇدۇللا كۆل تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. قار بارغانسېرى قاتتىق يېغىشقا باشلىدى. دانە- دانە يېغىۋاتقان قارلار ئۇنىڭ قاش-كۆزلىرىگە قونۇشقا باشلىدى. سائادەتخان ئاچا خۇددى چوڭ يول بويىدا تۇرغۇزۇلغان ھەيكەلدەك قېتىپ، كۆلگە جىمجىت قاراپ تۇراتتى. سائادەتخان ئاچا كۆل بويىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر-بىرلەپ ئەسلەشكە باشلىدى.

ئۇ چاغلاردا ئۇ تېخى كىچىك قىز ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئىشكى ئالدىدا ئويناۋېتىپ، بارا - بارا ئۆيىدىن يىراقلاپ كەتتى. ئۇ بىر دەمدە بىلىپ - بىلمەيلا بىر - ئىككى كوچىدىن ئۆتۈپ، چوڭ يولغا چىقىپ قالدى. چوڭ يولدا بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ ياپپېشىل كۆلنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭغا يىراقتىنلا جىمىرلاپ تۇرغان ئاجايىپ نۇرلار كۆرۈندى. ئۇ سەبىيلەرچە قىزىقىش ئىلكىدە، ئاشۇ نۇرلار كۆرۈنگەن تەرەپكە يېقىنلاپ باردى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دولقۇنلاپ تۇرغان سۇلار كۆرۈندى. سۇ يۈزىدە ياپپېشىل سۆگەتلەر ۋە تېرەكلەرنىڭ شولىسى لىپىلداپ تۇراتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىلەرگە بەكمۇ ھەيران قالدى، ھەمدە بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەي، ئۇزۇن ئايلاندى. كۆلنىڭ مەنزىرىسى ئۇنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. بۇ يەرگە پات - پاتلا ئادەملەر كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. يەنە بەزىلىرى كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن - ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ كۆلنىڭ بويىغا كېلىشكە ئامراق بولۇپ قالغانىدى.

بىر دەمدىن كېيىن سائادەتخان ئاچا كىچىك ۋاقتىدا ئېسىدە ساقلىنىپ قالغان مۇنداق بىر ۋەقەنى يەنە ئەسلەشكە باشلىدى. ئۇ كۈنى مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم كۆلگە جەم بولغان ئىدى. ئەتىگەندىلا مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بىرلىكتە چىقىپ قۇم - لايلار تىنىپ، دۆڭلىشىپ كەتكەن كۆلنى كولاشقا باشلىدى. بۇ كۈنى ھاۋامۇ ئوچۇق بولۇپ، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرلىرى تال سۆگەتلەر ئارىسىدىن كۆلگە چۈشۈپ تۇراتتى. چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال بولۇپ، مەھەللىدىكى ھەممەيلەن كۆلدە جاپالىق ئىشلىدى. بەستلىك ئەرلەر يوغان - يوغان كەتمەنلەر بىلەن كۆلنى ئويۇپ چېپىپ، چىققان توپىلارنى زەمبىللەرگە ئۇسۇپ توشىماقتا ئىدى. چۈش بولاي دېگەندە كۆل خېلى چوڭقۇر كولىنىپ بولغان ئىدى. گەرچە ئۇ كۈنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چارچىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممەيلەن بەكمۇ خۇشال، روھى تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى. بىر دەمدىن كېيىن

كۆلنىڭ بويىدىكى بىر نەچچە ئائىلە سۈيۈقئاش ئېتىپ چىقتى. چىلەكلەرگە ئۇسۇلغان بۇ سۈيۈقئاشنىڭ سۈيى پارقىراق بولۇپ، كۈچلۈك ھور توختىماي ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. ئىسسىق ھورى چىقىپ تۇرغان بۇ سۈيۈقئاش ھەممەيلەننىڭ ئاغزىغا شۇنداق تېتىپ كەتتى. « كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە » دېگەندەك، مەھەللىنىڭ مۇھىم بىر ئىشى بۈگۈن ناھايىتى جايىدا تاماملانغانىدى. كۆل مەھەللىدىكى ھەممەيلەنى بېقىپ كەلگەن ۋە مۇشۇنداق پائالىيەتلەر بىلەن مەھەللىدىكىلەرنى جەم قىلىپ، ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى.

يەنە يېقىندىن بۇيان تولا ئەسلەپ قالىدىغان شۇ ئىشمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن قايتا كەچتى. سائادەتخان ئاچىنىڭ سادىق رەۋەندىچى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، يېڭىدىن بۆلەك بولغان چاغلىرى ئىدى. بىر بازار كۈنى كەچلىك تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلغان سائادەتخان ئاچا كۈپتىكى سۇنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆلگە چېقىپ سۇ ئەكىرگۈسى كېلىپ قالدى. سۇ ئەكېلىشكە قوشنىسى ئاسمىگۈلنىمۇ چاقىرىۋالدى.

لىق تولدۇرۇلغان چېلەكلەرنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئىككى قىزغا سەل جاپالىقتەك تۇراتتى. سائادەتخان چېلەكلەرنى توشقۇزۇپ ئەپكەشكە ئېلىپ ئەمدى بىر قانچە قەدەم مېڭىپ تۇرىۋىدى، ئارقىسىدىن ئۇنى چاقىرغان تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

- سائادەتخان، توختىغىنە! ...

- سىلى بازاردىن قايتىپ چىققانمىتىلە؟ مەن ئاسمىگۈل بىلەن بىللە ئۆيگە سۇ ئەكىرەي دەپ چىققانتىم...

— بۈگۈن ئانچە بازار يوق، — سادىق رەۋەندىچى شۇنداق دېدى - دە، ئەپكەشنى لىككىدە كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئالدى. سائادەتخان ئاچا ئاستا بېرىپ قوشنىسىنىڭ چېلىكىنى كۆتۈرۈشۈپ بەردى. سادىق رەۋەندىچى ئالدىدا ماڭدى، ئىككى چوكان ئۇنىڭ كەينىدىن ئەپكەشنىڭ سېپىغا چېلەكنى ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ ماڭدى.

بىردىنلا سائادەتخان ئاچىنىڭ كۆزلىرىگە سادىق رەۋەندىچى كۆلنىڭ قارشى قىرغىقىدا ئەپكەشنى دولىسىغا سالغىنىچە، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆل قايتىدىن كولىنىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا سائادەتخان ئاچىنىڭ ئېسىگە كۆلنى كولىغان ئاشۇ كۈنى بىرەيلەننىڭ كۆلنىڭ كىندىكى بولۇپ قالسۇن دەپ، بەش - ئالتە زەمبىلچە كېلىدىغان سېغىز تۇپىنى كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەپ قويغانلىقى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ماڭدى. قار قاتتىق يېغىۋاتاتتى، ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەمنىڭ تىزىغا كېلەتتى. سائادەتخان ئاچا قېلىن قارلانى يېرىپ ئالدىغا سۈرۈلەتتى. ئۇ يىگىرمە نەچچە قەدەم مېڭىپ، بېشىنى ئېگىپ يەرگە قارىغىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سائادەتخان ئاچا ئاستا - ئاستا يەر يۈزىگە قاراپ قىيسايدى، ئۇ كۆلنىڭ كىندىكىنى قۇچاقلاپ، قىيپاش ياتقىنىچە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. پاختەكتەك - تورغايدەك يېغىۋاتقان قار بىر دەمدىلا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپپاق لىباسىنى ياپتى.

سۇلايمان قاسساپ ئانىسىنىڭ ئۆيدە يوقلىقىنى كۆرۈپ، بىردىنلا كۆڭلى ئېغىپ كەتتى. ئۇ: « ئانا!... ئانا!...» دەپ توۋلىغاچ ھەر بىر ئېغىز ئۆيگە بىردىن كىرىپ چىقىپ باقتى. لېكىن سائادەتخان ئاچا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. سۇلايمان قاسساپنىڭ بېشى پىررىدە قايدى. ئۇ ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن : « ئانا ...» دەپ بىر قانچىنى ۋارقىرىدى، لېكىن ھېچ بىر سادا يوق ئىدى. سۇلايمان قاسساپقا بىردىنلا بۇ دۇنيادا ئۆزى يالغۇز قالغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى.

- كۆل، توغرا كۆلنىڭ بويى... ئانام ئاشۇ يەرگە... — سۇلايمان قاسساپ ئايالى گۈلىستان بىلەن ئۈچ ئوغلىنىڭ « نېمە ئىش بولدى » دەپ سوراشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ھويلىدىن ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. لېكىن كۆلنىڭ بويىدا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەممە يەرنى قېلىن قار باسقانىدى. بۇ كۈنلەردە كۆلنى كۆلنىڭ ئورنى دېسە توغرا بولاتتى. چۈنكى بۇ يەر ئەمدى ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۈچ ئاي بۇرۇن مەسچىت يۆتكەپ

كېتىلگەنىدى، شۇڭا كۆلنىڭ يېنىدا ھازىر مەسچىتنىڭ كونا، سۇنۇق - پۇچۇق خىش پارچىلىرى قالغان ئىدى. شۇڭا بۇ يەرلەرگە بارغانسېرى ئەخلەتلەر توشۇپ، بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى.

سۇلايمان قاسساپ قېلىن ئاپپاق تونىنى يېپىپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان دۆمچەك - دۆمچەكلەرگە قاراپ، كۆڭلى تېخىمۇ ئازابلىنىپ كەتتى. ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغانىدى، كۆزىگە بىرسىنىڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قار كېچىپ كىرگەندىكى ئاياغ ئىزلىرى كۆرۈندى. ئاياغ ئىزى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ توختىغانىدى. سۇلايمان قاسساپمۇ ئاشۇ ئىزنى بويلاپ ماڭدى. ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن كۆلنىڭ ئىچى قېلىن ياغقان ئاپپاق قاردا خۇددى قۇم بارخانلىرىدەك كۆرۈنەتتى.

ئەتىسى ئايكۆل مەھەللىسىدىكى جامائەت سائادەتخان ئاچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. تېلۋالدى تۆمۈرچىمۇ سائادەتخان ئاچىنىڭ تۇغەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاتايىتەن شەھەردىن بۇ مەھەللىگە قايتىپ چىققانىدى. ئۇمۇ جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن توپ - توپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كېتىپ باراتتى.

تېلۋالدى تۆمۈرچى قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆل بويىغا كەلدى. بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، تۈنۈگۈن ياغقان قېلىن قارمۇ ئاز - ئازدىن ئېرىپ يەرگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. تېلۋالدى تۆمۈرچى ئېغىر مۇڭغا چۆمگەن ھالدا، بېشىنى ئەگكىنىچە كۆزىنى يەردىن ئۈزمەي خۇددى بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك كۆلنىڭ ئورنىنى چۆرگىلەپ ئۇيانىدىن - بۇيانىغا ماڭاتتى. ئۇ پات - پاتلا: — ئايكۆل تىنىپ كەتتى... سائادەتخان ئاچا كەتتى... — دەپ قوياتتى.

قېلىن قار باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدا ئېرىپ كەتتى. لېكىن مەھەللىدە بۇ يىل باھارنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. بۇرۇنقىدەك ھەممىدىن بۇرۇن كۆكلىرۈپ مەھەللىگە ھۆسن قوشىدىغان كۆل بويىدىكى سۆگەتلەر غېرىپسىنىپ قالغانىدى. گەرچە بۇ يىل يىلان يىلى بولمىسىمۇ، ھەر يىلى بالدۇرلا كېلىدىغان قارلىغاچلارنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئانىلار بالىلىرىغا باھار مەزگىلىدە كۆل بويىدا ئوينايدىغان ئويۇنلارنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. بالىلار ئىشەنمىگەندەك: « راستىمۇ؟ » دەپ سورىشاتتى. چوڭلار ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسا « بۇ يىل مەھەللە غەلىتىلا بولۇپ قالدى - ھە! » دەپ قويۇشاتتى.

**مۇھەررىرى: تۇكىزات ئابدۇبەسىر (2009)**
**كوررېكتورى:ماھىرەم تۇرسۇنتوختى(2007)**

# يۇرتۇمنىڭ تۈنى

**سەردار ئۆمەر (2011)**

ئاھ كېچە، سەن گۈزەللىك ئەندىزىسى،
ھەركىمگە ئۆزگىچە زوق بېغىشلايسەن.
تولۇن ئاي، كۆز قىسىشقان يۇلتۇزلىرىڭ،
سەرۋىناز گۈزەل قىزدىن قېلىشمايسەن.

ئويناقلاپ ئۆركەش ياسار زەم - زەم سۈيۈك،
دىللارنى يايرىتىدۇ كاككۇك ئۈنى.
ھەر مەھەل ياڭراپ تۇرار سۆيگۈ كۈيۈك،
شۇ سەۋەب ئەستىن چىقماس يۇرتۇم تۈنى.

شۇڭىمۇ باردۇر ساڭا مۇھەببىتىم،
ئويلىسام، ئۆركەشلەيدۇ دىلدار بېتىم.
باغرىڭغا كەتكۈم كېلۇر نۇر بوپ سىڭىپ،
ئېسىمگە ئالسام سېنى ھەر بىر قېتىم.

مەنمۇ ھەم تۈن قوينىدا كۆككە بېقىپ،
يىراقتا ئەزىز يۇرتنى ئەسكە ئېلىپ.
ئاڭلىنار يىراقلاردىن تونۇش كۈيلەر،
ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش داۋام قىلىپ.

**مۇھەررىرى: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009) كوررېكتورى: نۇربىگۈل ئەھەت (2009)**



# «كۆل تىگىن ئابىدىسى» دىكى پۇتكەن ھاللىق سۇپەتداشلار ئۇستىدە تەھلىل

ماھىرەم تۇرسۇنتوختى (2007)

***قىسقىچە مەزمۇنى:*** *بۇ ماقالىدە كۆل تىگىن مەڭگۈ تېشىدا كۆپ ئۇچرايدىغان پۇتكەن سۇپەتداشلار، ئۇلارنىڭ ياسىلىش ۋە قوللىنىش ئەھۋالى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *كۆل تىگىن مەڭگۈ تېشى، پۇتكەن سۇپەتداش، قوشۇمچە.*

***ماقالىدە ئۇچرايدىغان قىسقارتمىلار:*** *G جەنۇب يۈزى؛ D شەرق يۈزى؛ K شىمال يۈزى.*

ئورخۇن ئابىدىلىرى تۈركىي تىللارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما ھۆججەتلىرىدۇر. بۇ مەڭگۈ تاشلار كۆك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت، ياشىغان زېمىنلىرى، شۇ دەۋردىكى سىياسەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە بىزنى مۇھىم ماتېرىيالغا ئىگە قىلىدىغان تارىخى ھۆججەت بولۇپلا قالماستىن، يەنە قىممەتلىك ئەدەبىي ئەسەردۇر.

تۈرك تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما ھۆججەتلىرى بولغان كۆل تىگىن ۋە بىلگە خاقان ئابىدىلىرى ئادەتتە « ئورخۇن ئابىدىلىرى » دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى تىل قۇرۇلۇشى جەھەتتە تەرتىپلىك بىر سىستېمىغا چۈشكەن ۋە ئۆزىنىڭ تىل قانۇنىيەتلىرى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان تىلدۇر. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تىلىدا ھازىرقى تىلىمىزدا بار بولغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر بار بولغاندىن سىرت، يەنە ھازىر ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان، لېكىن شۇ دەۋردە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان ۋە مۇھىم رول ئوينىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر بار. مەن بۇ ماقالەمدە ئاساسلىق قىلىپ « كۆل تىگىن مەڭگۈ تېشى » دىكى پۈتكەن سۇپەتداشلار ۋە پۈتكەن سۇپەتداش ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پۈتكەن سۇپەتداشلار بىلەن بولغان پەرقى ۋە ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

سۇپەتداشلار پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق سۇپەت ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە سۇپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى بولۇپ، ھەرىكەتنى بەلگە سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: « ئېچىلغان گۈل » دېگەن بىرىكمىدە « ئېچىل- » پېئىلى بىر خىل سۇپەتداش شەكلىدە « گۈل » دېگەن شەيئىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان ھالەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۇپەتداشلار ھال جەھەتتىن پەرقلىنىپ، پۈتكەن ھاللىق سۇپەتداش، ئېنىق ھاللىق سۇپەتداش ۋە پۈتمىگەن ھاللىق سۇپەتداش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ. پۈتكەن ھاللىق سۇپەتداش ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى بارلىققا كەلگەن بەلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە « -غان -قان -گەن -كەن » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياز + -غان = يازغان؛ قاچ- + -قان =

قاچقان؛ كۆر + ـگەن = كۆرگەن؛ پۈت + ـكەن = پۈتكەن. (خەمىت تۆمۈر: « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011-يىل 2-نەشرى، 228-بەت.)

قەدىمدە بولسا پېئىللارغا -duq\-dük\-tuq\-tük ۋە -mış\-miş قاتارلىق ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بارغان يېرىڭلاردا | Bar-duq yirdä (D24) |
| يەر يارىتىلغاندا | Yer qıl-ın-tuq-ta (D1) |
| تەڭرى كۈچ بەرگەنلىكى | Teŋri küç bir-tük (D12) |
| بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن | Bilme-dük-in üçün (D19) |

تۆۋەندە « كۆل تىگىن » مەڭگۈ تېشىدىكى پۈتكەن سۈپەتداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى: « كۆل تىگىن » ئابىدىسىدىكى -duq\-dük\-tuq\-tük قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان پۈتكەن سۈپەتداشلار

| № | تېكستتىكى پۈتكەن سۈپەتداشلار | مەنبەسى | سۆز تومۇرى | يەشمىسى | پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى | باشقا قوشۇمچىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | barduq | D24 | bar- | مەۋجۇت، بار-، كەت- | -duq | |
| 2 | bilmedük<br>bilmedükin | D24<br>D18 | bil- | بىل-، بايقا | -dük<br>-dük | <br>-in |
| 3 | birtük | D12 | bir- | بەر- | -tük | |
| 4 | boltukında | G1 | bol- | بول-، بار بول، مەۋجۇت بول | -tuk | -da |
| 5 | illedük | D3 | ille- | دۆلەت قۇر- | -dük | |
| 6 | olurtuqda<br>olurtuqma | D17<br>D27 | olur- | ئولتۇر-، ياشا، ھۆكۈم سۈر | tuq | -da<br>-ma |
| 7 | kiksürtükin | D6 | kiksür- | ئىسقىرت-، كۈشكۈرت | -tük | -in |
| 8 | qağanladuq | D7 | qağanla | قاغان قىل- | -duq | |
| 9 | qılınmaduq<br>qılintuqda | D5<br>D1 | qıl | قىل-، ئەت، ياسا- | -duq | <br>-da |
| 10 | teğdükde<br>teğdükin | D36<br>D34 | teğ | ھۇجۇم قىل-، ئېتىل-؛ تەگ-، بار-، ئېرىش- | -dük<br>-dük | -de<br>-in |
| 11 | uçdukda | D30 | uç | ئۇچ-، ۋاپات بول- | -duq | -da |
| 12 | umaduq | D10 | u | كۈچى يەت-، مۇمكىن بول-، قىلالا-، ئېتەلە- | -duq | |
| 13 | yaŋıltuqın | D19 | yaŋıl | خاتالاش-، خاتا قىل-، يېڭىل- | -tuq | -ın |
| 14 | yarlıqaduqın<br>yarlıqaduq | G9<br>D15 | yarlıqa | بۇيرۇ-، قوغدا-، ھىمايە قىل- | -duq | -ın |
| 15 | yoŋaşurtuqın | D6 | yoŋaşur | كۈشكۈرت-، قارا چاپلا- | -tuq | -ın |

« كۆل تىگىن » ئابىدىسىدىكى -mış\-miş قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان پۈتكەن سۈپەتداشلار

| باشقا قوشۇمچىلار | پۈتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىسى | يەشمىسى | سۆز تومۇرى | مەنبە | تېكستتىكى پۈتكەن سۈپەتداشلار | № |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | -mış | ئال- ، بېسىۋال | al- | D2 | almış | 1 |
| | -mış | مەۋجۇت، بار- ، كەت- | bar- | D23 | barmış | 2 |
| | miş | بەر- | ber | D14 | bermiş | 3 |
| | -miş | بەر- | bir- | D1 | birmiş | 4 |
| | -mış | بول- ، بار بول، مەۋجۇت بول | bol- | D5 | bolmış | 5 |
| | -mış | ئۆگەت- ، ئەقىل بەر- ، قىل- ، رەتلە- | boşgur- | D13 | boşgurmış | 6 |
| | -miş | دۆلەتسىز قال- | elsire- | D15 | elsiretmiş | 7 |
| | -miş | بول- ، مەۋجۇت بول- | er- | G4 | ermiş | 8 |
| | -miş | (1) مۆرە، ئاۋاز چىقار- ، گۈمبۈرلە<br>(2) تىز- ، تۈزە- | et- | D13 | etmiş | 9 |
| | -mış | ئەۋەت- ، يوللا | Id- | D7 | ıdmış | 10 |
| | -mış | يوقات- ، تاشلا- ،قولدىن چىقار- | içgın- | D13 | içgınmış | 11 |
| | -miş | باغلىق بول- ، تەۋە بول- | içik- | D10 | içikmiş | 12 |
| | -miş | باق- ، تويغۇز- | iğid- | G9 | iğidmiş | 13 |
| | -miş | چۈش- | in- | D12 | inmiş | 14 |
| | -miş | رەتلە، تۈز، تۈزەشتۈر | it- | D3 | itmiş | 15 |
| | -mış | ئولتۇر- ، ياشا، ھۆكۈم سۈر | olur- | D17 | olurmış | 16 |
| | -mış | قىل- ، ئەت- ، ياسا- | qıl- | D2<br>D1 | qılmış<br>qılınmış | 17 |
| | -miş | كۆر- ، باغلىق بول، تەۋە بول- | kör- | D8 | körmiş | 18 |
| | -miş | كۆتۈر- ، ئېگىزلەت | kötür- | D11 | kötürmiş | 19 |
| | -mış | باغلامچى پېئىل | ol- | D1 | olurmış | 20 |
| | -mış | قاغانسىز قال- ، قاغانسىز بول- | qağansıra | D13<br>D15 | qağansıramı şqağansırat mış | 21 |
| | -mış | قازان- ، قولغا كەلتۈر- ، بېسىۋال- | qazgan | D22 | qazganmış | 22 |
| | -mış | قىل- ، ئەت، ياسا- | qıl | D1<br>D15 | qılınmış<br>qılmış | 23 |
| | -mış | قون- ، يەرلەش | qon | G5<br>D2 | qonturmış | 24 |
| | -miş | يىغىپ توپلا- | qubrat | D12 | qubratmiş | 25 |
| | -miş | قۇل بول- | qulad | D13 | quladmiş | 26 |
| | -miş | قۇل بول- | qüŋed | D13 | qüŋedmiş | 27 |
| | -mış | ماتەم تۇت- ، ھازا تۇت- ، يىغلا- | sığta | D4 | sığtamış | 28 |
| | -miş | چۆكتۈر- ، باغلىق قىل- | Sökür | D2 | sökürmiş | 29 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 30 | sülemiş | D15 | süle | قوشۇن ئەۋەت-، سەپەر قىل- | -miş | |
| 31 | süŋüşmiş | D15 | süŋüş | ئۇرۇش، جەڭ | -miş | |
| 32 | tağıqmış | D12 | tağıq | تاغقا چىق- | -mış | |
| 33 | taşıkmış | D11 | taşık | چىق-، سەپەرگە چىق- | -mış | |
| 34 | tikmiş | D16 | tik | تىك- | -miş | |
| 35 | timiş | D9 | ti | دە-، سۆزلە | -miş | |
| 36 | törimiş | K10 | töri | يارىتىل- | -miş | |
| 37 | tutmış | D19 | tut | تۇت-، قولغا چۈشۈر-، قوغدا-، مۇھاپىزەت قىل- | -mış | |
| 38 | yaratmiş | D13 | yarat | قىل-، يارات-، تۈزە- | -miş | |
| 39 | yetmiş | D6 | yet | يەت-، زاپاس ئېلىپ بار- | -miş | |
| 40 | yoğlamış | D4 | yoğla | | mış | |
| 41 | yükümtürmiş | D2 | yüküm | باش ئەگ-، بويۇن ئەگ- | -miş | |

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن كۆل تېگىن ئابىدىسىدە پۈتكەن سۈپەتداش ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن duq\-dük\-tuq\-tük- بىلەن \-mış\-miş دىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قوشۇمچىلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. duq\-dük\-tuq\-tük- قوشۇمچىلىرى پېئىللارغا قوشۇلۇپ، ئىش ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئىسىملارنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. -mış\-miş قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن سۈپەتداشلار « كۆل تېگىن » ئابىدىسىدە بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ قوشۇمچىمۇ پېئىللارغا قوشۇلۇپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىملارنى ئېنىقلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەۋەر بولۇپ كېلىپ، بايان قىلغۇچى ئۆزى قاتناشمىغان ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تېكست ئىچىدىكى قوللىنىش تۈرلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

1. duq\-dük\-tuq\-tük- قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن سۈپەتداشلار üçün بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە سەۋەب ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ، -mış\-miş قوشۇلغان سۈپەتداشلارنىڭ üçün بىلەن بىرگە كېلىدىغان شەكىللىرى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن:

Tengri küç birtük üçün,qangım qağan süsi böri teğ ermiş,yağısı qony teğ ermiş.

تەڭرى كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن.(D12)

Bilmedük üçün,yablaqıngın üçün,eçim qağan uça bardı.

نادانلىقىڭلار، ئەسكى قىلىقىڭلار تۈپەيلىدىن تاغام خاقان ۋاپات بولدى.(D24)

2. duq\-dük\-tuq\-tük- قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارغا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى **da** قوشۇلۇپ، ۋاقىت ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

Eçim qağan olurtuqda özüm Tarduş bodun üze Şad ertim.

تاغام خاقان تەختتە ئولتۇرغاندا مەن تاردۇش خەلقىگە شاد ئىدىم. (D17)

qangım qağan uçduqda inim Kül Tigin yiti yaşda qaltı.

ئاتام خاقان ۋاپات بولغاندا ئىنىم كۆل تېگىن يەتتە ياشتا ئىدى. (D30)

سۈپەتداشنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشلار ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، شۇ ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بەلگە قىلىنغان ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار كەلگەندە، بىز يىغىن ئېچىۋاتاتتۇق.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندا، ئۇ تېخى سەككىز ياشتا ئىدى.

3. -mış\-miş قوشۇمچىلىرى بەزى پېئىللارغا قوشۇلۇپ، ئاڭلاتما بايان مەيلى، ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلىدۇ ۋە جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

Yağığ baz kılmış,tizliğiğ sökürmiş,başlığığ yüküntürmiş.

دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپتۇ، تىزلىقلارنى تىز چۆكتۈرۈپتۇ، باشلىقلارنى باش ئەگدۈرۈپتۇ. (D15)

Tabgaç atın tutupan Tabgaç kağanka körmiş,Eliğ yıl işiğ küçüğ birmiş.

تابغاچلارنىڭ خىزمىتىدىكى تۈرك بەگلىرى تابغاچ ئۇنۋانلىرىنى ئېلىپ تابغاچ خاقانغا بېقىنىپتۇ، ئەللىك يىل خىزمەت قىپتۇ. (D8)

4. -mış\-miş قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن بەزى سۆپەتداشلار ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Yeti yüz er bolup elsiremiş,qağansırmış bodunuğ,küngedmiş,quladmış bodunuğ…

يەتتە يۈز كىشى بولۇپ دۆلەتسىز قالغان، خاقانسىز قالغان خەلقنى، قۇل بولغان خەلقنى...

بۇ ئىككى يۈرۈش قوشۇمچە ئارقىلىق پۈتكەن سۆپەتداش ياساش شەكلى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمالدىن قالغان بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئورنىنى qan\ gen\ ken\ ğan قاتارلىق قوشۇمچىلار ئىگىلىگەن. لېكىن -mış\-miş قوشۇمچىلىرى er (i) ياردەمچى پېئىلىغا قوشۇلۇپ ermiş (imiş) نى هاسىل قىلىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىۋاستە ھەرخىل زامان شەكىللىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ۋاستىلىك بايان ۋە گۇمان تۈسلىرىنى بىلدۈرىدۇ. Miş- هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا هۆكۈم باغلامچىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە پۈتكەن سۆپەتداش قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن بىر قانچە خىل شەكىل ئۇچرايدۇ.

ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىكى پۈتكەن سۆپەتداشلاردا تۈرلۈك گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش شەكىللىرى ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. تالات تەكىن: « ئورخۇن ئابىدىلىرى »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى؛
2. خەمىت تۆمۈر: « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىل 2- نەشرى؛
3. ۋ.م.ناسىلوف: « ئورخۇن - يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىل 9 - ئاي.

**مۇھەررىرى: ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر(2008) كوررېكتور: خانقىز مەتتوختى (2007)**

# بالىلار شېئىرلىرى

يۇسۇپجان مۇھەممەد (2009)



### چۈمۈلە

چۈمۈلىلەر ماڭىدۇ،
تىزىلىشىپ سەپ بىلەن.
ئۆزىدىن چوڭ يۈكلەرنى،
كۆتۈرىدۇ ئەپ بىلەن.
ھاردىم - تالدىم دېمەيدۇ،
توختىماستىن ماڭسىمۇ.
تاشلىمايدۇ يۈكلەرنى،
پۇت - قوللىرى تالسىمۇ.
ئاپىرىدۇ ئۆيىگە،
بېسىپ ئۇزاق يوللارنى.
قىشتا راھەت ئۇخلايدۇ،
سۇنۇپ پۇت ۋە قوللارنى.

### ئاسلانچاق

ئاسلانچىقىم ئاسلانچاق،
بۇرۇتى ئۇزۇن يۈگى ئاق.
ئويناپ - ئويناپ قانمايدۇ،
بىردەممۇ جىم تۇرمايدۇ.
شوخلۇق قىلىپ ئەركىلەپ،
قۇيرۇقىنى سۇركىلەپ.
تۇتۇۋالار چاشقاننى،
كۆرۈپ قالسا قاچقاننى.
ئاسلانچىقىم، باتۇرۇم،
مېنىڭ ئۇماق جان دوستۇم.



# باشلىماڭلار مېنى ئويۇنغا

سەردار ئۆمەر (2011)

ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ،
پەن كۆكىدە ئۇچىمەن.
ئانا ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن،
شان - شەرەپلەر قۇچىمەن.

جان دادامنىڭ سۆزىچە،
ئەلنىڭ ئوغلى بولىمەن،
ئىلمۇ ئېرپان، پەن بىلەن
چەكسىز كۈچكە تولىمەن.

شۇڭا باشلاپ ھازىردىن،
چىڭ باغلىدىم بېلىمنى.
يورىتاي دەپ پەن بىلەن،
بۇ قاراڭغۇ دىلىمنى.

باشلىماڭلار، دوستلۇرۇم،
شۇڭا مېنى ئويۇنغا.
ئىرادەم چىڭ ئازمايمەن،
شۇ ئېزىتقۇ قويۇنغا.

مۇھەررىرى ۋە كوررېكتورى: مەريەمگۈل تۇرسۇن (2007)




ساڭا نۇرغۇن خۇشاللىق ۋە بەختلەرنى بېرىپ سېنى شادلىق ئىلكىدە كۆلدۈرگەن دۇنيا ئۆز نۆۋىتىدە سېنى قايغۇ- ھەسرەت دەرياسىدا ئاقتۇرۇپ، كۆز ياش دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتەلەيدۇ... بەختىڭنى قەدىرلەشنى بىل، سەۋرنى ئۆگىنىپ قوي!! — خاتىرەمدىن

- جىرىرىڭ... جىرىرىڭ...

ياتاق تېلېفونىنىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى مېنى خىياللار قاينىمىدىن سۆرەپ چىقتى. ئېرىنچەكلىك بىلەن تېلېفوننى ئالدىم :

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! زىبانۇر بارمىدۇ؟

- ھە مەن شۇ. ئادىل ئاكاما؟

- ھە مەن. سىڭلىم، رۇخسەت سوراپ ئۆيگە بىر كېلىپ كەت. بۆگۈنلا يولغا چىق، خوش ئەمسە، - قارشى تەرەپ ئارتۇق گەپ قىلمايلا تېلېفوننى قويىۋەتتى. يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. كاللامغا كەلمىگەن خىياللار قالمىدى. ئادەتتە ئائىلەمدىكىلەر ماڭا ھەرگىز بۇنداق دەپ تېلېفون قىلمايتتى. نېمە بولدىكىنە؟! تۇيۇقسىز ئانام ئېسىمگە كېلىپ قالدى:« ئانامغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - ھە؟! » بۇ خىيالىمدىن ئەندىكىپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىمدە ياش. يۈگۈرگىنىمچە مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. بەك تېز يۈگۈرىۋەتكەنلىكتىنمۇ ھاسىراپ كەتكەنىدىم. مۇئەللىم مېنىڭ بۇ تۇرقۇمنى كۆرۈپ، سەل ھەيران بولدى.

- زىبانۇر ، نېمە بولدىڭىز؟

- مۇئەللىم ... مەن ... مەن رۇخسەت سوراي دېگەن. ئۆيگە بېرىپ كېلىمەن.

- ئۆيىڭىزدە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي يىغلاپ كەتتىم. مۇئەللىمنىڭ مەندىن ئارتۇق سورىغۇسى كەلمىدىمۇ ياكى مېنىڭ بۇ تۇرقۇمدىن ئەنسىرەپ قالدىمۇ ماڭا تېزلا رۇخسەت بەردى.

- ماقۇل، يولدا دىققەت قىلىڭ. بىرەر ئىش بولسا بىزگە خەۋەر قىلىۋېتىڭ.

مۇئەللىمگە خوش دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم. بىر نەرسىلىرىمنى چالا - بۇلا يىغىشتۇرۇپلا، پويىز ئىستانسىسىغا يۈگۈردۈم. بېلەتلەر ئاللىقاچان سېتىلىپ تۈگىگەنىكەن. مەن بېلەت ھايانكەشلىرىدىن شۇ كۈنلۈك ئورۇنسىز بېلەتتىن بىرنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالدىم - دە، ئۆيگە يۈرۈپ كەتتىم. مەن ئالدىرىغانسېرى ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتىۋاتاتتى. پويىز ۋاگونىدىكى سانجاق - سانجاق ئادەملەر ئارىسىدا ئۆرە تۇرماقتىمەن. يۈرىكىم خۇددى رېلىس بىلەن پويىز چاقى ئارىسىدا بېسىلىپ كېتىۋاتقاندەك قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ. مىڭبىر جاپالار بىلەن بۇ سەپىرىمنى تۈگەتتىم.

يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرگىنىمدە، ئۆي ئىچى ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن تولغانىكەن. بىراق ئانام يوق تۇراتتى. يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇلار بىلەن سالاملىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئانامنى ئىزدىدىم.

- ئانا! ئانا، سىز نەدە؟ مەن كەلدىم!...

ئانامنىڭ يەڭگىسى مېنى يېتىلىگىنىچە سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى. مەن نېمە بولغانلىقىنى

بىلەلمەي ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

- ئۆزىڭىزنى بىسىۋىلىڭ، ئاچامغا ھېچ ئىش بولمىدى، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە پەس ئاۋازدا، يىغلىماي گەپ قىلىڭ ماقۇلمۇ؟— مەن ئانامغا بىر ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. لېكىن ئانامنى كۆرۈشنىڭ تەقەززاسىدا دەرھال ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم:

— مەن ئانامنى كۆرەيچۇ؟ گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن،— دېدىم بىچارىلەرچە تەلەپپۇزدا.

- ئاچام ئىچىدىكى ئۆيدە، — دەپ مېنى ئانامنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. ئانامنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

ئانام قاتمۇ قات كۆرپىلەر ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ ئوڭدا ياتاتتى. چىرايى سارغىيىپ، مەڭىز سۆڭەكلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالغانىدى. ئەمما پۇت - قوللىرى تولىمۇ ئىششىق ئىدى. ئانامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى ئاۋايلاپ قوللىرىم ئارىسىغا ئالدىم ۋە مەڭزىگە ئاستا سۆيدۈم. ئانامنىڭ يۈرىكى تۇيىدىمۇ ياكى مېنىڭ ھىدىمنى بىلىۋالدىمۇ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گەرچە بۇرۇنقى نۇرلۇقلىقىدىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئانىلىق مېھرى يېلىنجاپ تۇراتتى. ئانامنىڭ بۇ ھالىتى ئىچىمنى سىيرىپ، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتۇردى، ئانامنىڭ ئالدىدا يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم.

— كەلدىڭىزمۇ، گۈلۈم بالام؟ مەن تېخى سىزنى كۆرەلمەي قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، خۇداغا شۈكرى...،— ئانامنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى. ھاسىراپ - ھاسىراپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن پەقەت ئۆزۈمنى تۇتىۋالالمىدىم. ئانامنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم. تىلىمغا گەپ كەلمەي قالغانىدى. پەقەت كۆزۈمدىن تارام- تارام ياش تۆكۈلەتتى. ئانامنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلىشى يىغامنى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتتى.

— گۈلۈم! يىغلىماڭ، مەن ھېچنېمە بولمىدىم . ماڭا گەپ قىلىپ بېرىڭە قىزىم،— ئانامنىڭ بۇ گېپى بىلەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئانامغا قارىدىم،— ماڭا قىزىق گەپلىرىڭىزدىن قىلىپ بېرىڭە قىزىم.

— ئانا! قانداق بولۇپ بۇنداق يېتىپ قالدىڭىز؟ مەن ماڭغاندا ساپساقلا قالغانىدىڭىزغۇ؟ مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ساق تۇرىشىڭىز كېرەكتىغۇ ئانا!— ئانام قولى بىلەن ئېغىزىمنى توسىۋالدى:

- بۇنداق دېمەڭ بالام! ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرىنى ئەڭ ئېغىر كېسەللەر بىلەن سىنايدۇ. مېنىڭمۇ ئاللاھنىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدىغان چاغلىرىم كەلگەن ئوخشايدۇ بالام، شۈكرى دەڭ،— دەپ مېنىڭ گېپىمنى ئۈزۈپ قويدى.

— لېكىن، ئانا بۇ ئالەمنى « سەۋەبنىڭ ئالىمى » دەپتىكەن، سەۋەب قىلايلى ئانا، دوختۇرغا بېرىپ باقايلىچۇ؟! — دېدىم ئانامغا ئىلتىجا بىلەن.

— دوختۇرغا باردۇق قىزىم، لېكىن قىلغان دورىلىرى ھېچ پايدا قىلاي دېمىدى. شۇڭا يېنىپ چىقتىم، ئەمدى بارماي.

— بارايلىچۇ ئانا! ماقۇل دەڭا، ئامال بولۇپ قالار...— مەن ئۆز گېپىمدە چىڭ تۇرىۋالدىم. ئانام ئەزەلدىن مېنىڭ گېپىمنى يىرىمايتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى.

بىز دوختۇرخانىغا كەلدۇق. دوختۇرلار ئانامنى ھەر خىل تەكشۈرۈش ئەسۋاپلىرىدا تەكشۈرۈپ چىقىپ، ياتاققا ئېلىشتى. ئانامنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ دوختۇردىن ئانامنىڭ نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى سورىدىم.

— ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىپ ئاڭلاڭ ئەمسە،- دەپ گېپىنى باشلىدى دوختۇر،— ئانىڭىزنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىر، يۈرەك كېسىلى ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ، ھازىر يۈرەك چوڭىيىپ، ئۆپكىگە تەسىر كۆرسىتىپ، نەپەس ئېلىشنى قىيىنلاشتۇرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقتا سۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ بەك خەتەرلىك ئەھۋال، سۇ كۆپىيىپ كېتىۋەرسە، ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق.

دوختۇرنىڭ بۇ گەپلىرىدىن خۇددى ئاسماندىن تاشلىۋېتىلگەندەك بولۇپ، ئورنۇمدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

— بىرەر ئامالى بولماسمۇ، دوختۇر؟ ياخشىراق داۋالاش ئۇسۇللىرىڭلار يوقمۇ؟— دەپ سورىدىم دوختۇردىن،— ئۆتۈنۈپ قالاي دوختۇر، تىرىشىپ باققان بولسىڭىز.

مېنىڭ ئەلەملىك، بىچارىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىم ئۇنىڭمۇ ئىچىنى ئېچىشتۇردى بولغاي:

— بىز تىرىشىپ باقايلى، سىزمۇ ئانىڭىزغا ئوبدان قاراڭ، ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىڭ، — دېدى. مەن ماقۇل بولۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئانام كۆندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قىينىلىشلىرى مېنى بەك ئازابلايتتى. ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى قىززىق گەپلەرنى تاپاتتىم. مېنىڭ قىزىق گەپلىرىمگە ئانام مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ماڭا مېھىر بىلەن تىكىلەتتى. مېھرىبانلىق بىلەن باشلىرىمنى، قوللىرىمنى سىلايتتى، پېشانەمگە سۆيەتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. بىر كۈنى دوختۇر مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى. ئەنسىرەش ئىچىدە دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. دوختۇر ماڭا قاراپ،« ئولتۇرۇڭ » دېگەن مەنىدە ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلدى. مەن دوختۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە « نېمە ئىش » دېگەندەك دوختۇرغا تىكىلدىم. دوختۇر ماڭا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ كەتتى ۋە خېلىدىن كېيىن:

— بىز كۆپ تىرىشتۇق، لېكىن ئانىڭىزنىڭ كېسىلىگە ئامال قىلالمىدۇق. مېنىڭچە بۇ يەردە تۇرۇپ ئانىڭىزنى ئۇكۇل يىڭنىسى بىلەن قىيىنىغاندىن كۆرە، ئۆيگە ئاچىقىپ ئوبدان باقسىڭىز ياخشىمىكىن. پەقەت كۆڭلىنى ئاغرىتماڭ. ئۇ ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مەسلىھەتلىشىپ يېنىمغا كىرىڭ. دوختۇردىن چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرەي، — دەپ گېپىنى توختاتتى.

ئاھ خۇدا ! ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بارمىدۇ؟ « ئانىڭىز ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ » دېگەن بۇ سۆز مەن ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر تۇيۇلدى. قورقۇشقا باشلىدىم. قورقمايمۇ تۇرالمايتتىم. « ئەگەر راستىنلا ئاشۇنداق بولۇپ قالسا... » ئاخىرىنى ئويلىشىقا جۈرئىتىم قالمىدى. بېشىمنى سالغىنىمچە ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

شۇنداق قىلىپ توققۇز كۈن بولغاندا دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئانامنىڭ كېسىلىگە ئۆزىمىز سەۋەب قىلىشقا كىرىشتۇق. باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىناپ كۆرەتتۇق، ئەمما ئۈنۈمىنى كۆرەلمەيتتۇق. شۇنداقتىمۇ ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىناپ باقتۇق. كۈن ئۆتكەنسېرى ئانامنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، قورسىقى يوغىنىغىلى تۇردى. ئانام پەقەت ياتالمايدىغان بولۇپ قالدى. كېچە - كۈندۈز ئولتۇراتتى. ئانام ياتمىغاندىن كېيىن مەنمۇ ياتماي ئانامغا ھەمراھ بولاتتىم. بىردەم يەلپۈسەم، بىردەم قوللىرىنى يېنىك ئۇۋۇلايتتىم، بەزىدە ئانامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالاتتىم. ئانامنىڭ يېنىدا بولسام ئۆزۈمنى شۇنداق خۇشال سېزەتتىم.

دۇنيا ئاجايىپ. ۋىسال دەملىرىدە، بىر يىل بىر سائەتچىلىكمۇ بىلىنمەيدۇ. ھىجران دەملىرىدە بولسا، مىنۇتلىرى يىلدىنمۇ ئۇزاق بىلىنىدۇ. ئادەم ئەڭ قەدىرلەيدىغان ، ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغان قەدىرلىك ئادەملىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ بارلىق غەم - غۇسسىلىرىنى ئۇنتۇپ، بەخت دۇنياسىغا چۆمىدۇ. مەنمۇ ھازىر دەل شۇنداق ئىدىم. ئەمما ۋاقىت تولىمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئانام بولغاچقا تارتقان جاپالىرىم پەقەت بىلىنمىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئاناممۇ كۈندىن كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. مەنمۇ ئامالسىز ئىدىم. قانداق قىلاي؟ يا ئاغرىق ئازابىنى تارتىشىپ بەرگىلى بولمايدىكەن. بۈگۈن ئانام ھېچنېمە يېمىگىلى بىر ھەپتە بولدى. كۈندە گېلىدىن ئۆتىدىغىنى پەقەتلا ئىككى يۇتۇم دېمىدە سۇيى ئىدى. بارغانسېرى ئانامنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، پۇت - قوللىرى ئېچىشىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. گەپ - سۆزلىرى ئازلاپ، ماڭا قاراپلا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئانامنى كۆرگىلى كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى « بىر تال قىزىغا چىدىمايۋاتىدۇ » دېيىشەتتى. ئانام كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن رازىلىشىپ چىقاتتى.

رامىزاننىڭ 10 - كۈنى كەچ. مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇدھىش، ئەڭ ئازابلىق بىر كېچە. مېنىڭ قان ياشلىق ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى بولغان ئاشۇ كېچە. ئىپتاردىن كېيىن ئانام پەقەت چىدىمىدى. بىر دەم قىززىيتتى، بىردەم توڭلايتتى. ئۆيدە ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. ئانام مېنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ماڭا تويماي - تويماي قارىدى. قوللىرىمنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— گۈلۈم بالام! مەن كېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. يالغۇز قالىدىغان بولدىڭىز، ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇڭ قىزىم. ئۆزىڭىزگە يۈز كېلەلىگۈدەك ياشاڭ! مېنىڭ قىزىمدەك ياشاڭ! بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر بەك مۇرەككەپ بالام، ئالدىراپ باشقا بىرسىگە سىرىڭىزنى بەرمەڭ!،

— ئانام توختاپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلەملىك تۇس ئالغانىدى. مەن ئانامنىڭ سۆزلىرىگە بېشىمنى لىڭشىتىپ ئولتۇردۇم، كۆزلىرىمدە ياشلار ئويناپ قالغانىدى. ئانام گېپىنى داۋاملاشتۇردى،— مەن بۇ ئۆمرۈمدە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدىلا ئۆتۈپ كەتتىم. لېكىن، سىزنىڭ جاپا تارتىپ قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن. شۇڭا، ياخشى ئوقۇڭ قىزىم! كەلگۈسىدە باشقىلارغا تايىنىپ قالىدىغان ئىشنى قىلماڭ! مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مەن ئۈچۈن ئارتۇقچە يىغلاپ يۈرمەڭ! ئازابلانماي مەكتىپىڭىزگە كېتىۋېرىڭ!— ئانام يەنە توختاپ قالدى. مەن ئېسەدەپ ئولتۇراتتىم، ئانام قولى بىلەن كۆز يېشىمنى سۈرتىۋېتىپ يەنە سۆزلىدى،— يىغلىماڭ ئۇز خېنىم! مەن چىدىماي قالىدىكەنمەن. گەپلىرىمنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ! تەتىللەردە كەلگۈڭىز كەلسە، قايتىپ كېلەرسىز، بولمىسا مەكتەپتە قېلىپ قالسىڭىزمۇ ئىختىيارىڭىز. ئەمدى ھەممە ئىشقا ئۆزىڭىز مۇستەققىل قارار چىقىرىشىڭىز زۆرۈر بولىدۇ. ھەرگىز ئالدىراپ قارار چىقارماڭ! ھەر بىر قەدەمنى ئاۋايلاپ بېسىڭ! ھەي! شور پېشانە قىزىم، بۇ ئۆمرىڭىزدە ئاتا - ئانا مېھرىگە قانمايلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدىڭىز. ئاللاھ ئىشلىرىڭىزغا ئاسانلىق بەرسۇن قىزىم. بىر ئۆمۈر ئەقىدە، ئېتىقاد ۋە ئىمان بىلەن ياشاڭ!، — ئانام بېشىمنى سىلىغاچ گېپىنى توختاتتى.

— گېپىڭىزنى ئېسىمدە ساقلايمەن، ئانا،— دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ. بىز يەنە بىردەم تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتۇق. نېمىشقىكىن يۈرىكىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، خۇددى بىرسى پىچاق تىقىۋەتكەندەك. ئانام ماڭا، مەن ئانامغا تويماي قاراشتۇق.

ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغانىدى. ئانام ئۇسساپ قالغان بولسا كېرەك، مېنى چاقىردى:

— زىبانۇر! گۈلۈم بالام، ماڭا بىر چىشلەم مۇز بەرسىڭىزچۇ!؟ ئىچىم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ.

— مانا ھازىرلا،— دېدىم-دە، توڭلاتقۇدىن ئىككى پارچە مۇز ئېلىپ چىقىپ ئانامنىڭ ئاغزىغا سالدىم، (ئانام ئاغرىپ قالغاندىن بېرى توڭلاتقۇدىن مۇز ئۈزمەيتتۇق)، ئانام خۇش بولۇپ كەتتى.

— رەھمەت بالام، چاڭقىغان يېرىمگە باردى. خۇدايىم قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن.

ئانام شۇنداق ئىدى. مەن كىچىككىنە بىر ئىشنى قىلىپ بەرسەم، ماڭا رەھمەت ئېيتىپ بەخت تىلەشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى.

سائەت ئونلاردىن ئاشقاندا ئانامنىڭ ئىنىسى ۋە ھاممام كىرىپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئانامدىن ئەنسىرەپ كىرگەنىكەن. ئانام ئۇلارنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى:

— ئۇكام، مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن، مۇشۇ ئەتىۋارلىق قىزىم يالغۇز قالىدىغان بولدى. بېشىنى سىلاپ قويۇڭلار، ئۇ يېتىملىكتە قالمىسۇن. كۆز قارىچۇغۇم ئىدى، ئەمدى ئايرىلىدىغان بولدۇم، دەپ ئىنىسىگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلدى. ئۇلار كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— خاتىرجەم بولغىن ئاچا، سېنىڭ قىزىڭ مېنىڭ قىزىم. ھېچكىمگە «تاك»قىلىپ چەكتۈرمەيمەن،— دېدى ئانامنىڭ ئىنىسى.

— خاتىرجەم بولسىلا، زىبانۇر مېنىڭ ئۆز قىزىمدەكلا،— دېدى ئانامنىڭ يەڭگىسىمۇ مەيۈس ئاھاڭدا.

ئانام ئۇلار بىلەن رازىلاشتى. ئاندىن يەنە مېنى چاقىردى:

— ماياققا كېلىڭە گۈلۈم بالام! — مەن ئاستاغىنا ئانامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم، ئانام ئاستا گېپىنى داۋاملاشتۇردى،- مېنى باقىمەن دەپ جىق جاپا تارتتىڭىز، قىزىم، مەن سىزنى باققان ئەجرىمگە رازى، سىزمۇ مەندىن رازى بولۇڭ، قىزىم!

ئانامنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— مەندىن رازى بولۇڭ، ئانا! سىزگە كۆپ جاپا سالغانىكەنمەن، مەندىن رازى بولۇڭ، ماڭا بەرگەن سۈتىڭىزگە، باققان ئەجرىڭىزگە رازى بولۇڭ ئانا! — دېيەلىدىم ئارانلا.

— مەن مىڭ مەرتەم رازى قىزىم، ئۇز خېنىم، گۈلۈم بالام، مېنىڭ زىبانۇرۇم، كۆز نۇرۇم....

ئانام شۇنداق دەپلا سۆزدىن قالدى. ئۇ شۇنچە سۆزلەشكە تىرىشسىمۇ، ئاۋازى چىقمايۋاتاتتى.

— ئانا! ئانا!... مېنىڭ چاقىرىشلىرىمغا ئانام ئەمدى جاۋاب قايتۇرالمىدى.

بۇ چاغدا سائەت ئون بىر بولغانىدى. مەن ئانامنىڭ بېشىدا ئانامنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇردۇم. ئانام مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىۋالغانىدى. كۆزلىرىنى مېنىڭدىن ئۈزمەيتتى. ماڭا يەنە نۇرغۇن گېپى باردەك ئېغىزىنى ئۆمەللەيتتيۇ، ئاۋازى سىرتقا چىقمايتتى. ۋاقىت ئۆتمەكتە. سائەتنىڭ يېنىك چىكىلدىغان ئاۋازى مېنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. بۇ ئارىلىقتا تاغام تۇغقانلارنى چاقىرىپ كەلدى. ھەممىسى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئانامدىن رازىلىق ئېلىشتى. ئانام ئۇلارغا بېشىنى لىڭشىتىپ رازىلىق بىلدۈردىيۇ، كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزەلمەي قالدى. مۇشۇ تەرىقىدە ئۈچ سائەت ئۆتۈپ كەتتى. سائەت ئىككى بولغانىدى. ئانام ئەڭ ئاخىرقى بىر رەت ماڭا تىكىلىپ قارىدى - دە، كۆزلىرى ئارقىغا تارتىشىپ قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قوللىرى مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىۋالغانىدى.

— ئۆتۈپ كەتتى... داكا بارمۇ؟ ئېڭىكىنى تاڭايلى...— دېدى ئانامنىڭ ئاكىسى ۋە ئانامنىڭ ماڭا قاراپ قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى قولى بىلەن يۇمدۇرۇپ قويدى.

مەن نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. ئۇلار ھە - ھۇ دېيىشىپ ئانامنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىپ، ئانامنىڭ قوللىرىنى مېنىڭ قولۇمدىن ئاجرىتىپ، ئانامنى تۈزلەپ ياتقۇزدى. بىراق مەن شۇ دەقىقىدە ئىنكاسسىز ئادەمدەك قېتىپلا قالغانىدىم، ئۇلار ئانامنى قىبلىگە قاراپ ياتقۇزۇپ، يۈزىنى ئاق داكا بىلەن يېپىپ قويغاندىن كېيىنلا ئۆزەمگە كەلدىم ۋە ئانامنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم.

— ئانا!...ئانا!...كۆزىڭىزنى ئېچىڭە ئانا! مېنى تاشلاپ كەتمەڭ!...

يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالىلىرىم ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى بۇزغان بولسا كېرەك، ھەممىسى كۆز يېشى قىلىشماقتا. مەن ئانامنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. خۇددى ئۇنىڭدىن ئايرىلماي باغرىغا سىڭىپ كېتىشنى ئىستىگەندەك. بىراق ئانام ئىلگىركىدەك بېشىمنى مېھرىلىك سىلىمىدى، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپمۇ قويمىدى. ئۇلار مېنى تارتىپ ئانامدىن مىڭ تەسلىكتە ئاجراتتى. ھەممىسى ماڭا تەسەللىي بەرمەكتە:

— سەۋر قىلىڭ!

— ئاچامنى خاتىرجەم ماڭغىلى قويغىن!

— مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئاي ئۇلۇغ كۈنلەرنى بەرگەنلىكىگە شۈكرى دەيلى!

شۇ تاپتا بۇ ئىشلارنىڭ ئوگۇم ئىكەنلىكىگە پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى. ھېچكىمنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرىدىغاندەك ئەمەس. ساراڭدەكلا بولۇپ قالدىم. بەلكىم ساراڭمۇ مېنىڭ بۇ ھالىتىمدىن ياخشىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئانامنى يۇيۇپ - تاراپ، كېپەنلىككە ئوراشتى. ئانامنى يۇغان ھېلىقى ئايالغا ئېسىلدىم.

— ئانامنىڭ يۈزىنى ئاخىرقى بىر رەت كۆرۈۋالايچۇ؟ پەقەت بىر قېتىم... ئېچىپ بېرىڭچۇ؟...

مېنىڭ نالەمگە چىدىماي، ئانامنىڭ يۈزىنى ئېچىپ بەردى. ئانامغا قارىدىم. ئانام ئاپئاق ياغلىق ۋە ئاپئاق كېپەنلىكلەر ئارىسىدا بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەن ئادەمدەك، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ياتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزۈمگە تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. خۇددى ئانامنى چۆچۈتۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك ئاستا چاقىردىم:

—ئانا!... ئاڭلاۋاتامسىز ئانا! ... ماڭا قارىڭە ئانا!... — ئانام بىر خىل ياتاتتى.

مەن كىچىك باللارچە ئۈمچىيىپ، يىغلاشقا باشلىدىم. ئۇلار ئانامنىڭ يۈزىنى يۆگەپ، جايناما‌زغا ئوراشتى. بۇ ئىشلارغا پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيتى، ئانامنى ئېلىپ ماڭغاندا يۈگۈرۈپ چىقىپ، جىنازىغا ئېسىلىۋالدىم.

— ئانا! مېنى تاشلاپ كەتمەڭ ئانا! مەن يېگانە قالدىمغۇ؟! مېنىڭ بېشىمنى كىم سىيلايدۇ؟! ئانا!... ئانا!...

جامائەت ئانامنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مېنىڭ يۈرىكىم، روھىم ئانام بىلەن بىرگە كېتىپ قالغانىدى... ئانام بارغانسېرى مەندىن يىراقلاپ ئاخىرى بىر چېكىتكە ئايلىنىپ كۆزلىرىمدىن يۈتتى...

مانا شۇنداق قىلىپ رامىزاننىڭ 11 - كۈنى سەھەردە مەن ئانامدىن، دۇنيادىكى بىردىنبىر مېھرىبانىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

ئانامنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى. مەن روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراتتىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بىرلا ئىسمنى تەكرارلايمەن: «ئانا!»...

بــۇ كــۈنى كەلگەنــلەر ھەممســى ماڭــا ھېسداشــلىق قىلىشــتى. ئانامنىــڭ ياخشــى سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئەمما مەن ئۈچۈن ھەممىسى بەرىبىر ئىدى.

دوســتلىرىم ، ساۋاقداشــلىرىم ھەممىســى كېلىشتى. ئۇلارنىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش ئويناپ تۇرۇپتۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ كېلىشى يۈرەك يارامغا ئازراق مېھىر ئاتا قىلغان بولسىمۇ، قەلب تۆرەم يەنىلا قوپقۇرۇق ئىدى... چۈنكى ئەمدى مەن تەنھا قالدىم.

ئانامنىــــڭ ئاخىرەتلىــــك ئىشــــلىرىنى ئاخىرلاشــتۇرۇپ، مەكــتەپكە قايتــپ كەلــدىم. ئەمما بۇرۇنقى شوخلۇقۇم، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېچىلىــپ كۈلۈشــلىرىم قاياقلارغىــدۇر كېتــپ قالغان. روھىم چۈشكەن، چىرايىن سۇلغۇن، قەلبىم سۇنۇق...

بىــر كــۈنى كەچ مەكــتەپ مەيدانىــدا كېتــپ بــاراتتىم، كــۆزلىرىم يــاش يــۇقى، بېشــىم سېلىنغانىدى. ئۇزۇنــدىن بۇيــان كۆرۈشــمىگەن بىر دوستۇم كېلىپ مەنــدىن ئەھۋال سورىدى ۋە:

ــ ئــاداش! ئانــاڭ كېتــپ قــاپتۇ، يېــتىم قاپسەن، كۆڭلۈڭنى بۇزما! ــ دېدى.

ئۇنىــڭ سـۆزلىرى ماڭــا بەك تەســىر قىلــدى. ئۇنىڭ ، مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ ئاغزىــدىن مەن ئاڭلاشتىن ئەڭ قورقىدىغان « يېتىم » دېــگەن سۆز چىقىۋاتاتتى. ئۆزەمنى تۇتالمىدىم:

ــ يــاق! مەن يېــتىم ئەمەس! مېنىــڭ ئانــام بار! ئانام قەلبىمدە مەڭگۈ ھايات!ـ دەپ ئۈنلۈك تۋۋلىغىنىمچە، يۈگــۈرۈپ قــاراڭغۇلۇق ئارىســىغا سىڭىپ كەتتىم...

**مـۇھەررىرى: رۇقىيەگـۈل تۇرسـۇن ئـايقۇت (2010)**

**كورريكتــورى : ئايجامــال ئېزىــز ( 2011 )**




**مەمەتجان ئەمەت (2009)**

باھار قىزى، يېشىللىق ئەلچىسى سەن،
تۇنجى چاقماق تۇغقان سېنى باھاردا،
كۆز ئاچىدۇ يېڭى ھايات سەن بىلەن.
جىسمىڭ نۇردەك ئېقىپ كەلسە دالىدا،

باھار قىزى، كۆك ئانا ئىزىكەنسەن،
مېھىر ـ ۋاپا ئوچىقىكەن كۆزلىرىڭ،
راس ئىكەن، چاقماق ئانا قىزىكەنسەن،
يۈرۈكۈمنى كۆل قىلاركەن سۆزلىرىڭ.

باھار قىزى، يېنىڭ دەسسەپ باغ ئارا،
ھىدلىرىڭنى سوۋغا ئەتتىڭ گۈللەرگە.
ئاشۇ باغدىن كېتەلمىدىم، دىل يارا،
قاچان كېلەر!؟ ئايلانسامچۇ گۈللەرگە!

باھار قىزى، بولۇپ قالدىم سايەڭ مەن،
قوغلىمىغىن، ئاشىقىڭمەن، چىن يارىڭ.
كۈن ـ تۈنلىرى ناخشام بىلەن چىللايمەن،
چىن قەلبىمدىن چېكىپ نازۇك دىل تارىڭ.

باھار قىزى، كەلگىنىڭدە ناز بىلەن
شاملىڭدا ئۇچۇپ كەتتى ھەسرىتىم.
تاڭ نۇرىدەك كۈلگىنىڭدە ساز بىلەن،
قېتىپ قالدىم، قاچتى پىكىر ـ گەپلىرىم.

باھار قىزى، كەلگىنىڭدە قايتا رەت،
ھەسەن ـ ھۈسەن ئېسىپ قوياي بوينۇڭغا.
كەلگىن چوقۇم كەتمەس بولۇپ تائەبەد،
يۈرۈكۈمنى كۆمۈپ قوياي يولۇڭغا!

**مۇھەررىرى: زۇلخۇمار تۇردى (2008) كورريكتورى: نۇربىگۇل ئەھەت (2009)**



# تۈركلەر قەدىمدىن ساۋاتلىقمىدى

پىروفېسسور، دوكتور ئوسمان . ف سەرتقايا (Osman F. Sertkaya )
نۇرئەخمەت مەخمۇت (2008) تەرجىمىسى

يىغىن رىياسەتچىسى، ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز مۇستافا قافالى مېنىڭ نۇتۇق تېمامنى « كۆكتۈرك مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان » دەپ ئېلان قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز شۇنداق دېيىشكەن ئىدۇق، لېكىن ھازىر ئەسلىدىكى بېرىلگەن بىر سائەت ۋاقىت 20 مىنۇتقا قىسقارغاچقا مەن نۇتۇق تېمامنى ئۆزگەرتتىم. مەن بۇ 20 مىنۇتتا كۆپچىلىك بىلەن « تۈركلەر قەدىمدە ساۋاتلىقمىدى؟» دېگەن تېمىدا سۆھبەتلەشمەكچى.

27 يىل بۇرۇن مەن نەھال ئاتسىزغا بېغىشلاپ چىقىرىلغان كىتابقا « ئىنەل قاغانمۇ ياكى ئىنى ئىل قاغان » مۇ①؟ دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە تەييارلىغان ئىدىم. بۇ ماقالەمدە كۆكتۈرك ئىمپىراتورلىقىدىن ئېغىز ئېچىشىمغىلا ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز مۇستافا قافالى ماڭا ئەسكەرتىپ:« بىز بۇگۈن كۆكتۈرك ئىمپىراتورلىقى دەيمىز ۋە بۇ ئىمپىراتورلۇقنى كۆكتۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىز دەپ دەۋرلەرگە بۆلىمىز. بۇنداق ئايرىش ئەينى دەۋردە بارمۇ - يوق بۇنى بىلمەيمىز. سەن خالىساڭ « كۆكتۈرك ئىمپىراتورلىقى » دېمە، « تۈرك قاغانلىقى » دە. چۈنكى، ئۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت ئالمىشىش ئوخشاش بىر تېررىتورىيە، ئوخشاش بىر خەلق ئىچىدە بولغان، بۇ خۇددى ھازىرقى زاماندىكى بىر پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەتى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر پارتىيە چىققانغا ئوخشايدۇ. شۇنداق بولغاندا تۈركلەرنىڭ بىرلىكى، پۈتۈنلىكنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ » دېدى. شۇڭلاشقا مەن بۇيەردە كۆكتۈرك دۆلىتى قۇرۇلغىنىغا 1450 يىل بولغان قۇتلۇق كۈننى، تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 1450 يىل بولغان دەۋر دەپ ئېلىشنى توغرا كۆردۈم.

ئەمدى بۇنىڭغا قارايلى، ئوخشاش تېررىتورىيەدە بىر ئائىلە، « بوز قۇرت ئوغۇللىرى خانىدانلىقى » دېگىنىمىز، « ئاشىنا ئوغۇللىرى » دېگەندەك ئوخشاش بولمىغان ئىسىملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئائىلە 200 يىل داۋام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىر تۈرك قەۋمىدىن، يەنى ئۇيغۇر تۈركلىرىدىن « ياغلاقارلار خانىدانلىقى » كېلىدۇ. خەلق ئوخشاش بىر خەلق، تېررىتورىيە ئوخشاش بىر تېررىتورىيە، يېزىق ئوخشاش بىر يېزىق، تۇپراق ئوخشاش بىر تۇپراق، مەدەنىيەت ئوخشاش بىر مەدەنىيەت. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تۈركلەرنىڭ پۈتۈنلىكى ۋە بىرلىكى ئاساس، ھەرگىزمۇ باشقۇرغان قەبىلىنىڭ ياكى ئائىلىنىڭ ئەمەس. بۇگۈن بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە « كۆكتۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىز » دەپ سۆزلىنىشى، بىزنىڭ قەدىمكى تۈركلەرنى مۇستەقىل ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارزۇيىمىزنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەجدادىمىز.

ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، قەدىمدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر يېزىقى بار بولغىيمىتى؟ بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ھازىردىن قەدىمگە قاراپ ماڭايلى.

1928 - يىلى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە لاتىن يېزىقىغا كۆچتۇق، ئەمدى رۇخسەت قىلساڭلار بۇ ھەرپلەرنى «Alıfbe» دېمەي، « a, be, ce» دەپ ئالاي. يەنى، رۇمچىسىنى دېمەي تۈركچىسىنى دەي. تۈرك ئېلىپبەسىنىڭ بىر

تەرتىۋى بار، ئۇ بولسىمۇ
« a, be, ce, çe, de, e, f, ge, ğe, he, ı, i, je, ke, le, me, ne, o, ö, p, r, s, ş, t, u, ü, v, y, z» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. لېكىن بۇ ھەرپلەردىن 700 يىل بۇرۇن، تېخىمۇ توغرىسى 1000 يىل بۇرۇن بىز ئەرەب ئېلىپبەسىنىمۇ قوللاندۇق. ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭمۇ ئۆز ئىچىدە بىر تەرتىپى بار ئۇ بولسىمۇ تۆۋەندىكىچە:

**ا، ب، ت، ث، ج، ح، خ، د، ذ، ر، ز، س، ش، ص، ض، ط، ظ، ع، غ، ف، ق، ك، ل، م، ن②**

ئەرەب ئېلىپبەسىدىن بۇرۇن، ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇرلار قوللانغان، كېيىن موڭغۇللار قوللانغان، پارسىيلاردىن ھېساپلىنىدىغان سوغدىلارمۇ قوللانغان بۇ يېزىقنىڭمۇ بىر تەرتىپى بار، ئۇ ھەرپلەرنىڭ قولىمىزدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ جەدۋىلىگە ئاساسەن:

“a-ba-qa, va-sa-ۋە şa-ma-qa ka, ya-ka, da, mana-za, pa-ça-ra, şa-da-la

شەكلىدە ئۈچ ھەرپلىك تەرتىپتە كەلگىنىنى بىلۋالالايمىز. ③



**ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ كۆرنىشى**

دېمەك، تۈرك ئېلىپبەلىرىنى ھازىردىن قەدىمگە قاراپ ماڭساق ھەممىسىنىڭ بىر تەرتىپى بار. ئۇنداقتا، كۆكتۈركلەر قوللانغان يېزىقنىڭمۇ شۇنداق بىر تەرتىپى بار بولغىيمىتى؟ بىز قوللانغان بۇ ئۈچ يېزىقنىڭ بىر تەرتىپى بولغاندىكىن مەنچە كۆكتۈرك يېزىقنىڭمۇ بىر تەرتىپى بار دەپ ئويلايمەن. لېكىن، كۆكتۈرك دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللار ھەممىمىزگە ئايان بىزنىڭ ئادەملەر تەرپىدىن تېپىلمىدى. بۇ بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە قولغا چۈشتى. پولتوۋا ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن شېۋىتسىيەلىك قوماندان ستىرال لىنبېرگ (Philipp Johann von Tabbert)چارپادىشاھ پېتىر I تەرىپىدىن سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىنغاندا سىبىرىيەنىڭ خېلى مۇكەممەل بىر خەرىتىسىنى سىزىدۇ، كېيىنچىرەك ئۇنىڭغا ئۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن بوتانىكا ئالىمى مېسسېر شمىت (Daniel Gottlieb Messerschmidt) ئۈچۈن يول باشلىغۇچىلىق قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ.④ مېسسېر شمىت بىلەن ستىرال لىنبېرگ 1722-يىلى يېنسەيدىكى بىر چۆلدە ئاتلىق كېزىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىككى - ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە تىكلىگەن ئابىدىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. چۈنكى تاشتىكى بەلگىلەر ئۆزىنىڭ شېۋىت ھەرپلىرىگە ئوخشايتتى. « بىزنىڭ رۇنىك ھەرپلىرىگە ئوخشايدىكەن » دېيىشتى. چۈنكى، شېۋىت ھەرپلىرىنىڭ ئىسمى « رۇنىك » ئىدى. كۆكتۈركلەر قوللانغان بۇ يېزىقنىڭ ۋە بەلگىلەرنىڭ ئىسمى شۇ سەۋەبتىن « رۇنىك يېزىقى » دەپ ئاتالغانىدى. ئەمدىكى گەپ بۇ « رۇنىك يېزىقى » ياكى « رۇنىك ئېلىپبەسى » نىڭ بىر تەرتىپى بار بولغىيمىتى؟

شۇنىسى ئېنىقكى، 1722-يىللىرى بۇنىڭ تېخى تۈرك يېزىقى ئىكەنلىكى ئېنىقلانمىغان. بۇ ياۋايى، قالاق تۈركلەرنىڭ بۇنداق بىر ھەرپى، بۇنداق ئۇلۇغ بىر يېزىقى بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ لېكىن ئېنگلىز تىلى پىروفېسسورى بولغان، تۈرك تىلىنى بىلمەيدىغان ۋىليام تومسون (VilhelmThomsen)، كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى

ۋە بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشىنى خەنزۇچە يۇزىدىكى تېكىستلەرگە ئاساسەن، بۇ يېزىقلارنىڭ تۈركلەرنىڭ ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلدى ۋە 1793 - يىلى كۆكتۈرك ئېلىپبەسىنى ئوقۇدى. بۇ بايقىشىنى 1893- يىلى دانىماركا ئىلمىي ئاكادىمىيەسىنىڭ مۇھىم بىر يىغىنىدا چۈشەندۈردى ھەم تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئالقىشىغا، مەدھىيەسىگە ئېرىشتى. ئەگەر، شۇنداق پەرەز قىلساق تۇرايلى: تومسون بۇ يېزىقلارنى ئوقۇمىسا بۇ ئىشلار قانداق بولاتتى؟

ھېچ شۈبھىسىز بولمىسۇنكى، 10-15يىل ئىچىدە بۇ يېزىقلارنىڭ يەنىلا تۈرك يېزىقى ئىكەنلىكى ئاشكارلىناتتى.



مانى كۆكتۈرك ئېلىپبەسىنىڭ ئۆرنىكى

چۈنكى، بۇ كۆرگەنلىرىڭىز كۆكتۈرك ئېلىپبەسىنىڭ ئۆرنىكى. تۆت بۈيۈك نېمىس ساياھەتچىنىڭ شىنجاڭدا 1903-يىلىدىن 1914-يىلىغىچە كولانغان قەبرىلەردىن تاپقىنىنىڭ بىر پارچىسى. بۇ ئېلىپبەنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ئاستىدا مانى ھەرپلىرى بىلەن قىلىنغان ترانسكرىپسىيە بار.

تۈركچىدە ھەرپلەر كۆپىنچە بىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ كەينىگە بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ، يەنى «eb» شەكلىدە ئەمەس «be» شەكلىدە، «em» شەكلىدە ئەمەس«me» شەكلىدە، «el» شەكلىدە ئەمەس، «le» شەكلىدە كېلىدۇ. تۈركچىنىڭ تىل ئادىتى شۇنداق. ئەمما، بۇ ھۆججەتتە ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن يېزىلغان. يەنى «en , em ،el» شەكلىدە. بۇ پۈتۈن تۈركولوگلارغا « قەدىمكى تۈركچىدە ئۈزۈك تاۋۇشلار ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن دېيىلەتتى » دېگەنگە يول ئاچتى. لېكىن مەن بۇنداق ئويلىمايمەن. مەنچە، بۇ يەردە يېزىلغىنى مانىيلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن تۈركچىنى ترانسكرىپسىيە قىلىشى بولۇپ، تۈركچىنىڭ ئوقۇلۇشىنى كۆرسەتمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكتۈرك دەۋرىدە ھېچقاچان «el» دېيىلمىگەن ، بەلكى«le» دېيىلگەن.

ئەمدى باشقا بىر ئېلىپبەنى كۆرەيلى

يەنە باشقا بىر ئېلىپبە تېپىلدى. بۇ بېرلىندىن ساقلىنىۋاتقان Mainz 171 (T M (340 نومۇرلۇق، قوش ھەرپلىك بىر سىلىشتۇرما ئېلىپبەدۇر.



كۆكتۈرك ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

بۇ يەردە W B1 نىڭ (بۇ) ئوقۇلۇشىنى كېيىنكى ئۇيغۇر ھەرپلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن«bu» دەپ ئوقۇياتتى ۋە بىز B1 ـ ۋە(b) ـ B1 ۋە W(u) نىڭ قىممىتىنى تاپاتتۇق. مۇقاۋىسىغا يېزىلغان، باشتىكى «t» بىلەن كەينىدىكى «ç» ئۇ بەلگىدە يىرتىلغان. ئۇنىڭ t[örtün]ç (تۆرتىنچى) بولىدىغىنىنى كېيىنكى ئۇيغۇر ھەرپلىرىنىڭ يېزىلىشىدىن بايقىيالايتتۇق. بۇ يەردە «y، m ، e» ھەرپلىرى بىلەن ئۇيغۇرچە yeme دەپ يازىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر ھەرپلىرىنىڭ يازدىمى بىلەن 1910 ـ يىللىرىدا بۇ تېكىستلەرنى ئوقۇيتتۇق ۋە بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ تۈركلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتۇق. بۇ ئىككى ئېلىپبە ئىلىم ساھەسىدە بىلىنىدۇ. بىرىنچىسى تېخمۇ ئېنىق بىلىنىدۇ.⑤ ئىككىنچىسى بىلەن جىق ھەپىلىشىلمىدى، بىرسى ئا.فون.لېكوك ( A. Von Le Coq)، يەنە بىرسى مەن تەتقىق قىلدۇق.⑥ لېكىن ياپونىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇر تېكىستلىرىدە يەنە باشقا بىر ئېلىپبەنىڭ پارچىسى تېپىلدى.



Resim 4. Uygur abecesinin ikinci örneği

**ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئىككىنچى ئۆرنىكى**

بۇ يېڭى تېپىلغان بىر ئېلىپبەنىڭ پارچىسى، بىر ئېلىپبەنىڭ ئاخىرقى قىسمى، بىر جەدۋەلنىڭ ئاخىرقى قىسمى. ھازىر بۇجەدۋەلنى بۇ يەرگە يازغان زامان ۋە مانىي ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان ھەرپلەرنى يازغىنىمىز زامان، بۇ ئىككى ئېلىپبەدىكى ئورتاق نوقتىلار ئۈستىمۇ ئۈستى كېلىدۇ. يەنى تۈركىستاننىڭ ئوخشاشمىغان ئىككى رايونىدىن ئوخشىمىغان دەۋردە، يەنە بەلكىم ئارىسىدا يىل پەرقى بولغان ۋاقىتتا يېزىلغان ئېلىپبەلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشاش.



Resim 5. Uygur abecelerinin örtüşmesi

ئۇيغۇر ھەرپلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشىسا، ئۇنداقتا چوقۇم بىر ھەرپ تەرتىپى بار دېگەن گەپ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ھەرپلەر بىر ـ بىرىگە ئۈستىمۇ ـ ئۈست چۈشمەيتتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ

بۇرۇنقى يېزىقلىرىمىزنىڭ ئەڭ كونا تۈرك تامغىلىرىدىن چىققىنىنى قوبۇل قىلغىنىمىز، بىزنىڭ قەدىمكى ھەرپلىرىمىزنىڭ تەلەپپۇز تەرتىپىنى بىلمىگىنىمىز ئۈچۈن، ھەم بۇ قەدىمكى ھەرپلىرىمىزنىڭ ياكى ئىشارەتلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئەجەبا ئىككى - ئىككىدىن تەلەپپۇز قىلىناتتى دەمدۇق. چۈنكى ھەر ئىككى ھەرپتىن كېيىن بىر چېكىت بار. ياكى تۆتتىن - تۆتتىن سۆزلىنەمدۇ بىلمەيمىز. بۇ نۇقتا تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇ ئىككى ئېلىپبەنىڭ ئۇستىمۇ ئۇستى كېلىشى بىزگە يېڭى يول ئاچىدۇ. بۇ يول قانداق يول؟ ئېلىپبەلەردىكى ھەرپ سانى قانچە؟ بىز ھەرپلەرنى سېلىشتۇرغان ۋاقتىمىزدا كەم قالغان ھەرپلەرنىمۇ كۆرگىنىمىز ئۈچۈن ئۈچ چوڭ مەڭگۈ تاشتا 38 ئىشارەت بولۇپ قوللىنىلغان يېزىقنىڭ تەركىبىدە 68 دانە ھەرپ بولۇشىنى كېرەكلىكىنى بىلەلەيمىز. لېكىن ئېلىپبەلەرنىڭ ئۆ قىسملىرى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بۇنى ھېساپلىمايمىز. بۇلارمۇ لىگاتۇر بولۇش ئېھتىماللىقى بەكلا يۇقىرى. يەنى ھەرپلەرنىڭ ئۆزگىچە ترانسكرپسىيە قىلىنغانلىقىدۇر. «N1» ھەرپىنى يەك بىر ئىشارەت بىلەن يازىدۇ. بۇرۇندىن سۆزلىسەك ئاستىغا بىر سىزىق سىزاتتى. يەنى ئىككىنچى بىر ئىشارەت بىلەن ئىككى ياكى ئۈچ خىل ئىشارەتلەرنى بىر بىرلىك قىلىپ بىرلەشكەن تاۋۇشلارنى ئىپادىلىسە بىز بۇنى لىگاتۇر دەيتتۇق. بۇ بىر تېخنىكىلىق مەسىلە بولغاچقا مۇشۇ يەرگىچە سۆزلەيمىز. مەن بۇ يەردە پەقەت بىزنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىمىزدا 66 ھەرپ چىگراسىنىڭ بولغىنىنى دېمەكچى خالاس.

مەن بۇ پىكىرلىرىمنى 10 يىل بۇرۇن، يەنى 1990- يىل 4- ئاينىڭ 24 - كۈندىن 29- كۈنگىچە بۇداپىشتتا ئېچىلغانخەلقئارا ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي قۇرۇلتىيى Altaistic Parmanent International) (Conference (=PIAC) دا ئوتتۇرىغا قويغان. بەش يىل بۇرۇن تۈرك مەدەنىيتى تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەييارلانغان كىتابىمدا ھەم تۈركچە ھەم ئېنگلىزچە چۈشەندۇردۇم. بۇ يازمىلىرىمنى ئىلىم ساھەسىكىلەر ھەممىسى دېگۈدەك ئوقۇدى، لېكىن بۈگۈنگە قەدەر ھېچكىم قارشى پىكىردە بولمىدى.

بىز ئۈچ بۈيۈك مەڭگۈ تاشنى ياخشى بىلىمىز، بۇلار: بىلگە قاغان، كۆلتېگىن ۋە تونيۇقۇق مەڭگۈ تاشلىرىدۇر. مەن بۇ يەردە ھازىرلا ھۆرمەتلىك مىنىستىرىمىزغا جاۋاب بېرەي؛ بىز موڭغۇلىيەدىكى تېكىستلەرنى تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ چىقتۇق. سىبىرىيەدىكى يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ چىقتۇق. بۇلار 10يىل بۇرۇنلا تەييارلانغان ئىدى. مەن 1990 - 1991 - يىللىرى سىبىرىيەنى تەكشۈردۇم. مەن بارمىغان جاي، كۆرمىگەن تېكىست قالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بايقالغانلىرى يەنە ماڭا بىلدۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھۆرمەتلىك مۇدىرىمىز دەپ ئۆتكەن كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش، يەنى مەڭگۈ تاشلىرى، بىناكارلىق ۋە باشقىلار، بۇنىڭ تېكىست قىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەرلىرى ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولغان. 2000 - يىلى 10 - ئايدا ئەڭ ئاخىرقى ماتېرىياللارنىمۇ چۈشتىن بۇرۇن ئاڭلىغۇچىلىرىمىزدىن بىرى، كەسپىدىشىمىز ھۆرمەتلىك جەنگىز ئالىيلماز بىزگە يەتكۈزدى. موڭغۇلىيەدە ھازىر جەمئىي 56دانە ھۆججەت بار. بۇ نۇقتىدىن قولىمىزدىكى تېكىستلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر تىزىملىك بار. بۇنىدىن كېيىنكىسى يەنى تارىخى بەلگىلەرنىڭ تەتقىقات ئەھۋالىنىڭ تىزىملىكلىرىنىڭ ئېنىقلىنىشى تۈرك تارىخى قۇرۇمىنىڭ مۇدىرى يۇسۇف ھالاجوغلۇغا قالدى. كۆكتۈرك يېزىقلىرى بىزنىڭ ئالدىمىزغا دائىم بۈيۈك خاتىرە بۈيۈملاردا چىقتى. يەنى بىز يېزىق تىپلىرىنى ۋ . ۋ . رادلوف ( V.V. Radlov) نىڭ تارتقان رەسىملىرىدىن، بىلگە قاغان، تونيۇقۇق ۋە كۆلتېگىن مەڭگۈ تاشلىرىدىن، كۆلچۆر، ئونگىن بىلەن باشقا مەڭگۈ تاشلىرىدىكى چوڭ ۋەسىقىلەر ۋە يەنە يېنىسەي دالىسىدىكى كىچىك ۋەسىقەلەردىن كۆردۇق.

يېزىق تىپلىرىنىڭ بىرىنچىسى بىلگە قاغان، كۆلتېگىن ۋە تونيۇقۇق مەڭگۈ تاشلىرىدىكى ئويۇقتا ئوخشاش ئويۇپ يېزىلغان ھۆججەتلەر. بۇنىڭ ئەڭ گۈزەل مىسالى، بۇزۇلۇشقا ئاز ئۇچرىغان ۋە ئەڭ ئاز

ئۇيغۇر تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تاشلىرىدۇر. لېكىن ۋاقتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن بۇمۇ ئۇپىراۋاتىدۇ.

ئىككىنچى يېزىق تىپىغا مىسال بىرەيلى. ئۈرۈمچىدىن ئۇرۇشقا كېتىپ بارىسىز، ياكى ئىستانبۇلدىن ئەنقەرەگە قاراپ ئۇزاق بىر يەرگە كېتىپ بارىسىز. ئۆيىڭىزدىن، يۇرتىڭىزغا 400 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە ئۇرۇش قىلىۋاتىسىز. ئۇ تاغلاردىن ئۆلۈكلەرنى قانداق كۆتۈرۈپ ئەكىلىسىز؟

بىر تاشنى تاپىسىز، ئۇ تاشقا خەتلەرنى يازىسىز، ئاندىن ئۇنى كۆمگەن ئادەمنىڭ بېشىغا تىكلەيسىز، يۇرتىڭىزغا قايتقىنىڭىزدا مېيىتقا ئاتاپ مۇراسىم قىلىسىز. لېكىن تاش تىككەن ۋاقتىڭىزدا يېنىڭىزدا تاش ئويۇغۇچى يوق، خەتنى كىم ئويالايدۇ؟ ئۇ چاغدا ئويما يېزىق دېگىنىمىز ياكى تەسۋىرىي يېزىق دېگىنىمىز قىلىچنىڭ ياكى پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن يېزىلغان يېزىقلاربولىدۇ. مەسىلەن 134 - نومۇرلۇق يىنسەي ھۆججىتىگە ئوخشاش ھۆججەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ. 134 - نومۇرلۇق يىنسەي ھۆججىتى توغرىسىدا دېمىترىي ۋاسلىيېۋ بىلەن مەن ئايرىم - ئايرىم تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. كېيىن تەتقىقاتىمىزنى بىرلەشتۇردۇق. لېكىن بىز پەقەت « تەڭرى » دېگەن بىر سۆزنى ئوخشاش ئوقۇپتۇق. باشقىلىرىنى ئۇ باشقىچە مەن باشقىچە ئوقۇپتىمىز. سېلىشتۇرۇپ بىر ئاساسىي تېكىست چىقاردۇق. نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىمىزدىن پەرقلىق ئوقۇدۇق؟ چۈنكى ئۇ پىچاق بىلەن يېزىلغان يېزىق، 1000 يىلدىن بېرى بۇزۇلغان، ئۇپرىغان يېزىق ئىدى.

دېمەككى، ئىككى خىل يېزىق، يەنى ئويما يېزىق ۋە تەسۋىرىي يېزىق بار. بىرسى، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا تېپىلغان كۈپلەردىكى ئويما يېزىقلاردا بار.

يەنى بىرسى، تاملارغا، تاشلارغا بوياقلار بىلەن يېزىلغان ئېلان قىلىنمىغان بەزى يېزىقلار بار. يەنى تۈركلەر 1000يىل بۇرۇن قىزىل ۋە يېشىل بوياقلار بىلەن خەت يازغان، بىر دانىسى ھويۇت تامىر مەڭگۈ تېشىدىكى ھۆججەتلەر. بىر قازاق دوستىمىز بۇ يەردىكى يېڭى ۋەسىقىلەرنى بايقىدى. قازاق تۈركولوگ خارجاۋباي سارتخوجا ئۇنى تەتقىق قىلغاندا تۇيۇقسىزلا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، ئۇ پەقەت تاغنىلا كۆرۈپتۇ. تاغ ئاستا - ئاستا رەڭلىنىشكە باشلاپتۇ، يېشىل، كۆل، قىزىل ۋە باشقا مۇرەككەپ رەڭلەردە كۆرۈنمىگەن ۋەسىقىلەر ئاشكارە بولۇشقا باشلاپتۇ، چۈنكى ئادەتتە قۇياش ئۇ رەڭلەرنى ئۆزگەرتىدىغان ئۈچۈن كۆز بىلەن بۇلارنى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن يامغۇر ياققاندا بوياقلار نەمدەلگىنى ئۈچۈن ھارجاباي ئۇ خەتلەرنى كۆرۈپتۇ، ئۇ يەرگە بەلگە قويۇپتۇ، بىرەر سائەت ئۆتۈپ يامغۇر توختاپ قۇياش چىقىپتۇ ۋە يېزىقلار يېڭىدىن يوقاپ كېتىپتۇ، لېكىن يەرلەرگە بەلگە قويۇپ قويغىنى ئۈچۈن ئۇ يەرگە سۇ ئەكەپتۇ ۋە ئۇ يەرلەرنى نەمدەپتۇ، يېڭىدىن ئۇلارنى كۆپىيە قىپتۇ، بۈگۈن بىزنىڭ ھويتو تامىر ۋە رادلوفلارنىڭ (Radlov) نەشر قىلغان ئون مەڭگۈ تاشنى 22 گە كۆتۈرۈشىمىزگە يەتكۈدەك چوڭ ھەجىملىك يېڭىدىن قوشۇلغان ھۆججەتلىرىمىز بار.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈركلەردە قەغەزگە يېزىلغان تېكىستلەرمۇ بار، ھېچكىم بۇنى تۈركىيەدە يازمىدى، ياكى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن توختاپ قالغىنىمۇ يوق.

« ئىرق بىتىك » ئاتلىق بىر پال كىتابى بار، بۇ خەنزۇچە بىر پال كىتابىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى. كۆكتۈرك ھەرپى بىلەن قەغەزگە يېزىلغان بۇ 110بەتلىك ئەڭ قەدىمكى كىتابىمىز ئەنگلىيەدە بېرىتانىيە مۇزىيى (Britsh Museum) دا ساقلانماقتا. يەنى بىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى، يەنى مىڭ يىل بۇرۇنقى قەغەزگە يېزىلغان ھەرپلەر سىستېمىمىز چۈشۈرۈلگەن كىتابىمىزدۇر. بۇنىڭدىن باشقا قەغەزگە يېزىلغان ئوخشىمىغان يەرلەردىن تېپىلغان ئورخۇن يېنسەي يېزىقىدىكى تېكىستلەر بار. بېرلىن مۇزىيىدىكى بۇ تېكىستلەردىن سەككىزىنى لېكوك تەييارلىغان. بېرلىندىكى ۋاقتىمدا بۇ تېكىستلەرنى بىر باشتىن ۋاراقلىدىم، 16 دانە قەغەزگە يېزىلغان ھۆججەت تاپتىم. ئىلىملەر ئاكادېمىيەسى بۇ ھۆججەتلەرنى ئاشكارىلاش ھوقۇقىنى ماڭا بەردى، مەنمۇ كەسىپداشلىرىم Hansئېدۋارد تجارسكى ( Edward (Tryjarski ۋە ۋېلھېلم ھاۋسىڭ ( Wilhelm (Haussig لار بىلەن بىرلىكتە بىلگە قاغان

ۋاپاتىنىڭ 1250يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن «ئۇرال-ئالتاي جەمئىيىتى» (-Societas“ ”Uralo-Altaica)(1952-يىلى قۇرۇلغان باش شتابى گېرمانىيە بولغان خەلقئارالىق ئىلمىي تەشكىلات) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان » Runen, Tamgas und Graffiti aus Asien und Osteuropa« ئاتلىق كىتابتا بۇ يېڭى بەلگىلەرنى نېمىس تىلىدا چۈشەندۈردۈم. بىر ئۇرال-ئالتاي جەمئىيىتى دەپ ئاتالغان گېرمان تەتقىقات گۇرۇپپاسى بىلگە قاغان ئۈچۈن 1985 - يىلى بىر كىتاب چىقىرالمىغان. بۇلارمۇ بىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىز، خاتالىقلىرىمىزدۇر. كېسەلنى توغرا ئانالىز قىلمساق، قانداق كېسەل داۋالاشنى بىلەلمەيمىز. ئەمدى بۇ يېزىق تىپلىرى توغرىسىدا كۆپ توختالمايلى.

مەن بۇ قەغەزگە يېزىلغان بەلگىلەردىن تىزىملىكنى يېزىپ چىقتىم، «ئىرق بىتىك» ھەققىدە چوڭ - كىچىك ئوخشاش بولغان ئەللىك تال پارچە بار. ئەمدى گەپنى قىسقا قىلىپ بىر قانچە رەسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىملەرنى چۈشەندۈرەي.

بۇ يېڭى بىر بەلگە، يەنى ئۇستىدە رۇنىك يېزىقى بولغان بىر ئالتۇن پۇل. بۇنىڭ بەزىلىرى ھون دەۋرىگە، بەزىلىرى 8 - 9 - ئەسىرگە ئائىت. سېرگىي گېرىگورىۋىچ كىلياشتورنىي بۇ رونىك ھەرپى بىلەن يېزىلغان ۋەسىقىنى ang (e) b(e)g شەكلىدە تۈركچە ئوقۇدى.⑨ ئەگەر بۇ پۇللار كۆكتۈرك دەۋرىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت، ياكى ھون دەۋرىگە ئائىت بىر پۇل بولسا، ئۇنداقتا بۇ تۈرك ھەرپلىرى بىلەن تۈركچە يېزىلغان بولىدۇ، بۇ بىزگە نىسبەتەن بەكلا مۇھىم ۋە يېڭى بايقاش. ئەگەر بۇنى ئوسمان فىكرى سەرتقايا سۆزلىسە، سىز ئۇنى تۈركپەرەس، فاشىست، مىللەتچى دەيسىز، لېكىن بۇنى تونۇلغان بىر رۇس ئالىمى كىلياشتورنىي سۆزلىسە سىز ئۇ ئادەمنى تۈركپەرەس، تار مىللەتچى، فاشىست



دېيەلمەيسىز، ئۇنى ئالىم دەيسىز. بۇ نۇقتىدىن بىر رۇس ئالىمنىڭ بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىزنىڭ ئېلىپبەيىمىزنىڭ، يېزىقىمىزنىڭ تارىخى دەۋرلەردىكى تەۋەلىكىنى ئېنىق قىلدى. بۇ تۈرك تارىخىغا نىسبەتەن بىر يېڭىلىق. قاراڭ بۇ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ھەجىملىك مەڭگۈ تېشىمىز. ئەپسۇس، ئۇ ئۇچكە بۆلۈنگەن ئەھۋالدا تۇرۇپتۇ، بۇ بىزنىڭ ۋاقتىدا قۇتقۇزۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ تېمىدا جەنگىز ئالىيىلماز سىزگە تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۇ ساياھەتچىلەرنىڭ تاشلارنى رەسىمگە تارتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئويما خەتلەرنىڭ ئۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مېنىڭ 10يىل بۇرۇن ئېنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تارتقان رەسىملىرىم بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، جەنگىز ئالىيىلمازنىڭ ئەكەلگەن ھۆججەتلىرىدە 50% مەتىنىنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى بايقىدىم. مەتىنلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش مەسىلىسىگە تىل قۇرۇمىنىڭ مۇدىرى ئابدۇخالىق چاي ئەپەندى دەرھال بىر تەدبىر قوللىنىپ بۇلارنى قۇتقۇزۇپ قىلىشى لازىم.




تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىنى كۆرىۋاتىسىز، ھەرپلەر بىر ئاز چوڭ ئويۇلغان، قۇرلار ئالتە ياكى يەتتە قۇر، ساقلىنىشى نىسبەتەن ياخشى بىر مەتىن.

موڭغۇلىيە ئىلىم - پەن ئاكادېمىيەسى ئەزالىرى شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشىنى ئاسانلا ئۆچۈرەلەيدىغان رەڭ ۋە بوياقلارنى قوللىنىپ

ئۈستىدىكى ھەرپلەرنى بويىدى ۋە ئۇنى پىروكسىيەگە ئالدى. تاشنىڭ نورمال رەسىمنى تارتقىنىڭىزدا ھەرپلەرنى كۆرەلمەيسىز، بويالغان رەسىملەرنى پىروكسىيەگە ئالغان ۋاقتىڭىزدا قارا رەڭنىڭ ئارىسىدىن ئاق ھەرپلەرنى كۆرەلەيسىز. مېنىڭ قولۇمدىكى شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تاش مەتىنى ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن نەشىر قىلغان كىتابىغا 50% قوشۇمچىدۇر. تېكىست يېگىدىن تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭغا يېزىلغان تۈرك تارىخىغا ئائىت پۈتۈن مەلۇماتلار ئوتتۇرغا چىقتى.

كۆلچۇر مەڭگۈ تېشى: بۇمۇ چوڭ ۋىسقىلەردىن بىرى. ئەمدى بۇنىڭ كەيىندىكى بىر رەسىمگە قارىسىڭىز، تاشتىن ئۈستىدىن قانداق بولغىنىنى كۆرىسىز. قاراڭ، تېكىست ئوتتۇرىغا كەلگۈچە ئازلاپ كەتكەن، بۇ ئەمدى تەدرىجي يوقايدۇ .

بۇ يەردە تېخى نەشر قىلىنمىغان كوپېلكو(Kopelko) ئىسىملىك بىر رەسسامنىڭ خاكاسىيەدە دىمىتري ۋاسلىيىف بىلەن ماڭا بەرگەن قىزىل رەڭدىكى مۆرەككەپ بىر ۋەسىقىنى كۆرىۋاتىسىز. بۇ يىنسەي بويلىرىدىكى ۋەسقىلەردۇر. بۇنى



Resim 8. Yenisey 70 numaralı yazıt

تېخى نەشر قىلمىدۇق. بۇنداق قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ: بىزدىن بۇرۇن داڭلىق تۈركولوگ، ئارخولوگ ھەم كەسپداشىمىز ئىگور لېئونىدوۋىچ كىزالسوف بۇ تېكىستنى نەشر قىلىش ئىشنى ئۈستىگە ئالدى ۋە شۇ تېمىدا ئىشلەۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئۇ كەسپداشىمىز بۇنى ئېلان قىلغۇچە ساقلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئىلمىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغان بولسا مەن بۇنى 10قېتىم ئېلان قىلىپ بولاتتىم. لېكىن، ئالدى بىلەن كىزالسوف ئېلان قىلىنىشى كېرەك. مەن يېگى بىر نەرسە سۆزلىمەكچى بولسام كېيىنچە سۆزلىشىم كېرەك. ئۇنداق بولمىسا سىزنىڭ ئورگىنالىڭىزنىمۇ باشقا بىرسى ئىگەللەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن بۇ سورۇندىكى ياش تەتقىقاتچىلارغا تەجرىبىلىك بىر ئاكا ئورنىدا بۇنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك. يەنى، بىر مەتىننى ئۇنداق ئاسان ئېلان قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەڭلار. ئىلىم ئەخلاقى ئۇنتۇلمىسۇن. سىز نېمىشقا نەشر قىلمىدىڭىز دېسىڭىز كىزالسوفنىڭ نەشرى بىزگە قارىغاندا بۇرۇن چىقىشى كېرەك. ئۇنىڭ نەشر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بىزمۇ نەتىجىلىرىمىزنى ئېلان قىلىمىز.

قىزىل قايا مەڭگۈ تېشى: يىنسەي دەرياسىنىڭ تارماقلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىدىكى بىر جىلغىغا جايلاشقان. بۇ تاغمۇ كۆندىن - كۈنگە كىچىكلەۋاتىدۇ. تاغنىڭ پارچىلىرىنى ئالالايسىز، يىنسەيدىكى 24 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئۈچۈن مەن ئۇ يەرگە چىقتىم. چىققىنىم ھەقىقەتەن ياخشى بوپتۇ. ئۇ يەردە، يوقىلىۋاتقان موڭغۇل ھەرپلىرى بىلەن، خەنزۇچە خەتلەر بىلەن يېزىلغان، كېچىسى ئۇ يەردە قونۇپ قالغانلارنىڭ يازغان خەتلىرى بار ئىكەن. مەن بۇ موڭغۇل ۋە خەنزۇ خەتلىرىنى خاتىرلىدىم. لېكىن يەنە بىر قېتىم ئۇ يەرگە بېرىپ مۇتەخەسسىلەر بىلەن ئۇ خەتلەرنىڭ قېلىپلىرىنى ئېلىش لازىم. بۇ يەردىكى ئويمىلاردىن بىر دانىسىنى پىروفېسور ياكوب ئابروموۋىچ شېرگە ئالغۇزدۇم. بۇنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ھەر يىلى ئوقۇغۇچىلىرىمغا، مەتىننىڭ بىر نۇسخىسى قانداق ئېلىنىدۇ، قانداق ئۆلچىنىدۇ، دېگەندەك مەسىلىلەرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىۋاتىمەن. بۇ يەردىكى ۋەسىقىلەر تۈركلەرنىڭ سىرلىق تېكىستلىرىدىن بىرى، چۈنكى تۈركلەر كۆكتۈرك يېزىقىنى قوللانغان ۋاقىتتا شەكلەن يېزىق دەپ ئاتالغان بىر ئوق يازىدىغان ۋە ئوخشاش شەكىلدە تەتۈرسىگە يازىدىغان بىر يېزىقنى قوللاندى. بىرىنچى شەكلەن يېزىق بۇ، بۇ موڭغۇلىيەدە بايقالدى. ئىككىنچى شەكلەن يېزىق يىنسەي 24نومۇرلۇق ھۆججىتى. قاراڭ، بۇلارنى قەدىمكى مەتىنلەردىن نۇسخىلىدىم. لېكىن

ئوقۇيالماپتۇ، چۈنكى بىرىنچى سۆزنى ئوڭ يېزىپتۇ، ئىككىنچى سۆزنى تەتۈر يۆنىلىشتە يېزىپتۇ، ئۈچىنچىسىنى ئوڭ يېزىپ، تۆتىنچىسىنى يەنە تەتۈر يېزىپتۇ، مەتىننىڭ مەنە سىستېمىسىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ ئەكسىچە بولغاندا ھەرپلەر بىر يەرگە كېلىدۇ. لېكىن مەنا چىقمايدۇ. ئۈچىنچى بىر تېكىست، يېنسەينىڭ 70 - نومۇرلۇق ھۆججىتى. مەن كىتابىمدا ئۇنى چۈشەندۇردۇم. ھەرپلەرنىڭ بەزىسىنى تەتۈر يۆلىنىشتە يازىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا سىز ئۇنى چۈشىنەلمەيسىز، شەكلەن يېزىق بولغىنىنى چۈشەنگىنىڭىزدە، ئۇ شىفىرنى يەشكىنىڭىزدە ئىنتايىن گۈزەل بىر چۈشەنچە ئوتتۇرغا چىقىدۇ.

قاراڭ، بۇلار 10 - ئەسىردە قەغەزگە يېزىلغان تېكىستلەر، مەن بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ مانىيچە ئەسلى تېكىستنى تېپىلدى. چۈنكى تېكىست ئوقۇلمىغانىدى. بۇ قېتىم كەسپداشلىرىم ماڭا مەكتۇپ يازدى، « بىز پالانى مانى تېكىسلىرىدە بۇ پارچىلارنى تاپتۇق، ساڭا يوللىدۇق » دېدى. مەندە تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان تۆت - بەش يېزىق ئۆرنىكى بار. بۇ يېزىققا يېزىلغان تېكىستلەرنى ئەخمەت بىجان ئەپەندى بەك چوڭ بىلىدۇ،



ئىنشائاللاھ، كېلەر يىلى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كۆكتۈرك ھەرپلىرى بىلەن قەغەزگە يازغان تېكىستلىرىنى بىر كىتاب قىلىپ بېرىمىز. كىتاب بەك كىچىكىپ كەتتى. ۋاقىتىدا بېرەلمىدىم. ئەمدى بىر خىل پۇلنى كۆرۈۋاتىسىز، بۇلار موڭغۇلىيەدە تېپىلغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەڭ شەرق تەرىپىدىن تېپىلدى. ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ تاشلار يوق، ئەمما بۇ پۇللار تېپىلدى، پۇللار ئاساسەن جۇڭگو ئۇسلۇبىغا ۋە جۇڭگو پۇللىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەلكىم جۇڭگودا بېسىلغاندۇ، بىز بۇنى بىلمەيمىز، لېكىن يېزىق تۈركچە. بۇنىڭ تېكىستى، ئېلان قىلىنغان.



Resim 11. Kutlug yazılı yüzük.

بۇ تېخىمۇ قىزىقارلىق بىر نەرسە، بۇ بىر تۆت بۇرجەكلىك ئۈزۈكنىڭ كۆزى. بۇ تۆت بۇرجەكلىك ئۈزۈككە ئىككى قۇر « قۇتلۇق » دېگەن سۆز يېزىلغان. ئادەمنىڭ ئىسمى« قۇتلۇ » ، بۇنى مۆھۈر قىلىپ قوللىنىدۇ، تامغا قىلىپ ئۇرىدۇ، يەنى، مەن دېمەكچى، ئوخشاشلىرى ئاسۇرىيەدە، ئوتتۇرا ئاناتولىيەدە، مېسوپوتامىيەدە بار بولغان نەرسىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشىسى بىزدە بولغان، پۇلدىن كېيىن ئۈزۈكتە « قۇتلۇق » شەكلىدە، كۆكتۈرك يېزىقىنىڭ قوللىنىلغىنىنى كۆردۇق.

نۆۋەتتىكى تاشنىڭ چۈشەندۇرۇلىشى تېخىمۇ قىزىق. شۋېت ئۇلان مەڭگۈ تېشى ئېلتەرىش قاغاننىڭ مازار تېشىدۇر. ئۇنىڭ يوق بولۇش مۇراسىمىغا(دەپنە مۇراسىمى) قاتناشقان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تامغىسى بولۇشى مۇمكىنچىلىقى يۇقىرى دېيىشتى. مەن بۇ تاشنى بۇ يوق بولۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ، تۈرك ئائىلىلىرىنىڭ شەرەپ لەۋھەسى دەپ قوبۇل قىلىمەن. لېكىن بۇ تاشنىڭ يەنە يېڭى ئىزاھلىرى بولۇشى

مۇمكىن.

قاراڭ، مەن بۇيەرگە يىنسەي مەڭگۈ تاشلىرى دېگەن بىر PPTنى ئەكەلدىم. مەن ئىككى يىل خەنزۇچە ئۆگەندىم. خەنزۇچىدا سۆزلەردە بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇلارغا ئايرىم ماس كېلىدىغان بەلگىلەرنى(فامىلىلەرنى) قويىسىز، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ مازاردىكى كىشىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تامغىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن يىنسەيدىكى تامغىلار ساقلانغان مەڭگۈ تاشلاردا ئوغلىنىڭ ياكى نەۋرىسىنىڭ ئىزلىرىنى بويلاپ تەكشۈرگەندە قەدىمكى تۈركلەردىمۇ شۇنداق بىر سىستېمىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ تامغىلىنىشى ۋە بۇ تامغىلارنىڭ بەلگىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان يەرگە قويۇلۇشىدىن دادىسىنىڭ، ئوغلىنىڭ، نەۋرىسىنىڭ مازارلىرىنى پەرقلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. يەنى بۇ تامغىلىرىمىزدىمۇ ئېلىپبەيىمىزگە ئوخشاش بولغان سىستېما بارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

بۇلار موڭغۇلىيەدىكى ئات تامغىلىرى، ھەرپلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولغىنى ئۈچۈن كۆرسەتتىم.

ئۆز نۆۋىتىدە بەزى يالغان مەڭگۈ تاشلاردىنمۇ مىسال كۆرسىتىپ ئۆتەي. يەنى

بۇ بەكمۇ قىزىقارلىق: ئالتۇن كۆل مەڭگۈ تېشىنىڭ تېپىلغان جايىدىن تېپىلغان بىر خەرىتە، مەن بۇنى كۆرگىنىمدە بۇ بىر ئوق بەلگىسى بىلەن ئاستىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكەن، چۈنكى ئۇ تۇزلەڭلىكتە بولغان ئۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەردە ئالتۇن كۆل مەڭگۈ تېشى، يەنى يىنسەي 28 - ۋە 29 - نومۇرلۇق ھۆججەتلەر بار. بۇ قەدىمكى تۈركلەر سىزغان ئەڭ چوڭ خەرىتە، چۈنكى ئۇ تۇزلەڭلىك خەرىتىسى، رۇس كەسپداشلىرىم ئۇ يەرلەرنىڭ، دەريالارنىڭ بەلكى شۇ ۋاقىتتا ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلىپ شۇ قۇربانلىقنىڭ قېنى بىلەن تولغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى، ئەمما بۇ بىر پەرەز، يەنى قەدىكى تۈركلەرنىڭ يەنە بىر خەرىتىسى تۇۋادا ھازىرمۇ بار.

بۇ كېيىنچىرەك رۇنىك ھەرپلىرىدىن كېيىن، داڭلىق پىروفېسسور رىنچەن (Rin çen)، « چىڭگىز قاغان ئالىپ قاغان ئەرمىش » دېگەن شەكىلدە بىر قىممەتلىك مەڭگۈ تاشنىڭ يېنىغا يازدى ۋە ۋە بۇ تاش ھەققىدە « موڭغۇللارنىڭ قوللانغان ھەرپلىرى ـ كۆكتۈرك ھەرپلىرى ۋە موڭغۇللار تۈرك نەسلىدىن » دېگەن تېمىلاردا يەتتە ماقالە تەييارلاندى. ۋېنگىر پىروفېسسور لايوس لىگېتى( Lajos Ligeti) رىنچەنگە « بۇ ساختىلىقنى سەن قىلدىڭ » دېگىنىدە پىروفېسسور رىنچەن بۇنى ئىنكار قىلمىدى ۋە « شۇنداق، مەن قىلدىم، سىزنىڭ كەسپىي سەۋىيىڭىزنى سىناش



ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم » دەپ جاۋاب بەردى.

كۆكتۈرك ھەرپلىرىدىنمۇ كېيىن قوللىنىلغان قىياغا ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن يېزىلغان مەتىنلەر.

مەن ئاخىرىدا شۇنى دېمەكچى، قەدىمكى تۈركلەر غەرپلىكلەرنىڭ دېگىنى بويىچە ھېچنىمىسى يوق بىر خەلق ئەمەس ئىدى، يەنى جۇڭگولۇقلارنىڭ يېزىقى بولغىنىغا ئوخشاش، مۇقىم سىستېمىلىق بىر ئېلىپبەسى بار ئىدى،. ئېھتىماللىق شۇنداق چوڭ ئىكەنكى بۇ تۈركلەر ئۆزى ياراتقان تامغىلاردىنمۇ چىقتى. بۇلار قولىمىزدىكى تېكىستلەرگە ئاساسلانغاندا 38بىلەن 42 ئارىسىدا ئۆزگىرىدۇ. ئەمما يېڭى بايقالغان ئىشارەتلەر يېڭى مەلۇماتلارغا ئاساسەن بۇنى 66گە كۆپەيتىش مۇمكىن. ھەم قەدىمكى تۈركلەر بۇ يېزىقلار بىلەن بۇ كەڭ كەتكەن تېررىتورىيەدە تەربىيەلەش ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويىدى. چۈنكى، بۇ

ۋەسىقىلەر مەن دېگەن تاشلارنىڭ ماتېرىياللارنىڭ سىرتىدا يەنە پۇلدا ئىستاكانلاردا، تاختايلاردا، چىنىدە، ھالقا، ئۈزۈك، بىلەيزۈك، پىچاقلاردا، ھەتتا قىلىچلارنىڭ دەستىسىدە، گېنىراللارنىڭ كەمەرلىرىنىڭ توقىسىدا ئاتنىڭ ئىگەرلىرىدە، يەنى كۆندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە بارلىقىغا ئاساسەن زىننەت ئۈچۈنلا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن دېيىش خاتا، دېمەككى ئۇ دەۋردىكى خەلق بۇنى ئوقۇيتتى، يازاتتى. كۈندىلىك تۇرمۇشىدا قوللىناتتى. بىز كېيىنرەك ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ جەدۋىلىنى تاپتۇق. 23 ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ جەدۋىلى بارلىقىغا ئاساسەن، كۆكتۈركلەرنىڭمۇ مەكتەپلىرى بار ئىدى ۋە بۇ ھەرپلەر بىلەن دەرس ئوقۇتاتتى دېيەلەيمىز.

## پايدىلانمىلار:


1. [1] *“Göktürk tarihinin meseleleri: İnel Kağan mı - İni İl Kağan mı?” Atsız Armağanı, İstanbul 1976.*

2. «كۆكتۈرك تارىخىنىڭ مەسىلىلىرى:ئىنەل قاغانمۇ ئىنى - ئىل قاغانمۇ» ئاتسىز ئارماغانى، 1976 - يىلى ئىستانبول

3. [2] *Ferit Develioğlu, Osmanlıca-Türkçe Ansiklopedik Lügat, Eski ve Yeni Harflerle (5000 kelime ilaveli 2. Ofset baskı), Ankara-1970. s. 233-234.*

4. فىترەت دەۋرئوغلۇ: كونا ۋە يېڭى ھەرپلەر بىلەن ئوسمانلىيچە - تۈركچە ئىنسىكلوپېدىيەلىك لۇغەت، 1970 - يىلى ئەنقەرە، 233 - 234 - بەتلەر.

5. [3] *Raşit Rahmeti Arat, Uygur Alfabesi, İstanbul , 1937*

6. [4] *Doğumunun 311. ölümünün 240. yıl dönümünde Philipp Johann von Tabbert-Strahlenberg (1676-1747) , Türk Kültürü , XXV/ 285 (Ocak 1987), s. 16-17.*

7. سترار لېنبېرگ(1747-1676) تۇغۇلغانلىقىنىڭ 311 يىلى، ۋاپاتىنىڭ 240 يىللىقى خاتىرىسى بىلەن، تۈرك كۈلتۈرى، 1987 - يىلى 1 - ئاي، 16 - 17بەتلەر.

8. [5] *A. Von Le Coq, “Köktürkisches aus Turfan (Munuskriptfragmente in köktürkischen ‘Runen’ aus Toyoq und Idiqut-Schahri) [Oase von Turfan))", SPAW. Phil.-Hist. Klasse, 1909/41, s. 1047-1061.*

9. لېكوك، كۆكتۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى

10. [6] *“Kağıda yazılı Göktürk metinleri ve kağıda yazılı Göktürk alfabeleri” ve “Some problems of köktürk history: Do the köktürk characters have an alphabetical order?”, Göktürk Tarihinin Meseleleri/Probleme der köktürkischen Geschichte / Some Problems of Köktürk History, Ankara, 1995, s. 284-292 ve 293-301.*

11. «قەغەزگە يېزىلغان كۆكتۈرك مەتىنلىرى ۋە قەغەزگە يېزىلغان كۆكتۈرك ئېلىپبەسى» ۋە «كۆكتۈركلەر ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپى بارمىدى»، كۆكتۈرك تارىخىنىڭ مەسىلىلىرى، كۆكتۈرك تارىخىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەر، 1995، 284 - 292 ۋە 293 - 301

12. [8] *A. Von Le Coq, “Köktürkisches aus Turfan (Manuskiptfragmente in Köktürkischen “Runen” aus Toyoq und Idiqut-Schahri [Oase von Turfan]“, SPAW, Phil.-Hist. Klasse, 1909/41, s. 1047-1061.*

13. لېكوك، كۆكتۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى

14. [9] *Runen, Tamgas und Graffiti aus Asien und Osteuropa, herausgegeben von K. Röhrborn und W. Veenker, Veröffentlichungen der Societas Uralo-Altaica, 19, Wiesbaden, 1985, IX+164 s. Bk. “Fragmente in alttürkischen Runenschrift aus den Turfan-Funden”, s. 133-164. Bu makalenin bütün resimlerle birlikte ikinci yayımı için bk. Göktürk Tarihinin Meseleleri/Probleme der Köktürkischen Geschichte / Some Problems of Köktürk History, Ankara, 1995, s. 225-276.*

15. رۇمەن، ئاسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى تام رەسىملىرى ۋە تامغىلار، ك.روبېرسون( K.

(Rӧhrborn ۋە ۋ.ۋىنكەر(W. Veenker)، ئورال - ئالتاي جەمئىيتى، بۇ ماقالىلەرنىڭ پۈتۈن رەسىملىرى بىلەن ئىككىنچى بېسىلىشى ئۇچۇن، كۆكتۈرك تارىخىنىڭ مەسىلىلىرى، ئەنقەرە، 1995، 225 - 276

16. [10] S. Klyaştırnıy-D. Savinov, V. Şkoda, "The golden bracteatus from Mongolia, A Byzantine motif in the Central Asian toreutics", Information Bulletin, 16, International association for the Study of the Cultures of Central Asia, Moscoıv, 1989, s. 5-19.

17. [11]Osman F. Sertkaya, "Yenisey yazıtlarının yayınlarındaki bazı okuma ve anlamlandırmaların düzeltilmesi, yeni okuma ve anlamlandırma teklifleri", Göktürk Tarihi'nin Meseleleri, s 204-205.

18 . ئوسمان ف. سەرتكايا «يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى بەزى ئوقۇشلارنىڭ ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ تۈزىتىلىشى يەنى ئوقۇش ۋە چۈشەندۈرۈش تەكلىپلىرى» ، كۆكتۈرك تارىخي مەسەللىرى، 204-205-بەتلەر.

19. [12]Sergey G. Klyaştornıy, "Moneta s runiçeskoy nadpisyu iz mongolii", Tyurkologiçeskiy Sbomik 1972 , Moskova, 1973, 334-338

***مۇھەررىرى ۋە كوررېكتورى: ئابلاجان يۈسۈپ تەھۇر (2008)***

# بىر كۆڭلۈك

## ئىمامجان ئوبۇل

جاھان باقى ئەمەس بىزگە، كۈلۈپ يۈرگەنگە بىر كۆڭلۈك.
قۇرۇپ قاپقان بىلەن باپلاپ، دەۋر سۈرگەنگە بىر كۆڭلۈك.
پەلەك تەتۈر بولۇر گاھى، سېنىڭ بەختىڭگە چۆرگىلىمەس،
غەزەپلەنگەن، قاپاق تۈرگەن، قەھىر چاچقانغا بىر كۆڭلۈك.
« تېپىپ يول » نى، ئىگىپ بەلنى، ئېگىز سايىدا جان باققان،
قۇرۇپ جاھىل بىلەن سۆھبەت، بېتىم تۈزگەنگە بىر كۆڭلۈك.
خۇدانىڭ ھەر كۈنى شۇنداق يۈرۈپ ھەر يەردە خارلانغان،
كۈنى ئاچلىقتا، يوقلۇقتا، كېسەل دەرتمەنگە بىر كۆڭلۈك.
ئۇچۇپ ئايغا سەپەر قىلغان، ۋە ياكى چوققىغا يەتكەن،
قۇدۇق ئاستىغا نۇر چۈشسە، قۇياش سۈزگەنگە بىر كۆڭلۈك.
گۈزەل ياشلىقتا ئۆز گۈلگە قونۇپ يۈرگەن كېپىنەكتەك،
گۈزەللىك قوغلىشىپ كۈن - تۈن، شەكىل سۆيگەنگە بىر كۆڭلۈك.
كىرىپ ئاتمىشقا - يەتمىشكە، ئەقىل تاپماي نادان چالنىڭ،
قانات سۆرەپ گۈزەللەرگە، ئوتى كۆيگەنگە بىر كۆڭلۈك.
بولۇپ ھەمراھ لەنەتلەرگە، « شېكەر سۆز » لەرگە خوش - خوشلاپ،
ۋاپادار قان قېرىنداشنى، يامان كۆرگەنگە بىر كۆڭلۈك.

**ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى 2008 - يىللىق تىل ئەدەبىيات سىنىپىدىن**
**مۇھەررىرى ۋە كوررېكتورى: تۇركىزات ئابدۇبەسىر (2009)**

# ئۇستەل يۈزىدىكى خەتلەر

ئايجامال ئەھەد (2008)

( ھېكايە )

دەرستىن چۇشۇش قوڭغۇرىقى چېلىندى. دەرسلىك كىتابنى ياستۇق قىلىپ، ئۇستەلگە دۈم چۈشۈپ ئۇخلاۋاتقانلارمۇ، پات - پات سائىتىگە، دەممۇ دەم دېرىزە سىرتىغا نەزەر تاشلىغانلارمۇ، مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاخىرقى جۈملىسىگىچە ئاڭلاپ ئولتۇرغان بىر نەچچە ساۋاقداشمۇ، ھەممەيلەن « دەرس تۈگىدى » دېيىش بىلەن تەڭلا دۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ، مۇئەللىمدىن بالدۇرراق چىقىپ كېتىشتى. سىنىپتا يالغۇز قالغان ياشانغان پىروفېسسور ماتېرىيال سومكىسىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، دوسكىدىكى خەتلەرنى پاكىز ئۆچۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

سىنىپ ئىچى تىمتاس جىمجىتلىققا چۆكتى...

— ئۇھ ... — چوڭقۇر ئۇھسىندى ئوڭ تەرەپتىكى بىر ئۇستەل.

— ۋاي جېنىم، ۋاي جېنىم... — سول تەرەپتىن يەنە بىرسىنىڭ ۋايسىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نېمە بولدۇڭلار بۇرادەرلەر ؟— ھەيرانلىقتا سورىدى دوسكا.

— سەن سورىما، مەن ئېيتماي. دەردىم بەك تولا، سۆزلەپ كەلسەم قالىدۇ چالا،— دېدى جاۋابەن ئوڭ تەرەپتىكى ئۇستەل.

بۇنىڭغا قىزىققان لېكسىيە ئۇستىلى:

- نېمە ئىش بولدى، دېمەمسىلەر ؟ ئىچىڭلار بوشاپ قالىدۇ،— دېدى.

—ساڭا بەك ھەۋىسىم كېلىدۇ جۇمۇ، ئاداش، قاچانلا قارىسا پاك - پاكىز تۇرىسەن، تېرەڭ سىلىق ھەم پارقىراق، - دېدى سول تەرەپتىكى ئۇستەل.

— ماڭالىغان سېنىڭ يېنىڭغا يۆتكىلىپ بارغان بولاتتىم.

بۇ ئىككىيلەن سۆزلىگەنسىرى دوسكا بىلەن لېكسىيە ئۇستىلى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئاڭقىرالمىدى.

— گەپنى ئۇدۇللا قىلساڭچۇ، زادى نېمىگە بۇنچە زارلايسەن؟ — دېدى، تىت - تىت بولغان دوسكا.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇستەللەر كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، زارلاشقا باشلىدى.

— ھەر كۈنى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ يۈزۈمگە كىتاب - ماتېرىياللىرىنى قويۇپ پايدىلىنىدۇ. بىراق بەزىلىرى يۈزۈمگە قالايمىقان خەت يېزىپ، رەڭلىك قەلەملەر بىلەن بوياپ شۇنداق سەت قىلىۋەتتى.

— ئىلھامى قايناپ تاشقان بەزى « شائىر» لار « سادا » غا بەرسە تاللانمىغان شېئىرلىرىنى يۈزۈمگە يېزىپ قويىشىدۇ.

— مېنىڭ يۈزۈمدىمۇ ھەرخىل يېزىقتا نۇرغۇن خەتلەر بار، يەنە مۇنداق بولىۋەرسە پات ئارىدا يېزىق مۇزىيىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئوخشايمەن.

دوسكا بىلەن لېكسىيە ئۇستىلى نېمە خەتلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدى. ئۇستەللەر بىر - بىرىنىڭ يۈزىدىكى خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

چېھرىمدە ھاياجان يۈرەكتە ئازاب،
*كۆرگەنلەر كۈلدى دەپ ئويلايدۇ مېنى.*
*كۈلىمەن بۇ كۈلكەم غەم باسقان كۈلكە،*
*ئوچۇقلا سۆزلەشكە بولماس ھەممىنى.*

*بۇ ئۇستەل ئاشۇنداق كەڭرەكمۇ ئەمەس،*
*بىر كىتاب قويىسىڭىز يۈزى كۆرۈنمەس.*
*ئۇخلىغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي - ۋاي،*
*بىر شېرىن چۈشىنىمۇ ئەسلا كۆرەلمەس.*

×× (ئىمزا )

— غەيرەت قىلىڭلار ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرى!

يەنە بەزى ئۇستەللەردە، ئورۇندۇق يۆلەنچۈكلىرىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا

يېزىلغان قوشاق، ئېنگلىزچە ھېكمەتلىك سۆز، خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر، قازاقچە، موڭغۇلچە، چاۋشيەنچە، زاڭزۇچە... ھەرخىل مەزمۇندىكى نۇرغۇن - نۇرغۇن خەتلەر بار ئىدى. بۇلارنى يىغىپ كەلسە كىچىكرەك بىر قامۇس تۈزۈپ چىقىشقا بولاتتى.

ئۇزۇن چاچلىق بىر قىزچاق ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، تۇتقۇچقا قولىنى ئۇزاتتى يۇ، سىنىپ ئىچىدىن چىقىۋاتقان گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازنى ئىڭشاپ تۇرۇپ قالدى. قىزچاق ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشكە سىنىپ ئىچى قايتىدىن ئىمتاسلىققا چۆكتى. قىزچاق ئۇنتۇپ قالغان قەلەم قاپچۇقىنى ئېلىۋېتىپ، بايا دەرس ۋاقتىدا ئىچى پۇشۇپ سىزىپ قويغان رەسىمگە كۆزى چۈشتى-دە، ئۇنى ئۆچۈرگۈچ بىلەن پاكىز ئۆچۈرۈۋەتتى. قىزچاق ئىككى قەدەم ئېلىشىغا باشقا ئۈستەللەرمۇ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى : مېنىمۇ سۈرتۈپ قويۇڭ، مېنىمۇ...

بۇ ئەھۋالدىن ھەيران قالغان قىز ئېڭىشىپ بارلىق ئۈستەللەرگە قاراپ چىقتى، قولىدىكى ئۆۋۈلۈپ تۈگەي دەپ قالغان ئۆچۈرگۈچكە قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. قىزچاق قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئىككى دەقىقە ئويلاندى-دە، بىردىنلا چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلدى.

— مەن چىقىپلا كىرەي ھە !— دېگەچ سىنىپتىن تېز - تېز قەدەم ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

**مۇھەررىرى: رۇقىيەگۈل تۇرسۇن ئايقۇت (2010)**

**كوررېكتور: ئايجامال ئېزىزى (2011)**




***يۈسۈپجان مۇھەممەت (2009)***

تۇرار چۆلدە شۇ تەنها توغراق،
كۆزلىرىدىن ئاچچىق مۇڭ تۆكۈپ.
تارىخنى نەچچە ئەسىرنىڭ،
ياشاپ كەلگەن دىلىغا پۈكۈپ.

ئۆتكەن تالاي سىرلىق كارۋانلار،
سايىدىشىپ ئۇنىڭ تۈۋىدە.
مەستخۇش بولۇپ توغراق قەۋمىنىڭ،
سېھىر تولغان مۇڭلۇق كۈيىگە.

نەچچە مىڭ رەت سوققان شىۋىرغان،
چاڭقاتقان ھەم ئىسسىق ھارارەت.
تىكلىگەن ئۇ قەيسىرانە روھ،
يىللار ئاڭا بەرگەچ جاسارەت.

ئۆتمىشى بار قەدىمي چۆلنىڭ،
شاھىت ئاڭا بۇ تەنها توغراق.
ئاشىق بولۇپ كولدۇرمىغا ھەم،
تەلپۈنگەن ئۇ بوستانغا ئويغاق.

باھار بىلەن سۈرگەن يۇمران بىخ،
ئاتەش يازدا ئۆسكەن باراقسان.
ئالتۇن رەڭدە تاۋلانغان كۈزدە،
ئاخىرقى رەت كۈتكەن زېمىستان.
... ... ... ... ...
ئاسمان گويا يېيىلغان كۆلدەك
چىقماس قۇياش نۇرىنى چېچىپ.
جاراڭلىماس كولدۇرما بۈگۈن،
كارۋان قايان قالدىكىن كېتىپ.

ئەمدى ئۆتمەس كارۋان يېنىدىن،
ئېيتماس ھېچكىم ئاجايىپ قىسسە.
ئاڭلىيالماس سېھىرلىك كۈيلەر،
توغراق يۇتار ئاچچىق غەم - غۇسسە.

تۇرار چۆلدە شۇ تەنها توغراق،
كۆزلىرىدىن ئاچچىق مۇڭ تۆكۈپ.
تارىخنى نەچچە ئەسىرنىڭ،
ياشاپ كەلگەن دىلىغا پۈكۈپ.

**مۇھەررىرى: توختىقارى نۇر (2008)**

**كوررېكتورى: شەمشىقەمەر نىياز(2009)**




2011 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سەھەر. ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئالتۇن رەڭ قۇياش بىزنى يېڭى بىر كۈنگە باشلاپ كىردى.

بۈگۈن مەركىزىي مىللەتلەر قورۇسى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە مىللىي كىيىملەرنى كىيىشكەن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، چاۋشيەن... قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 56 يۇلتۇزدەك مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىدا چاقنايتتى.

شۇنداق بۇيەردە 56 يۇلتۇزنىڭ جۇلاسى بار ئىدى.

بۇ يەردە ھەم 56 گۈلنىڭ ھۆپپىدە پۇرىقى بار ئىدى.

بۈگۈن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقىمىز بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتۇق.

ئاپئاق تەنتەربىيە كىيىمى، ئاپئاق پەلەي ۋە ئاق ئاياغ كىيگەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تولىمۇ جۇشقۇن، تېتىك ھەم كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن رەتلىك سەپ تۈزۈپ تۇراتتۇق. ئالدىمىزدا ئۈزۈم گۈللۈك سەنئەت كۆڭلىكى ۋە مارجان دوپپا كىيىپ، چاچلىرىنى بۇغداي ئۆرۈم شەكلىدە چىرايلىق ئۆرۈۋالغان ئۇن نەپەر قىز ساۋاقدىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەتلەس كۆڭلەك ۋە چىمەن دوپپا كىيىپ بايراق قوغداپ ماڭغان ئىككى قىز، ئەڭ ئالدىدا بادام دوپپا، كانۋاي كۆڭلەك كىيگەن ئېگىز بوي، قامەتلىك، قويۇق قارا قاشلىق ئەزىمەت « ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى » دەپ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە چوڭ يېزىلغان قىپقىزىل بايراقنى ئېگىز تۇتۇپ تۇراتتى. مەيىن شامالدا بايراقلار يېنىك ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزغا ئوخشاش ئاستا لەپىلدەيتتى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ شۇجىسى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ 24 - نۆۋەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ھازىر باشلاندى، — دەپ جاكارلىغاندا مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى.

ياڭراتقۇدا مارش تېمپىسى چېلىنىش بىلەن قوللىرىدا « ھۆرمەت پۇرۇچى » تۇتۇۋالغان موڭغۇل ئوغۇل - قىزلىرى مەزمۇت قەدەملەر بىلەن مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار رەئىس سەھنىسى ئالدىدا موڭغۇلچە ئۇسسۇل ئويناپ كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

— نۆۋەتتە مەيدانغا كىرىدىغىنى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى كوماندىسى.

بىز بار ئاۋازىمىز بىلەن شوئار توۋلاپ ھەيۋەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ كەلدۇق.

— نۆۋەتتە تەڭرىتاغ ئوغۇل-قىزلىرى تولۇپ تاشقان روھ ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىتتىپاقلىق، ياشلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىپ مەيدانغا كىرىپ كەلمەكتە. قىزغىن چاۋاكلىرىمىز بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالايلى. يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى تىرىشىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن تۈرلۈك مۇسابىقە ۋە سەھنىلەردە ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ،

مەكتىپىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى. بىز ئۇلارغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تىلەيمىز.

بىز ھۆرمەت قەدەمدە مېڭىپ رەئىس سەھنىسى ئالدىغا كېلىشىمىز بىلەن كانايدا ئۇيغۇر ناخشىسى ئاسمان - پەلەك ياڭرىدى.

ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم،
ئۆيدە مېھمان ئولتۇرار.
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرار.

ئېتەكلىرىنى كەڭ يېيىپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن قارا قاشلىق، قارا كۆز، سۇمبۇل چاچلىق ئۇيغۇر قىزلىرى ئۇسسۇلغا چۈشكەندە، مەيدان ئالقىش ۋە ھۇررا سادالىرىدىن زىلزىلىگە كەلدى. ھەممە « ئۇيغۇرلار قالتىسكەن، ئۇيغۇر ياشسۇن » دەپ توۋلىغاندا قېنىمىزدا پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى كۆۋەجەپ ئاقتى.

كەينىمىزدىن پاراتتىن ئۆتكەن قازاق تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، چاۋشىيەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قاتارلىق كوماندىلارمۇ ئېسىل نومۇرلارنى ئورۇنلاپ پائالىيەتنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى دولقۇنغا چىقاردى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پارات ھەقىقىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللىي كۆرەك ئىدى. بۇ كۆرەكتە ھەر مىللەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىن ۋە ناخشا - ئۇسسۇلىدىن ھوزۇر ئالغىلى بولاتتى.

پاراتتىن ئۆتۈش ئاياغلىشىپ، مۇسابىقە رەسمىي باشلاندى.

— باللار ئۆزئارا ماسلىشىپ ياخشى سەكرەيلى،— تەنتەربىيەنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىغان، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان چىمەنگۈل باللارغا مۇسابىقىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى،— ئارغامچىنىڭ رېتىمىغا ياخشى دىققەت قىلىپ، ئارغامچىدىن چىقىپ كېتىشنى نۆل چەككە چۈشۈرۈشىمىز كېرەك، شۇندىلا ۋاقىتنى تېجەپ كۆپ سەكرىيەلەيمىز.

كوللېكتىپ ئارغامچا سەكرەش مۇسابىقىسىدە فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى 187 نى سەكرىدى. لېكىن، ئۇلار ئەمەلىي مۇسابىقىدە مەشىق قىلىغاندىكىدەك كۆپ سەكرىيەلمىگەنىدى. شۇڭا چىمەنگۈل يەردە ئولتۇرۇپلا قالدى:

— ئارغامچا سەكرەشتە چاۋشىيەنلەر بەك يامان، بۇلتۇر ئۇلار بىزنى يېڭىۋالغانىدى، مانا ئەمدى بۇ يىلمۇ ئۇلارغا ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان بولدۇق.

بىز ئەپسۇسلىنىش ئىلكىدە چاۋشىيەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ماھىرلىرىنىڭ ئارغامچا سەكرىشىگە قاراپ تۇردۇق. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار 184 نى سەكرىدى. نەتىجە ئېلان قىلىنغاندا بىز قىقاس - سۈرەن سېلىپ توۋلاپ كەتتۇق.

يۈگۈرۈش تۈرلىرىدە يايلاق مىللىتى بولغان قازاقلارغا يېتىش تەس ئىدى. ئۇلار قوتاز گۆشى يەپ چوڭ بولغاچقىمۇ ياكى پادىلارنىڭ كەينىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ كۆنگەچكىمۇ تۇلپاردەك چاپاتتى. ساۋاقداشلىرىمىز گەرچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىسىمۇ بىز يەنىلا ئوتتۇرىدا كۈچنى كۈچكە ئۇلاپ يۈگۈرۈۋاتقان ساۋاقداشلىرىمىزدىن پەخىرلىنەتتۇق.

— ئۇيغۇر، غەيرەت قىل! ئۇيغۇر، غەيرەت قىل!

— تەڭرىتاغ پالۋانلىرى ئوغۇزخان ئەۋلادىدەك يۈگۈر! سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم ئىزىدىن يۈگۈر!

— ئۇيغۇرۇم ئۈچۈن، مىللىتىم ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈر!

مەيداندا تۇرغان پۈتۈن ئۇيغۇر ھەربىر ماھىرغا ئەنە شۇنداق چىن قەلبىمىزدىن مەدەت بېرەتتۇق.

ئەنە ياغاچ ئاياغتا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقان توختىقارى.

— توختىقارى، غەيرەت قىل!
— ئۇيغۇر، غەيرەت قىل!

توختىقارى بارلىق كۈچىنى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

— ھەي... — ھەممەيلەن چۆچۈپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. چۈنكى ئۇ پەللىگە ئون مېتىر قالغاندا يىقىلىپ چۈشكەنىدى. ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە پەللىگە قاراپ ماڭدى. پەللىگە يەتكەندە بولسا ياغاچ ئاياقنى تاشلىۋېتىپ يەرگىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. بەلكىم شۇ پەيتتە كۆز يېشى چىقمىغان بىلەن يۈرىكى يىغلىغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ مۇسابىقىدە ئۆزى ياكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بىر پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ شان - شەرىپى

ئۈچۈن يۈگۈرگەنىدى. ئەگەر ئۇ يىقىلىپ چۈشمىگەن بولسا مۇسابىقىدە بىرىنچى بولاتتى. ئۇ مۇسابىقىگە قاتناشتى دېگەن ئاتاقتا بىر نومۇر ئەمەس، مىللىتى ئۈچۈن تولۇقى بىلەن توققۇز نومۇر ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بالىلار يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

مانا چېلەكنى لۆڭگە بىلەن بېشىغا تېڭىپ، قوللىرىنى كېرىپ ئالغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقان رىزۋانگۈل، ماھىرە. شۇ پەيتتە بىزنىڭ يۈرىكىمىز ئۇلار بىلەن تەڭ يۈگۈرمەكتە. كۆزلىرىمىز ئۈمىد بىلەن ئاخىرقى نۇقتىغا تەلپۈنمەكتە.

— ۋاھ! ... رىزۋانگۈل بىرىنچى، ماھىرە ئىككىنچى بولدى.

- يارايسىلەر قىزلار!

ئۇلار كەلگەندە راسا چاۋاك چېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلىدۇق.

تەنتەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈسۈپجان ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا يېتىپ كەلدى.

— بايا خاتىرىلىگەندە خاتالىق يۈز بېرىپ، ماھىرەنى ئۈچىنچى قىلىپ يېزىپتۇ ۋە بىزگە 3.5+9 نومۇر قويۇپتۇ. ھازىر چاۋشىيەن ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى بىلەن پەقەت 2.5 نومۇرلا پەرقىمىز قالدى. قىزلارنىڭ 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئۇلاردىن ئىككى قىز ئوقۇغۇچى قاتنىشىپتۇ. بىزنىڭ فاكۇلتېتتىن بولسا بىرمۇ ئادەم يوق. ئەگەر ئۇلار نەتىجىگە ئېرىشىپ قالسا بىز بىر ياكى ئىككى نومۇر پەرقى بىلەن ئۈچىنچى بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

— ھەي، ئۆلۈكىمىز مەيداندا قالىدىغان ئىش بولسىمۇ قاتناشساق بوپتىكەن.

— ھازىر بېرىپ تىزىملاتساق بولامدۇ؟

— كوللېكتىپ بىرەر نومۇر ئورۇنلىساق نومۇر قوشۇشى مۇمكىن، ھەممەيلەن مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى چىملىقتا ساما سالايلى!

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ساما سالىدىغان ئوغۇللار مەيدان ئوتتۇرىسىدا تەييارلىنىپ تەق بولدى. ياپېشىل چىملىقتا مەردانە ساما سېلىۋاتقان يەتمىش ئوغۇل گويا كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقارغا ئوخشايتتى. مەيداندىكى 55 مىللەتنىڭ كۆزى ساما سېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا تىكىلگەنىدى.

— 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە 2010 - يىللىقتىن مۇساجان بار ئىكەن،— يۈسۈپجان ماھىرلار تىزىملىكىگە سىنچىلاپ قاراش بىلەن ئاۋارە ئىدى،— چاۋشىيەن ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىن بولسا ئادەم يوق ئىكەن، ئەگەر مۇساجان نەتىجىگە ئېرىشىپ قالسا...

— لېكىن، بۇ يايلاق مىللىتىدىن ئۈچى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ قوتاز گۆشى يەپ چوڭ بولغان بۇ ئۈچەيلەننى كەينىدە تاشلاپ نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز تاڭ، تاڭ...

قىزلارنىڭ 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى باشلاندى. بىز ھەدەپ دۇمباق چېلىپ قازاقلارغا مەدەت بەردۇق. چۈنكى قازاقلار بىزنى نەچچە ئون نومۇر تاشلىۋەتكەن، بەرىبىر ئۇلارغا يېتەلمەيتتۇق. لېكىن ماۋۇ چاۋشيەنلەر بىلەن بولسا بىر، ئىككىلا نومۇر پەرقىمىز بار ئىدى. ئەگەر ئۇلار نەتىجىگە ئېرىشىپ قالسا، بىز ئۈچىنچى بولۇپ قالاتتۇق. شۇڭا ئىختىيارسىز قازاقلارغا مەدەت بېرىشكە باشلىدۇق.

— باستىر قازاغىم باستىر!

— خايراقتان، خايراقتان!

— چاپە قازاق، چاپ!

دېگەندەك قازاقلار نەتىجىگە ئېرىشتى.

ئەمدىكىسى ئوغۇللارنىڭ 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى.

مۇساجان مەيداندا چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ يۈگۈرمەكتە. 5000 مېتىرنى يۈگۈرۈپ تۈگىتىش ئۈچۈن 400 مېتىرلىق مەيداننى ئون ئىككى يېرىم قېتىم ئايلىنىش كېرەك. مۇساجان بارا - بارا ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ:

— ئۇيغۇر، غەيرەت قىل! مۇساجان، غەيرەت قىل! — دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ تېز يۈگۈرەيتتى. مىكرافوننى قولىغا ئېلىۋالغان تۇرسۇنجان يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇساجانغا مەدەت بەردى:

— يۈگۈر، مۇساجان يۈگۈر! قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئۈمىدى سەندە، مىللىتىڭنىڭ شان - شەرىپى، غورۇرى سەندە. ئۇيغۇرۇمنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، چىن تۆمۈردەك يۈگۈر!

مۇساجان پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرمەكتە. بەدىنى چىلىق-چىلىق تەر، يۈرىكىدە يۇرت،

مىللەت سۆيگۈسى! قەلبىدە مۇستەھكەم ئىرادە ۋە جاسارەت!

ئاخىرقى بىر مەيدان، دۇمباقچىلار دۇمباقنى مەيدانغا ئېلىپ چۈشتى، مۇساجاننىڭ كەينىدىن دۇمباق چېلىپ يۈگۈردى. مۇساجان ھارغىنلىقنى ئۇنتۇپ ئاساۋ ئاتتەك چېپىپ كەتتى. مۇساجان ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ كېلىش بىلەن مەيداندىكى ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتتى.

— ياشا مۇساجان، سېنى تۇغقان ئاناڭ ياشىسۇن!

مەنمۇ ساۋاقدىشىم ئۈچۈن شادلىنىپ قىن - قىنىمغا پاتماي تۇرغاندا بىز بىلەن خەنزۇچە دەرسلەرنى بىللە ئاڭلايدىغان ۋە بىزدىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتقان كورىيەلىك ساۋاقدىشىم پېي ئېنخاۋ « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم رۇقىيە » دېگىنىچە ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ماڭا سالام بەرگىنىچە يېتىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — مەنمۇ ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم.

— مەن بۈگۈن سىلەر ئۇيغۇرلارغا قايىل بولدۇم، سىلەردىن ناھايىتى تەسىرلەندىم.

— رەھمەت!

— بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچۈڭلار مېنى بەك قايىل قىلدى.

— « ئۇيغۇر » دېگەن سۆزنىڭ ئۇيۇشۇش دېگەن مەنىسىمۇ بار، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇيۇشۇش روھى بىلەن پارلاق مەدەنىيىتىمىزنى ياراتقان، ئۇن ئىككى مۇقام، مەشرەپلىرىمىز بۇنىڭ تىپىك مىسالى، — مەن ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم. ئۇ ئاخىرىدا ماڭا:

— ھەقىقەتەن ئۇيۇشۇش روھىغا ئىگە ئىسمى - جىسمىڭلارغا لايىق ئۇيغۇركەنسىلەر، — دېدى.

— مانا بۇ پاكىت، — يۇسۇپجان سىنئالغۇنى نومۇر خاتىرىلىگۈچىلەرگە كۆرسەتتى، — ھەقىقەتەن بىزنىڭ فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىسى ئىككىنچى بولۇپ ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ بارغان.

بايا چېلەكنى بېشىغا تېڭىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە يۇسۇپجان سىنئالغۇغا ئېلىۋاپتىكەن. ئۇلار سىنئالغۇنى كۆرگەندىن كېيىن قايتا - قايتا كەچۈرۈم سورىدى ۋە فاكۇلتېت نەتىجىسىگە نومۇر قوشۇپ بەردى.

مۇسابىقە ئاخىرلاشتى. ھەممەيلەن تەقەززالىق بىلەن نەتىجىنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇراتتۇق.

— موڭغۇل تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ۋە ئاسپىرانتلار فاكۇلتېتى « رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپات » ىغا ئېرىشتى. چاۋشيەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۈچىنچى دەرىجىگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىككىنچى دەرىجىگە ئېرىشتى.

2007 - يىللىقتىكى مەرىيەمگۇل سەھنىگە چىقىپ مۇكاپات لوڭقىسىنى ئېگىز كۆتۈرگەندە، ھۇررا سادالىرىمىز مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ پەيتتە توختىقارى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەيداننى ئىككى ئايلىنىپ چىقتى.

نەقەدەر ھاياجانلىق مىنۇتلار - ھە؟! بىز بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلاشتۇق، ئاۋازىمىزنى قويۇۋېتىپ كۈلدۇق ۋە ھاياجانلىق ياشلىرىمىزنى تۆكتۇق. ھەتتا، بىرىنچى بولغان قازاقلارمۇ بىزچىلىك داغدۇغا قوزغىيالمىدى. بىز كىم سەھنىگە چىقىپ مۇكاپات ئالسۇن قولىمىز يېرىلىپ كەتكۈچە چاۋاك چېلىپ، كانىيىمىز يىرتىلىپ كەتكۈچە ۋارقىراپ تەبرىكلىدۇق.

ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىرلىكتە فاكۇلتېت بايرىقى ئاستىدا كوللېكتىپ رەسىمگە چۈشتۇق. ئوتتۇرىدا ئىمام مۇئەللىم مۇكاپات لوڭقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كەچكى شەپەق نۇرىدا ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بايرىقى ئوتقاشتەك تاۋلانسا، ئىمام مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى مۇكاپات لوڭقىسى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ جۇلالىناتتى. بۇ ھاياجانلىق پەيتلەردە سۆيۈملۈك ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ شادلىق تەنتەنىسى، كۈلكە ساداسى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىدا جاراڭلايتتى.

**مۇھەررىرى: خەلچاي ئىسھاق (2008) كوررېكتورى: نۇربىگۇل ئەھەت (2009)**




ئەدەبىي ۋاستە ئىزچىل مۇھىم دەپ قارالمىغان، كىشىلەر دائىم ۋاستە بولسا پەقەت بىر خىل توشۇغۇچى قۇرال، قانداق ئەدەبىيات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،ئەسەر بىرىنچى ئورۇندا. لېكىن ئەسەرنىڭ قانداق ۋاستە بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى پەقەت شەكىل مەسىلىسى خالاس، ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىي ۋاستە ئەدەبىي ئەسەرگە نىسبەتەن بىر خىل يوشۇرۇن قانۇنىيلىققا ئىگە. ئەدەبىي ۋاستىلەرنى يېزىق ۋاستىسى (قەلەم، سىياھ، كونوپكا تاختىسى) توشۇش ۋاستىسى (گېزىت - ژۇرنال) يەتكۈزۈش ۋاستىسى (تىل بەلگىلىرى) دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئەدەبىياتتا ۋاستىنىڭ ئەۋزەللىك ھادىسىسى مەۋجۇت، شۇنداقلا ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر ئالدى بىلەن چوقۇم مەلۇم بىر خىل ۋاستىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەدەبىي ۋاستە ھەمىشە ئاۋۋال تىل ئارقىلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

ئەدەبىي ۋاستە جۇڭگودا ئېغىز تىل ۋاستىسى، يېزىق ۋاستىسى، مەتبەئە ۋاستىسى، ئاممىۋى ۋاستە (ماشىنىلاشقان مەتبەئە ۋاستىسى ۋە ئېلېكترون ۋاستىسى ) تور ۋاستىسى قاتارلىق بەش باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، كۆپ خىل ۋاستىنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلىشى، بىرلىكتە ئىشلىتىلىشى بۈگۈنكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇھىم ھادىسىگە ئايلاندى.

ئەدەبى ۋاستە ئەدەبىي ئوبرازنىڭ مەنىسىنى بەلگىلەپ، تېكىستنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ۋاستە باغلىنىشچانلىق، ماددىيلىق، تۇنۇشتۇرغۇچىلىق، كونتېكستقا تايىنىشچانلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئەدەبىيات پەقەت كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە ساقلىنىپلا قالماستىن بەلكى، ئالاھىدە ئەدەبىي ۋاستىنىڭ ياردىمى بىلەن يەتكۈزۈلىشى كېرەك. ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىسىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىياتنى ھېس قىلالىشى، ھوزۇرلىنالىشى ناتايىن. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەرمۇ ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم ئەدەبىي ۋاستىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك.

ئەدەبىي ۋاستە نەپىس بېسىلغان بىر دانە كىتاب ياكى بىر قەدىمىي بامبۇك تارىشا پۈتۈك ۋە ياكى كۆزنى چاقنىتىدىغان ئېكران بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەيلى قانداق شەكىلدە بولسۇن ئەدەبىي ۋاستە ئەدەبىياتنىڭ بىر مۇھىم ھالقىسىدۇر.

ئەدەبىي ۋاستە دېگەن نېمە ؟

ۋاستە ئەسلى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئارلىق شەيئىدۇر. مەسىلەن، قەدىمكى كىشىلەر سۇندۇرۇلغان سۆگەت شېخى ئارقىلىق ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا بولغان ئايرىلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ يەردىكى سۆگەت شېخى دەل ۋاستىلىق رولىنى ئوينىغان. بىر دەستە ئەتىرگۈل بولسا دائىم قىز - ئوغۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسى بولغان.

ئامېرىكىلىق داڭلىق ئاخباراتشۇناس ۋىلبۇر سكارمىنىڭ قارىشىچە، ۋاستە بولسا تارقىتىش جەريانىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇچۇرنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىشنىڭ قورالى.

ھازىرقى زامان تارقىتىش ئىلمىي بويىچە قارىغاندا، ۋاستە بولسا ئۇچۇر تارقىتىدىغان ماددى نەرسە ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا شەكىللەنگەن ۋاستىلەر گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، رادىيو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال، خەلقئارا ئىنتېرنېت تورى قاتارلىقلار (ئۇچۇر) تارقىتىش ۋاستىسىدۇر.

ئەدەبىي ۋاستە بولسا تىلنىڭ تارقىلىشىدىكى ماددىي ۋاستە بولۇپ (مەسىلەن، قەدىمىي شېئىر يېزىلغان بامبۇك تارىشا، قولدا كۆچۈرۈلگەن كىتاب، ئېلېكترونلۇق كىتاب، چاتما ھېكايە بېسىلغان گېزىت ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىدىغان رادىيو، نەسرى ئەسەرلەرنى بېسىپ تارقىتىدىغان ژۇرنال قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.) ھەرگىزمۇ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن مەنىنىڭ ئۆزى ئەمەس.

ئەدەبىي ۋاستە ئەدەبىي تېكستنىڭ مەنىسىنى تارقىتىشتىكى ماددىي شەكلى ۋە يولىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئېغىز ۋاستىسى، يېزىق ۋاستىسى، مەتبەئە ۋاستىسى، ئاممىۋى ۋاستە ۋە تور ۋاستىسى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەدەبىي ۋاستىلەرنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى

يىراق قەدىمكى زاماندىن بۈگۈنگە قەدەر، ئەدەبىي ۋاستىلەر ئۇزۇن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. پەقەت جۇڭگو ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىچە تارىخىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەدەبىي ۋاستىلەر ئېغىز تىل ۋاستىسى، يېزىق ۋاستىسى، مەتبەئە ۋاستىسى، ئاممىۋى ۋاستە (ماشىنىلاشقان مەتبەئە ۋە ئېلېكترونلۇق ۋاستە ) ۋە تور ۋاستىسى قاتارلىق بەش باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

## ئېغىز ۋاستىسى

ئېغىز ۋاستىسى بولسا ئەدەبىي ۋاستىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر تۈرى. ئېغىز تىلى - دەل بىز دەۋاتقان گەپ، يەنى تىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى .

ئېغىز ۋاستىسى تىل ۋاستىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەكلى، ئۇ ئېغىز تىلىنى ئاساس قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. مۆلچەرلەشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۈنىڭدىن 40 مىڭ يىلدىن 90 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار گەپ قىلىش (سۆزلەش) ئىقتىدارىغا ئېرىشكەن. ئۇرۇق - قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېغىز تىلىمۇ مۇشۇ تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا شەكىللەنگەن .

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ( يەنى تەخمىنەن 14 مىڭ يىلدىن 16 مىڭ يىللار ئىلگىرى) ئېغىز تىلى تەرەققىي قىلىپ ئابستىراكت شەيئىلەرنى ئىپادىلىيەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن ھەم ئاددىي گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى شەكىللەنگەن.

ئېغىز تىلى ۋاستىسى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، ئاددى ھەم قولايلىق.

ئىككىنچى، بەدەن تىلى (ئىما - ئىشارەت، ھەرىكەت) ۋە ئىپتىدائىي مۇراسىم جەريانىدا بارلىققا كەلگەن .

ئۈچىنچى، چىن، ھەقىقىي، جانلىق.

تۆتىنچى، ساقلاپ قېلىش قىيىن.

ئېغىز تىلى ۋاستىسىنىڭ ياردىمىدە قەدىمكى ئەجدادلار مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىياتنى ياراتقان. جۇڭگو ئىپتىدائىي ئەدەبىياتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ئەدەبىي تېكستنىڭ ھەجمى بىر قەدەر كىچىك، سۆزلۈك، جۈملە شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئاددىي بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىيات كۆپ ھاللاردا ناخشا - قوشاق شەكلىدە ساقلانغان بولىدۇ ھەمدە بۇ قوشاقلار مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي تېكست تۇراقسىز، تارقىلىشچان بولۇپ، كوللېكتىپ ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا ئۆزگەرتىۋېتىلىدۇ ياكى غەيرى ئۆزگىرىش كېلىپ چىقىدۇ .

تۆتىنچى، ئەدەبىي تېكستنىڭ ئاپتورلىرى نوقۇل بىرلا شەخس بولماستىن بەلكى كوللېكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ .

بەشىنچى، ئەدەبىي تېكستنىڭ تارقىلىش دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ.

ئالتىنچى، ئەدەبىي تېكستنى ساقلاش قولايسىز، ئىپتىدائىي ئېغىز تىل ئەدەبىياتىدا ئېغىز تىل ۋاستىسىنىڭ چەكلىملىكى تۈپەيلىدىن كۆپ قىسىم ئەسەرلەر يوقىلىپ كەتكەن.

## يېزىق ۋاستىسى

بۈنىڭدىن تەخمىنەن 7 مىڭ يىللار ئىلگىرى مىسىردا تەسۋىرىي يېزىق بارلىققا كەلگەن.

ھالبۇكى، جۇڭگومۇ تەسۋىرىي يېزىقنى ئەڭ بالدۇر كەشىپ قىلغان ۋە قوللانغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. يېزىق بولسا تىلنى خاتىرلەيدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمىسى، تىلنىڭ مۇھىم ياردەمچى قورالى. يېزىقنى تاش، تۇچ بۇيۇملار، ھايۋانات سۆڭىكى، بامبۇك تارشا پۈتۈك، ياغاچ تارشا، كاناپ رەخت، قەغەز قاتارلىقلارغا خاتىرلەنگەن ۋاستە دەپ قاراشقا، ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېغىز تىلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

يېزىق ۋاستىسى بولسا تىل ۋاستىسىنىڭ مۇھىم بىر خىل شەكلى بولۇپ، كىتابى بەلگىلەر سىستېمىسى ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تىل (ئۇچۇر يەتكۈزۈش) ۋاستىسى. ئۇ ئېغىز تىل ۋاستىسى بىلەن ئاڭلاش سېزىمى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى، يېزىق ۋاستىسى بولسا ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق ئاندىن باشقا ئەزالارنىڭ ئىنكاسىنى قوزغايدۇ (ئاۋۋال كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاڭلاپ ئەستە تۇتۇشقا پايدىلىق بولىدۇ). يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بىر ئىش. ئۇ، يەنى يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىنسانلارنى بىر خىل ئەڭ ئاساسىي ھەم ئۈنۈملۈك ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىسىغا ئىگە قىلدى.

يېزىقتىن ئىبارەت بۇ خىل كىتابى ئۇچۇر ۋاستىسى ئېغىز تىلى ۋاستىسىنىڭ ۋاقىت چەكلىمىلىكىنى مۇئەييەن دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاپ ئۇزاق زامانلار تارقىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

يېزىق ۋاستىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ئېغىز تىلى ۋاستىسىدىن كېيىنكى يېڭىچە بىر خىل ۋاستىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئېغىز تىلى ۋاستىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يېزىق تىل ۋاستىسى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭىچە قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

بىرىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئىلگىرىكى ئېغىزچە تارقىلىشتىن يېزىقچە ياكى كىتابى تارقىلىشقا ئۆزگەردى.

ئىككىنچى، كىتابى تارقىلىشتا، تارقاتقۇچى (ئەسلى ئاپتور) بىلەن تاپشۇرۇپ ئالغۇچى (ئوقۇرمەن) لارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. بۇ ئەدەبىي ۋاستىنى ئېغىز تىلى ۋاستىسى دەۋرىدىكى ئادەم ۋە ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەركىن ھەم يېڭىچە بولغان بىر خىل ئىپادىلەش شەكلىگە ئىگە قىلدى.

ئۈچىنچى، ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئىلگىرىكى كوللېكتىپلىقتىن شەخسلەر ئىجاد قىلىشقا يۈزلەندى. شائىر ۋە يازغۇچىلار بارلىققا كەلدى .

تۆتىنچى، يېزىق بىلەن خاتىرلەنگەن ئەسەرلەر ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىجادچىسى (ئەسلى ئاپتورى، تارقاتقۇچى، گەپ قىلغۇچى) نىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۆز قىممىتى بىلەن ئۇزاق دەۋرلەرگىچە تارقىلىپ كەلدى.

بەشىنچى، ئەدەبىياتنىڭ يازما تېكستى يەنە ئەسلى ئىجادچىسى بىلەن كونتېكستتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ، بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر قەدەر ئەركىن ھالدا ئوقۇش ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

ئالتىنچى، يېزىق ۋاستىسى (خەنزۇ ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن) ھەرقايسى شېۋىلەر ئارىسىدىكى توسالغۇنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى رايونلار ئارا تارقىلىشىنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى .

## مەتبەئە ۋاستىسى

مەتبەئە ۋاستىسى بولسا يېزىق، سۈرەت قاتارلىقلارنى قەغەز يۈزىگە كۆپەيتىپ بېسىپ تۈپلەپ چىقىرىدىغان بىر خىل مېدىيا تېخنىكىسى. ئۇ ئادەتتە قول بىلەن بېسىش تېخنىكىسى ۋە ماشىنا بىلەن بېسىش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىق قىلىپ سۆزلەيدىغىنىمىز قول بىلەن بېسىش تېخنىكىسى، ماشىنلاشقان بېسىش تېخنىكىسى ئامmۋى ۋاستە قاتارىدا سۆزلىنىدۇ .

جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىغا قارايدىغان بولساق، مەتبەئە ۋاستىسى سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدە ئاساسىي باش ۋاستىلىق رولىنى ئوينىغان بولۇپ، بۇ دەۋر

ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەتبەئە ۋاستىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى بىر ۋاستە بىلەن تەمىنلىدى. مەتبەئە ۋاستىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن قەدىمى كىتابلار كۆپلەپ نەشىر قىلىنىپ ۋە ئالماشتۇرۇلۇپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئەدىبلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن ئۇلارنىڭ بىلىمىنى موللاشتۇردى ھەمدە يېڭىچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىلىشى بۇ كىتابلارنىڭ ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ نەزم بىلەن نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ جانلىنىشى، چىڭ سۇلالىسىدىكى ھېكايە، رومانلارنىڭ گۈللىنىشىنى مەتبەئە ۋاستىسىنىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئىلگىرىكى ئېغىز تىلى ۋاستىسىنى يېزىق ۋاستىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەتبەئە ۋاستىسى ئەدەبىيات ئۈچۈن يېڭى قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىش شەكلى ئىلگىرىكى قولدا كۆچۈرۈشتىن قول ئارقىلىق بېسىشقا ئۆزگىرىپ، ئەسەرلەرنىڭ نۇسخىلىنىش سۈرئىتى ، ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

ئىككىنچى، كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىشقا قولايلىق بولغانلىقتىن چوڭ ھەجىملىك، كەڭ كۆلەملىك ئەسەرلەرنى بېسىپ تارقىتىش ئىشقا ئاشتى. بۇ ئەھۋال تەدرىجىي ھالدا شېئىرنىڭ ئاجىزلىشىپ نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ھەمدە بەيخۇا ئۇسلۇبىدىكى ھېكايە رومانلارنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۈچىنچى، مەتبەئە ۋاستىلىرىنىڭ (ماشىنىلىرىنىڭ ) ئومۇملىشىشى، جەمئىيەتتىكى خەت تونۇيدىغان (ساۋاتلىق) كىشىلەر سانىنىڭ تەدرىجىي ئېشىشى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرىنىڭ سانىمۇ ئېشىپ باردى.

تۆتىنچى، گەرچە مىڭ - چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنئەنىۋىي ئۆلچەم بويىچە شېئىرىيەت يەنىلا ئاساسىي ئېقىم دەپ قارالغان بولسىمۇ، بىراق بەيخۇا ئۇسلۇبىدىكى ھېكايىلەر ناھايىتى كۆپ ساندىكى شەھەر ئوقۇرمەنلىرى قاتلىمىدا تەدرىجىي ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى. بۇ مەتبەئە ۋاستىلىرى بىلەن يېڭىدىن گۈللەنگەن نەسرى ئەسەرلەر (ھېكايىلەر) نىڭ ئاستىرتتىن بىرلىشىپ شېئىرىيەتكە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى ھەمدە شېئىرىيەتنىڭ (گەۋدىلىك ئورنىنى مەلۇم دەرىجىدە سۇسلاشتۇردى، ئىلگىرىكى ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنى ئاجىزلاشتۇردى. بۇخىل ئەھۋال چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ) لياڭ چىچياۋ قاتارلىقلارنىڭ مەتبە ۋاستىسى جۇڭگودا تەرەققىي تاپقان ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ « ھېكايە ئېقىمى ئىنقىلابى » نى قوزغىشىغا ئاساس سېلىپ بەردى.

## ئاممىۋى ۋاستە

ئاممىۋى ۋاستە يەنە ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاخباراتشۇناسلارنىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە « ئارىغا چۈشكەن، ئۈچۈر بەلگىلىرىنى تەكرارلايدىغان ياكى تارقىتىدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر، تەھرىر خادىملار ئىشلىگەن گېزىت ياكى رادىيو قاتارلىق تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئۈچۈر تارقىتىش يولى » نى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن ئاممىۋى ۋاستىلەرنى تارقىتىش گۇرۇپپىلىرىدىن تۈزۈلگەن تارقىتىش ۋاستىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل تارقىتىش گۇرۇپپىلىرى ئۈچۈرنى كۆپەيتىدىغان ۋە تارقىتىدىغان ماددى ۋاستىلەر ( مەتبەئە ماشىنىسى ،رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تور تېلېۋىزىيەسى) ۋە تەھرىر خادىملاردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ئاساسلىقى ماشىنىلاشقان مەتبەئە ۋاستىسى ۋە ئېلېكترونىك ۋاستىلەردىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاممىۋى ۋاستىلەر كۆپ مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى كۆڭۈل ئېچىش پىروگراممىسى ياكى ھەرخىل زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان شەكىلنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئاساسلىقى گېزىت ،ژۇرنال ،كىتاب

،تېلېۋىزىيە،رادىيو، كىنو، ئۈنئالغۇ لېنتىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ماشىنىلاشقان مەتبەئە ۋاستىسى ئامموۋى ۋاستىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى بولۇپ، ماشىنىلار ئارقىلىق رەسىم ، يېزىقلارنى كۆپەيتىدىغان مىدىيا ۋاستىسىدۇر. ئۇ (ماشىنىلاشقان ۋاستە) قول بىلەن كۆپەيتىش ۋاستىسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ماشىنىلىششقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

ئېلېكترونلۇك ۋاستە بولسا ئامموۋى ۋاستىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ تەسىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ، ئامموۋى مەدەنىيەت توشۇشنىڭ مۇھىم ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىسى بولماقتا.

رادىيو - تار مەنىدىن ئېيتقاندا سىمسىز رادىيو دولقۇنى ياكى سىم ئارقىلىق ئاۋازلىق پىروگراممىلارنى تارقىتىدىغان تېخنىكىلىق تارقىتىش ۋاستىدۇر .

ئېلېكترونلۇك ۋاستىلەر - ئېلېكترو ماگنىت ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇرنى كۆپەيتىپ تارقىتىدىغان بىر خىل تېخنىكىلىق ۋاستىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقى رادىيو، فىلىم (كىنو) ،تېلېۋىزور قاتارلىق ئۈچ خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رادىيو 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن. 1920 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئامېرىكىدا KDKA رادىيو ئىستانسىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى تۇنجى رادىيو ئىستانسىسىدۇر . جۇڭگولۇقلار ئۆزى قۇرغان رادىيو ئىستانسىسى 1926 — يىلى خاربىندا مەيدانغا كەلگەن. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ رادىيونىڭ ئىشلىتىلىشى جۇڭگوغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

1. رادىيو ئارقىلىق شېئىر، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات، كىنو سىنارىيەسى ۋە ئېيتىشىش قاتارلىقلارنى تارقىتىشقا ئالاھىدە ئۇنۇم قوشتى.

2. ئاۋاز ئارقىلىق ئەسەرلەرنى يەتكۈزۈش خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى (مەسىلەن، خەلق قوشاقلىرى) قايتىدىن جانلاندۇرۇپلا قالماستىن، نەق مەيداندا بىۋاستە يەتكۈزۈش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈردۇ. (بىۋاستىلىق ۋە يېقىملىق تۇيغۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەمدە ئۇنىڭ ۋاقىت ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى بولۇپ، بۇ يېزىق ۋاستىسى ۋە مەتبەئە ۋاستىسىدە بولمىغان ئارتۇقچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

3. رادىيونىڭ تارقىلىشى دائىرىسى كەڭ، تاغ - دەريالارنىڭ بوشلۇق چەكلىمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەدەبىياتنىڭ بوشلۇق جەھەتتىكى توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈپ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقىلىشىغا، ھەرقايسى ئائىلىلەردە ئومۇملىششىغا تۈرتكە بولدى.

4. رادىيو ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بىرخىل ئەدەبىياتنى شەكىللەندۈردى.

5. رادىيونىڭ ھەرقايسى قاتلامدا نۇرغۇنلىغان تىڭشىغۇچىلىرىنىڭ بولۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئوخشاش بولمىغاچقا، رادىيو ئەدەبىياتى تىلىنىڭ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇشى تەلەپ قىلىندى. بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئاممىبابلىشىش مۇساپىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

6. رادىيونىڭ بارلىققا كېلىشى « نەق مەيدان ئەندىزىسى » نىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇب قاتارىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى، بۇ ئوقۇرمەنلەر قوبۇل قىلالايدىغان بىر خىل مۇھىم شەكىلگە ئايلاندۇردى.

كىنو بولسا ھەرىكەتلىك رەسىم تېخنىكىسى ۋە پىروېكسىيە پىلاستىنكىسى قويۇلۇش تەرەققىياتى بىرلەشتۈرۈلگەن مىدىيا تېخنىكىسى بولۇپ، ئاساسلىقى چىراق نۇرى ئارقىلىق فىلىمگە ئېلىنغان پىلاستىنكىلارنى ئۇلاپ ئېكران يۈزىدە كۆرسىتىدىغان، قارىماققا ئەمەلىيەتتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوبرازدەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

كىنو 1895 - يىلى فىرانسىيەلىك ئاكا - ئۇكا لۇمىېرلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگوغا تارقالغان. جۇڭگودا تۇنجى ھۆججەتلىك فىلىم « دىڭجۈنشەن » 1905 - يىلى سۈرەتكە ئېلىنغان.

1913 - يىلى جېڭ جېڭچيۇ ۋە جاڭ شىچۇەن تۇنجى فىلىم « جاپاكەش بىر جۈپلەر » ناملىق كىنوغا رېژىسسورلۇق قىلغان بولۇپ كىنونىڭ تەرەققىياتى جۇڭگودا شۇنىڭدىن باشلانغان. ئەڭ دەسلەپكى كىنو ئاۋازسىز بولۇپ،كېيىن ئاۋاز قوشۇلغان. ھازىرقى زامانىۋى ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن كىنو ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاستىلەر ھازىرلىمىغان تارقىتىش ئەۋزەللىككە ئىگە.

كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى ئەدەبىياتقا كۆپ تەرەپلىمە تەسىرلەرنى كۆرسەتتى:

بىرىنچى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ئاۋازدىن تەركىب تاپقان ھەقىقىي كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق تۇرمۇشنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر ۋاستىدە بولۇپ باقمىغان كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئىپادىلىدى. ئەدەبىي ئۇنۇمىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ھەقىقىي بولغان كۆرۈنۈش يۈزى ۋە ئاڭلاش سېزىمى بولغان ھالەت بىلەن تەمىنلىدى.

ئىككىنچى، كىنو سانى كۆپ بولغان ھەرقايسى قاتلام ئاممىسىغا يۈزلىنىش كېرەك بولغانلىقتىن، ھەممىباب بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. بۇخىل يۈزلىنىش ھەممىدىن ئاۋال كىنو سىنارىيەسىنىڭ ھەممىباب بولۇشىنى تەلەپ قىلدى، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭمۇ ئاممىبابلىششىغا تەسىر كۆرسەتتى.

ئۈچىنچى، كىنو سىنارىيەسىنىڭ ئەدەبىي خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن كىنو ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت يېڭى بىر خىل ئەدەبىي ژانىرنى بارلىققا كەلتۈردى.

تۆتىنچى، كىنو سىنارىيەسىنىڭ ئەدەبىي خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن كىنو ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت يېڭى بىر خىل ئەدەبىي ژانىرنى بارلىققا كەلتۈردى.

بەشىنچى، كۆپ قىسىم كىنو سىنارىيەسى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، بىر تەرەپتىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرنى بىۋاستە قوبۇل قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇسا يەنە بىر تەرەپتىن ئىستىخىيلىك ھالدا يازغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئەسەر يېزىقچىلىقىغا تەسىر كۆرسەتتى.

بەشىنچى، كىنونىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سېزىمى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بولغاچقا، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى جۇڭگوغا نىسبەتەن نۇرغۇنلىغان كۆرۈرمەن ۋە تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى ۋە ئەدەبىياتنىڭ سەنئەت ئائىلىسى ئىچىدىكى ئاساسلىق ئورنىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە تۈرتكە بولدى ھەمدە 90 - يىللاردىن كېيىنكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا رەسمىي ھالدا ماھىيەت خاراكتېرلىك چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

تېلېۋىزور ئاممىۋى ۋاستىلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ مۇھىم بىر خىل شەكلى. تېلېۋىزور ئېلېكترونلۇق تېخنىكا ئارقىلىق سۈرەت ۋە ئاۋازلارنى يوللايدىغان بىر خىل تارقىتىش ۋاستىسىدىن ئىبارەت. ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە نەچچە ئون يىللىق تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە غەرب دۆلەتلىرىدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. 20 - ئەسىرنىڭ 30 -، 40 - يىللىرى تېلېۋىزورنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان مەزگىلى بولدى، شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە تېلېۋىزور ۋە تور جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

تېلېۋىزورنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى بىلەن كىنونىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى كۆپ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىراق كىنو بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېلېۋىزورنىڭ ئەدەبىياتقا نىسبەتەن تۆۋەندىكىچە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار.

بىرىنچى، تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى « تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى » دىن ئىبارەت بۇ يېڭى بىر خىل ئەدەبىي ژانىرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئىككىنچى، تېلېۋىزور كۆرۈشنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى، مەيلى ئەسلى ئەسەر بولسۇن ياكى ئۆزگەرتىلگەن ئەسەر بولسۇن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا يېقىن بولۇشتەك بىر خىل خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلدى. تېلېۋىزورنىڭ ئائىلىلەرگە سىڭىپ كىرىشى ھەمدە پىروگراممىلارنىڭ ھەممىبابلىششى ئەدەبىياتقا تېخىمۇ قويۇق بولغان مەدەنىيەت تۈسىنى ئاتا قىلدى.

ئۈچىنچى، تېلېۋىزور — كۆرۈش يۈزى ۋە ئاڭلاش سېزىمى، ئاۋاز قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكتىن، ئەدەبىياتنى مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق، تىياتىر قاتارلىق كۆپ خىل سەنئەت تۈرلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى.

ھەركۈنى 24 سائەت توختىماي تارقىتىشتەك بۇ خىل ئۇنىۋېرساللىق ۋە داۋاملىششچانلىق، ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىدە بولمىغان تارقىتىش ۋاستىسىنىڭ بۇ خىل ئەۋزەللىكىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەردى.

كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئېستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇردى. ئىلگىرىكى ئەدەبىياتقا ( ھېكايە، پوۋېست، رومان) بولغان قىزغىنلىقنى سۇسلاشتۇردى.

يۇقىردا بايان قىلغان ئۈچ خىل ئېلېكترونلۇق ۋاستىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلار تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.

ماشىنىلاشقان ۋاستىلەر ۋە ئېلېكترونلۇق ۋاستىلەردىن تۈزۈلگەن ئاممىۋى ۋاستىلەر ئىلگىرىكى ھەرقانداق تارقىتىش ۋاستىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان كۈچلۈك دەرىجىدىكى ھاياتى كۈچنى نامايەن قىلدى.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس چارىس خودۇن كۇرى 1909 - يىلى يېڭى ۋاستىلەرنىڭ تۆت جەھەتتە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. يەنى ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتى: ئۇلار تېخىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىدىيە ۋە ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مەڭگۈلۈك ساقلىنىش خۇسۇسىيىتى ۋە بوشلۇقتىن ھالقىپ ئۆتۈش خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھەرقايسى قاتلامدىكى ھەرقايسى سىنىپتىكى كىشىلەر ئارىسىغا تارقىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئەدەبىياتنىڭ ئىلگىرىكى ئۈچ خىل ئەدەبىي ۋاستە ئېغىز ۋاستىسى، يېزىق ۋاستىسى ۋە مەتبەئە ۋاستىسى قاتارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاممىۋى ۋاستە تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە ئۆزىنىڭ تارقىتىش ئەۋزەللىكىنى ئىپادىلىدى.

بىرىنچى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى كۆپ تەرەپلىمىلىكى، ئەڭ كەڭ بولغان ئىدىيە ۋە مۇرەككەپ ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئىككىنچى، ۋاقىت جەھەتتىكى مەڭگۈلۈك خۇسۇسىيىتى مەڭگۈلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىش ۋەقەلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، بوشلۇق جەھەتتىكى تېزلىكى، يىراق ئارىلىقتىكى ئىش - ۋەقەلەرنى تېز سۈرئەتتە تارقىتالايدۇ.

تۆتىنچى، قوبۇل قىلغۇچىلار قاتلىمى بىردەك بولۇش خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن ھەرقايسى قاتلامدىكى قوبۇل قىلغۇچىلارغا يۈزلىنەلەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئاممىۋى ۋاستىلەر ئەدەبىي تۈرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىدىلا مۇھىم رول ئويناپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھات ئۆزگىرىش جەريانىدىمۇ « ئىنقىلاب » خاراكتېرلىك رول ئوينىدى.

« ئاخباراتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى » دەپ قارالغان ئامېرىكىلىق ئالىم ۋېلبۇر سكارم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئۈچۈر ۋاستىلىرى بىر مەيدان ھاياتى كۈچكە تولغان ئىنقىلابنى قوزغىدى شۇنداقلا يەنە ئۈچۈر ۋاستىلىرىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىنقىلابنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىدىن بىرى ». مانا بۇ دەل ئاممىۋى ۋاستىلەرنىڭ كۈچلۈك ئىسلاھات كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ۋاستىلەر مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپلا ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات - ئەقلىي ئىقتىدار ئىنقىلابى، سىياسىي ئىنقىلاب، سانائەت ئىنقىلابى، ھەمدە قىزىقىش، ھەۋەس، ئارزۇ - ئۈمىد، ئەخلاق كۆز قارىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە قاتنىشىدۇ.

بۇ بىر قاتار ئىنقىلابلار بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئۈچۈرنىڭ تارقىلىشى تۈپتىن ئېيتقاندا ئىجتىمائىي جەرياندۇر. ئىنسانلار ئەڭ ئاۋۋال ئۈچۈرلارنى بىرتەرەپ قىلالايدىغان ئىجتىمائىي مەخلۇق بولغانلىقتىن، ئۈچۈر مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى، تارقىتىشىنىڭ زور دەرىجىدىكى ئەگەشمە تەسىرى تۆپەيلىدىن،ھەمىشە ھەرقېتىملىق مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە قاتنىشىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دەل پۈتكۈل جەمئىيەت سىستېمىسى ئىچىدە شۇنداق مۇھىم رولى بولغانلىقتىن، ئاممىۋى ۋاستىلەر دەل مۇشۇ سىستېما ئىچىدىكى ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەدەبىياتمۇ دەل مۇشۇ سىستېمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھەمدە پەقەت مۇشۇ سىستېما ئىچىدە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

## تور ۋاستىسى

تور ۋاستىسى - ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، تور ۋە كۆپ ۋاستىلىق تارقىتىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۈچۈر تارقىتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسىدۇر.

كۆپ ۋاستە -ئەسلىي (ئەڭ دەسلەپتە)

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تارقىتىش شەكلىنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىدىن تەركىب تاپقان ئېلېكترونلۇق ۋاستە، ئۇ يەنە ئارلاشما ۋاستە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە كۆرستىۋاتقىنى بولسا رادىيو، تېلېۋىزىيە، تېلېفون، فاكس، كومپيۇتېر ئالاقىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئاۋاز، سۈرەت، يېزىق ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى تېز سۈرئەتتە بىر تەرەپ قىلىش، تارقىتىش ھەمدە قوبۇللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان قوش يۆنىلىشلىك ئۇچۇر سىستېمىسىنى كۆرستىدۇ.

بۇ نۇقتا بىزنىڭ تەتقىقات قىزغىنلىقىمىزنى قوزغىدى. تور ۋاستىسىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تارقىلىشىغا بولغان يېڭىچە ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، رەقەم تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە خەلقئارا تورنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، تور ۋاستىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاستىگە قارىغاندا، تارقىتىش قوبۇللاش ۋە كۆپەيتىشنىڭ تېزلىكى، ساقلاش ۋە ئېلىشنىڭ ئوڭايلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تارقىلىش، ساقلىنىش كۆپەيتىش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

ئىككىنچى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، رادىيو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاممىۋى ۋاستىلەرگە تەۋە بولغان ۋاستىلەرنىڭ قوبۇل قىلغۇچىلارغا قارىتا تاق يۆنىلىشلىك تارقىتىش ئىقتىدارىغا ئوخشىمايدىغان يېرى، تور ۋاستىسى تارقاتقۇچى بىلەن قوبۇللىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى قوش يۆنىلىش تارقىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ تور ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كىشلەرنىڭ ئۆز ئارا ھەقىقىي تۈردە دەل ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئۈچىنچى، تور ۋاستىسىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك تارقىتىش ئىقتىدارى بولغانلىقتىن، يازغۇچىلار بىلەن ئوقۇرمەنلەر باراۋەر پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

تۆتىنچى، كىشلەرنىڭ تور ئەدەبىياتىدىكى پىكىرىنى تېخىمۇ ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە قىلدى.

بەشىنچى، پەقەت تور ئەدەبىياتىغىلا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تور ۋاستىسىنىڭ تارقىلىشى تېز، قولاي، يېڭىچە بولغانلىقتىن، ئىپادىلەشنىڭ تېخىمۇ ئاددىي، قىسقا ھەم ئۆزگىچە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئالتىنچى، تور ۋاستىسى قوللىنىلغان ئەسەرلەردە يېزىق، ئاۋاز، سۈرەت قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ يېڭىچە تەسىر بېرىدۇ.

يۇقىرىدا ئەدەبىي ۋاستىلەرنىڭ ئۆزگىرىش تەرەققىياتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەدەبىي ۋاستىلەر بولسا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن ۋە ئەمەلگە ئاشقان بىر خىل يېڭى تېخنىكىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىر تەرەپتىن، ھەربىر دەۋردە بىر ياكى ئىككى خىل ئاساسلىق ۋاستىلەر مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئېغىز تىلى ۋاستىسى، چىن سۇلالىسىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋردىكى يېزىق ۋاستىسى، سۇڭ دەۋرىدىن چىڭ دەۋرىگىچە بولغان قول مەتبەئە ۋاستىسى، 20 - ئەسىر كىرگەندىن كېيىنكى ئاممىۋى ۋاستىلەر ۋە يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىۋاتقان تور ۋاستىسى قاتارلىقلار.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن بارلىق كونا ۋاستىلەر توساتتىنلا يوقاپ كەتمەستىن يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئاساسلىق ۋاستە بىلەن بىرلىكتە بىرىكىپ قاتلىنىپ تۇرۇپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋاستىلەر مەيلى گۈللىنىش ياكى چۈشكۈنلىشىشتىن قەتئىينەزەر ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا ئوخشىمىغان ھالدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. بۇ نۇقتىلار شۇنى چۈشەندۈرىدىكى ھازىر بار بولغان ئەدەبىي ۋاستىلەر ئاز بولغاندىمۇ ئېغىز تىلى ۋاستىسى، يېزىق ۋاستىسى، قول مەتبەئە ۋاستىسى،ئاممىۋى ۋاستە ( ماشىنلاشقان ۋاستە ئېلېكترونلۇق ۋاستە) ۋە تور ۋاستىسى قاتارلىق بەش تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مۇھەررىرى: زۇلپىيە تۇرسۇن (2009)**
**كوررېكتور: ماھىرەم تۇرسۇنتوختى (2007)**




**شاھىمەردان مەمەتئېلى (2010)**

ــ قەيسەر، ھەي قەيسەر! تۇرە ئاداش، ئەمدى تۇرمساڭ كېچىكىپ قالىسەن!

بۇ ياتاقدىشىم كامىلىنىڭ مېنى ئۇچىنچى قېتىم ئويغىتىشى ئىدى. راست، ئەمدى قوپمىسام كېچىكىپ قېلىپ، مۇئەللىمدىن ئىزا ئىشتىمەن، ئەڭ يامىنى رەھىمەنىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئۇياتقا قالىمەن. بۇنداق ھالقىلىق چاغلاردا ئۇنىڭغا زەررىچىلىك يامان تەسىر بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇ مېنىڭ چۈشكىچە ئۇخلايدىغانلىقىمنى بىلسە، ئۇزاقتىن بېرى تارتىۋاتقان ئازابلىرىم بىكارغا كەتمەمدۇ؟ ياق، ئۇنداق بولۇشىغا مەن ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمەن...

رەھىمەدىن خۇددى ھازىرلا ئايرىلىپ قالىدىغاندەك چاققانلىق بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. يۈزۈمنى ھاپىلا ـ شاپىلا يۇيۇپ ئەينەككە لاپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆيدىن ئەۋەتكەن ناندىن كىچىك بىر بۇردىنى چىشلىگىنىمچە سىنىپقا قاراپ چاپتىم...

رەھىمە مەن بۇ ناتونۇش شەھەرگە كەلگەندە بىرىنچى بولۇپ ئۇچراتقان ۋە ھاياتىمدا يۈرەك تارىمنى تۇنجى چەككەن قىز. بۇرۇن ئۆزۈمنى كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان، قىزلارغا كۆز سېلىشنى ئەسلا بىلمەيدىغان « ياخشى بالا » دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، رەھىمەنى ئۇچراتقان شۇ كۈندىن باشلاپ، مېنىڭ بۇ ئويلىرىم ئاللىقاياقلارغا يوقالدى. كاللامدا مۇھەببەت ئاتلىق بىر شەيتان پەيدا بولۇپ، يۈرىكىمنى سىنىپىمىزدىكى ئەقىللىق، تىرىشچان، رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلاردەك چىرايلىق رەھىمە ئىگىلىۋالدى. كېيىنچە يەنە ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە ئالاھىدە ياخشىلىقى، مىجەزىنىڭ ئوچۇقلىقى، كۆيۈمچان، ئاقكۆڭۈللۈكى، يەنە تاتلىق كۈلۈشلىرى قەلب ئۆيۈمگە ئۆچمەس چىراغ يېقىۋەتتى. ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغىنىمدىلا، مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي سېھرى كۈچىنى سەزگەندەك بولدۇم.

ئۆمرىمدە تېخى بىرەر قىزغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ باقمىغانلىقىمدىن، ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى قانداق ئىپادىلەشنى پەقەت بىلەلمىدىم. بۇرۇندىن كىتابنى جىق كۆرگەچكە، بۇ ئىشتىمۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلىپ، مۇھەببەتكە تالىق نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم. لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ كۆڭلۈمگە ياققۇدەك ئۇسۇل ـ چارە تاپالماي، ئاچچىقىمدا ئۇ كىتابلارنى پىرقىرىتىپ ئاتتىم. ئاخىرى ياتاقداشلىرىمدىن مەسلىھەت ئېلىپ كۆرۈش ئۈچۈن، كۆڭلۈمدىكىنى ئۇلارغا ئېيتتىم.

ــ ساڭىمۇ بەكلا ياردەم بەرگۈم بار ئاداش، ئەمما مەنمۇ تېخى بۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ باقمىغان، ياردەم قىلاي دېسەممۇ قىلالمىغۇدەكمەن، ــ بۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى كارىۋاتتا ياتىدىغان غەيرەتنىڭ جاۋابى بولدى.

ــ بۇنداق ئىشتا بىزدىن مەسلىھەت ئالغىنىڭ بىكار ئاداش، يەنىلا ئۆزۈڭگە تايانغىنىڭ ياخشىراق بولارمىكىن، ــ تاھىرنىڭ بۇ گېپىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىق پۇرىقى كېلىۋاتاتتى. مەن سەل ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىم، ئاخىرىدا كامىل ئېغىز ئاچتى:

ــ مېنىڭچە بولسا، بىز تېخى ئالىي مەكتەپكە ئەمدى كەلدۇق، بەزى ئىشلارغا بۇنچە تېز كىرىشىپ كەتسەكمۇ بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭمۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي يۈرۈپسەن، رەھىمەگە قارىساممۇ ئۆگىنىشتىن باشقا نەرسىلەرگە ئانچە بەك مەيلى يوقكەن. ئەڭ ياخشىسى بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن ئاداش، بىزگە ھازىر مۇھىمى ئوقۇش!

— بولدى بەس! — ئۇنىڭ گەپلىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم،— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ ھەممىڭ بىر توپ كىتاب خالتىلىرى... ئەخمەقلەر!— دەپ ئاچچىقلىغىنىمچە ياتاقتىن قاڭقىپ يېنىپ چىقتىم. چىقتىم - يۇ، بايا ئۇلارغا ئاچچىقلاپ دېگەن سۆزۈم ئۇستىدە ئويلىنىپ قالدىم، بۇرۇنلاردا ماڭا ئوخشاش ئاشىق - سەۋدالىرىنىڭ تۇرقىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارنى « ئەخمەقلەر » دەيتتىم. ئەمدىلىكتە ئۆزۈممۇ ئاشۇ « ئەخمەقلەر » سېپىگە قوشۇلۇپ، ھېچ ھېيىقماستىن، باشقىلارنى « ئەخمەقلەر » دەپ تىللايدىغان بولدۇم. توۋا، مۇھەببەتنىڭ مېنى بۇ دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن، كونىلارنىڭ « كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، كۆڭۈل ھەر يانغا باشلايدۇ » دېگىنى بىكار ئەمەسكەندە؟

خىيال بىلەن تەنتەربىيە مەيدانىغا چىقىپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەپتىمەن. كاللامنى سەگىتىش ئۈچۈن، خالىي بىر جاينى تېپىپ ئولتۇردۇم. توساتتىن مەندىن نېرىراقتا ئىككى قىز بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان رىفاتقا كۆزۈم چۈشتى. توغرا، مەن نېمە ئۈچۈن رىفاتتىن مەسلىھەت ئالمىدىم؟ ماۋۇ ئەقلىسىزلىقىمنى كۆرمەمدىغان؟ رىفات رەھىمە بىلەن بىر شەھەردىن، مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى. ئۆزى دەرستە ياخشى بولمىغىنى بىلەن قانداق يېرى باركىن، قىزلار ئۇنىڭغا بەكلا تېز ئىجىل بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇ قىزلارنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئېلىشنى بىلىدۇ، دېگەن گەپ. ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالسام چوقۇم خاتالاشمايمەن. شۇ خۇشاللىقىمدا ئۇنى كۆزەتكەچ پاراڭنىڭ تۈگىشىنى ساقلاپ ئولتۇردۇم.

بىر چاغدا ئۇ پاراڭنى تۈگىتىپ، قىزلار بىلەن خوشلاشتى،شۇندىلا مەن ئۇنى چاقىردىم:

— رىفات!

ئۇ مېنى كۆردى - دە، بەيگىگە سالغۇدەك يۈگۈرۈك ئېغىزىنى ئىشقا سالغىنىچە قېشىمغا كەلدى:

- ۋوي، خىيال كەپتەرلىرىنى كۆككە قويۇۋەتكەن مۇڭ دەرۋىشتەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ نېمە ئىش بولدى؟

— ساڭا بىر ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى،- دېدىممەن پەس ئاۋازدا.

— نېمە؟ سەندەك بىر بەشتە ياخشى ئوقۇغۇچىنىڭ ماڭا ھاجىتى چۈشكىنى قىزىقتە؟ بۇ خۇددى موللىنىڭ زابويدىن تەلىم ئالغىنىدەكلا بىر ئىش بولىدىغۇ؟ ئەمىسە دېگىنە قېنى، قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا مانا مەن تەييار، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يېنىمدىكى بوش ئورۇندا ئولتۇردى.

— كۆيۈپ قالدىم، — دېدىممەن بېشىمنىمۇ كۆتۈرمەستىن.

— كىمگە؟

— رەھىمەگە...

— ھە!؟ رەھىمە؟ قالتىسقۇ سەن؟ ئۆمرىمدە تېخى بىرەر قىزغا كۆز قىرىمنى سېلىپ باقمىغانمەن دەۋاتاتتىڭ، مانا ئەمدى ئەڭ نوچىسىغا كۆز سېلىپ، كۇكۇلىسىغا ئېسىلىپسەنغۇ؟ سېنىڭ مۇنداقمۇ كارامەتلىرىڭ بارلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن.

مەن مىيىقىمدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل سىرلىرىمنى تۆكۈشكە باشلىدىم. رىفات بولسا گەپلىرىمنى ئاڭلىغاچ، يانچۇقىدىن بىر تال تاماكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كالپۇكىغا قىستۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، قاتتىق - قاتتىق شورىغىنىچە چېكىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ تاماكىسىنى چېكىپ بولۇشى بىلەن تەڭ مېنىڭ سۆزۈممۇ ئاياغلاشتى. رىفات ئاغزىدىكى ئاخىرقى تۈتۈننى ھاۋاغا پۈلىۋېتىپ، قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، ئايىغىدا بېسىپ ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

— قەيسەر ئاداش، كۆڭلىڭنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، ئەمما بەك ئەنسىرەپ كەتمىگىن. قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمىسمۇ، بۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرگەنمەن! مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلساڭلا، ھېلىغۇ رەھىمەكەن، ئاسماندىكى ئاي بولسىمۇ يۇلۇپ ئالالايسەن.

— ئەمىسە قانداق قىلساق بولار؟

— كېلەركى شەنبە كۈنى رەھىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولىدۇ، بىلىدىغانسەن؟ مانا پۇرسەت كەلدى دېگەن شۇ. بىز ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئالاھىدە تەييارلىق قىلايلى، بىر كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، رەھىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى. شۇ چاغدا سەن قىزلار ئەڭ ياخشى

كۆرىدىغان سوۋغىدىن بىرنى تەييارلاپ كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىلغىن. قىزلار دېگەن رومانتىك كېلىدۇ، ئاشۇنداق قىلىدىغانلا بولساڭ، ئىش پۈتتى، رەھىمە مېنىڭ بولدى دەپ ئويلىساڭ بولىدۇ.

بىر تاتلىق سەزگۈ مېنى ھاياجانغا چۆمدۈرۈپ، ھارارىتى بەدىنىمگە تاراشقا باشلىدى، رىفاتنىڭ مەسلىھىتى ماڭا ياغدەك ياققانىدى.

ــ رەھمەت جېنىم ئاداش، ئەگەر رەھىمەنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالسام، ساڭا ئايرىم رەھمىتىم بار، ــ دېدىممەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىمداپ.

ــ تەكەللۇپ قىلما ئاداش، ئىككىمىز دېگەن ساۋاقداش، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىسام قانداق بولىدۇ؟ بۇرە، بولدى قايتايلى.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ كۈنلىرىم رەھىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە تەييارلىق كۆرۈش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۆيدىن تېخى ئالدىنقى ھەپتىلا بۇ ئايلىق تۇرمۇش پۇلۇم ئۈچۈن 500 يۈەن پۇل كەلگەنىدى. مېنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىمنى ئۇنداق ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى، دادام ئېغىر قەنت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئىش قىلالمايتتى، بىز پەقەت ئانامنىڭ يازدا بېغىمىزدىكى مېۋىلەرنى سېتىشى، قىشتا سېغىن كالىمىزنىڭ سۈتىنى سۈت زاۋۇتلىرىغا ئۆتكۈزۈشى بىلەن تاپقان ئازغىنا پۇلىغا قاراشلىق ئىدۇق. بىز ئۈچ بالا بولۇپ، چوڭ ئىنىم ئوتتۇرا مەكتەپتە، كىچىك سىڭلىم باشلانغۇچتا ئوقۇيتتى. شۇنداقتىمۇ ئانام مېنى كىشىنىڭ يۇرتىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن دەپ، ئائىلە كىرىمىنىڭ تەڭدىن يېرىمىنى ماڭا ئەۋەتىپ بېرەتتى. شۇڭا ئۆزۈممۇ پۇلنى تېجەپ خەجلەيتتىم، ئەۋەتكەن پۇلدىن ئەمدى تېخى 100 يۈەن خەجلىگەنىدىم. ئەمما بۇ قېتىم پىخسىقلىق قىلماي، ئېشىپ قالغان 400 يۈەننى رەھىمە ئۈچۈنلا ئاتاپ قويدۇم.

بىر كۈنى رىفات ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە، قولۇمدىن تارتقانچە بازارغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، رەھىمەنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزۈمنى ئاز - تولا ئۆزگەرتىشىم زۆرۈركەن. ئۇ مېنى قايناق بازاردىكى داڭلىق كىيىم دۇكانلىرىغا سۆرەپ كىردى، مەن كىيىمنىڭ ئۆزىگە سەپ سېلىشتىن بۇرۇن باھاسىغا كۆز يۈگۈرتۈپلا قورقۇپ كەتتىم، ئادەتتىكى بىر چاپاننىڭ باھاسى مېنىڭ بىر ئايلىق تۇرمۇش پۇلۇمدىنمۇ قىممەت ئىدى. مەن ئاستا بېرىپ رىفاتنىڭ پېشىدىن تارتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقتىم.

ــ ئاداش، بۇ يەردىن مەن كىيىم ئېلىپ بولالمىغۇدەكمەن، پۇلنى ئىسراپ قىلماي قايتايلى بولدى.

رىفات بۇ گېپىمدىن ئاچچىقلاپ قايناپلا كەتتى:

ــ سېنىڭ زادى رەھىمەگە ئېرىشكۈڭ بارمۇ يوق؟ خىيالىڭدا رەھىمەگە كۆيۈپ يۈرگەن پەقەت مەن بىرلا دەپ چوتنى خاتا سوقۇۋاتقان ئوخشايسەن؟ بىلىپ قوي داڭگال، رەھىمە دېگەن شەھەر كۆرگەن قىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆچىرەت بولۇپ تىزىلىدىغانلار كۆرمىڭ! شۇڭا مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل، قالغىنىنى ئۆزۈڭ ئويلىشىپ كۆرگىن.

رىفاتنىڭ گېپى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: « دېمىسىمۇ رەھىمە شۇنداق چىرايلىق تۇرسا، ئۇنىڭغا كۆز تاشلاپ يۈرگەنلەر ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ - دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن كىچىك بىر يېزىدىن بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەن، ئۇنىڭ مېنى يارىتىش - ياراتماسلىقىمۇ بىر گەپ. بوپتۇ، يېڭى كىيىم ئالسامۇ ئالاي، شەھەر باللىرىغا ئوخشاپ قېلىپ رەھىمەگە ياراپ قالسام ئەجەب ئەمەس » . شۇلارنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم - دە، رىفاتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ كىيىم ماگىزىنىغا كىردىم. ئاخىرى رىفاتنىڭ تاللىشى بىلەن بېشىمدىن ئايىغىمغىچە يېڭىلاپ، يانچۇقۇمدىكى 400 يۈەننى پۈتۈنلەي خەجلەپ تۈگەتتىم.

ئۆزۈم يېڭى كىيىمگە ئېرىشتىميۇ، رەھىمەگە سوۋغات ئالىدىغان پۇلدىن ئايرىلدىم. رىفات بۇنى سېزىپ قالدى بولغاي، بىر دۇكاندىن رەھىمەنىڭ بويى بىلەن تەڭ كېلىدىغان قونچاقنى 200 يۈەنگە سېتىۋېلىپ:

ــ قەيسەر ئاداش، بۇ مېنىڭ ئىشلىرىڭغا ئۇتۇق تىلەپ قىلغان سوۋغام بولسۇن، رەھىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە مۇشۇنى سوۋغا قىلغىن. ئىشىنىمەنكى، ئۇ جەزمەن خۇشال بولىدۇ. قېنى تارتىنماي ئاله، ــ دەپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. رىفاتقا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، ئەمما بەكلا خۇشال بولغانىدىم. كۆزۈمگە ئۇ بىر تۇغقان قېرىندىشىمدىنمۇ يېقىن كۆرۈنمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق بىر ياقا

يۇرتتا مېنىڭ غېممىنى شۇنچە يەيدىغان بىرىنىڭ بولغىنىدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم ۋە ئاستا بېرىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدىم ھەمدە:

ــ رەھمەت ئاداش، بۇ ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ــ دېدىم.

مانا رەھىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئىككى كۈنلا قالدى. ئەتىگەن تېخى رىفات:

ــ ئىش پۈتتى، رەھىمەنى تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە بىرگە تاماق يەيلى دەپ مېڭىبىر جاپادا ماقۇل كەلتۈردۈم. يالغۇز كەلمەي تۇرمىسۇن دەپ يېقىن دوستى ئايقىزنىمۇ بىللە ئېلىۋېلىڭ دېدىم، ــ دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىم كۆككە تاقاشقاندەك بولدى، ئەجرىمنىڭ مېۋىسىنى كۆرىدىغان چاغ كېلەي دەپ قالغانىدى. ئەمما رىفاتنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى مېنى يەنە جىددىيلەشتۈرىۋەتتى.

ــ ئاداش بۇ قېتىمقى تاماق ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا ئېسىل ئاشخانىدىن ئايرىمخانا ئېلىپ، ھەر خىل سەيلەرنى بۇيرىتايلى، ھەممىسى سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن ئەمەسمۇ... مەن بىر ئاشخانىنى بىلىمەن، مۇھىتى بەك ياخشى، تامىقىمۇ ئوخشايدۇ. كەچتە شۇ يەردىن ئورۇن زاكاس قىلىپ قويايلى.

ئەمدى بىر يەردىن پۇلنىڭ ئامالىنى قىلمىسام بولمىدى، ساۋاقداشلىرىمدىن سورىۋىدىم، ھەممەيلەن ئاي ئاخىرى بولغىنى ئۈچۈن پۇل يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئامال يوق، ئۆيگە تېلېفون قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ پۇلى بار چاغدا ئۆيىنى ئېسىگە ئېلىپمۇ قويماي، پۇلى تۈگىگەندە « ۋاي، جېنىم ئانام » دەپ ئۆيگە تېلېفون قىلىدىغان خۇيىنى يەقەت ياقتۇرمايتتىم، ئەمدى مەنمۇ ئىلاجسىزلىقتىن تېلېفوننى قولۇمغا ئالدىم، تۇرۇپكىدىن ئانامنىڭ مېھرىبان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ قەيسەرجان بالام، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

ــ ياخشى ئانا، ئۆزلۈڭچۇ؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

ــ خۇداغا شۈكرى بالام، ھەممەيلەن تىنچلىق كېتىپ بارىمىز.

ــ ئەمىسە ياخشى ئانا، ــ ئەمدى پۇلنىڭ گېپىنى قىلماقچى بولدۇم، ــ پۇلدىن سەل قىسىلىپ قالدىم ئانا، ئالدىنقى قېتىم ئەۋەتكەن پۇلغا لۇغەتتىن بىر قانچىنى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى سېتىۋالغانتىم، شۇڭا سىلەرنى ئازراق پۇل ئەۋەتىپ بېرەمسىكىن دەپ...

ئاغزىمدىن قانداقلارچە بۇنداق يالغان گەپنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى بىلمەي قالدىم، ئاتا ـ ئانامغا يالغان ئېيتىشنى بەكمۇ ھار ئالاتتىم، باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەپتە ئارىلاپ، تۈرلۈك يالغان ـ ياۋىداقلار بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى ئالداپ، پۇل ئەۋەتكۈزگىنىنى كۆرىۋېرىپ، مانا مەنمۇ يالغانچى بولۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟

ــ ۋاي جېنىم بالام، ــ ئانام يەنىلا مېھرىبانلىق بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، ـ پۇلۇڭ تۈگەپ قالغانمىتى؟ كىشىنىڭ يۇرتىدا ئىككى يانغا قاراپ قالما بالام، ئەۋەتىپ بەرگەن پۇلغا كىتاب ئالغان بولساڭ بوپتۇ، ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇل، ئۆز جايىنى تاپقان پۇل بالام! مەن ساڭا پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېرەي، بىر كۈن توختاپ تۇرغىن ھە بالام ...

ئانامنىڭ بىر ئېغىز سۆزىدە بىر قېتىم بالام دېيىشى بىلەن، مېنىڭ ئانامغا يالغان گەپ قىلىپ قويغانلىقىم يۈزۈمنى شەلپەردەك قىزارتىۋەتتى. لېكىن رەھىمەنى ئويلىشىم بىلەن تەڭ بايىقى خىجىللىقىم سەل بېسىقىپ، رەھىمەگە ئېرىشىپلىۋالسام، ئانامغا ھەرگىز يالغان سۆزلەپ پۇل دېمەيمەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى بەزلەشكە باشلىدىم. كەچتە رىفات بىلەن ھېلىقى ئاشخانىدىن ئورۇن زاكاس قىلىپ قويغىلى باردۇق، زاكالەت پۇلى ئۈچۈن تۆلىگەن 100 يۈەننىمۇ رىفات يېنىدىن چىقاردى، يانچۇقۇمدا پۇل يوق، ئۇنى ئاۋارە قىلىۋەرگەنلىكىمدىن يەرگە كىرىپ كەتمىدىم، نېرىسى بولدۇم.

زارىقىپ كۈتكەن شەنبىمۇ يېتىپ كەلدى، بۈگۈن خۇددى ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندەك يېڭى كىيىملەرنى كىيدىم، ئەينەككە نەچچە ئون قېتىم قارىدىم ۋە ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئۈتتۈقلار تىلەپ ياتاقتىن چىقتىم. ئالدىنقى قېتىم ئانامغا پۇل دەپ تېلېفون قىلغان بولسامۇ، بانكا كارتامغا تېخىچە پۇل كىرمىگەنىدى، شۇڭا قاق سەھەردە يەنە ئۆيگە تېلېفون قىلدىم، ئانام:

— چۈشتىن كېيىن بانكىغا بارىمەن بالام، پۇلنى سېلىۋېتىپلا ساڭا تېلېفون قىلىمەن، خاتىرجەم بولغىن، — دېدى. چۈشتىن كېيىن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، جۇدۇنۇم ئۆرلىدى:

— ئانا، چۈشتىن كېيىن دېمىگىن، بالدۇرراق سېلىۋەت، مەن راستتىنلا پۇلغا ئېھتىياجلىق.

— ئانام ماقۇل بولۇپ خوشلاشتۇق، چۈشكە ئۈلگۈرۈپ ئاشخانىغىمۇ يېتىپ كەلدىم، بىر چاغ بولغاندا، رىفات توزدەك ياسانغان رەھىمە بىلەن ئايقىزنى باشلاپ كىردى.

- تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن رەھىمە! — دېدىم مەن ھاياجاندىن تىترەپ تۇرۇپ. رەھىمەمۇ بېشىنى ئەگكىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— رەھمەت، — دېدى. ھەممەيلەننىڭ ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرگەن رىفات قىزلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— قېنى قىزلار، ئولتۇرغاچ پاراڭلىشايلى.

بىز جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچكۈچە، تاماقلارمۇ تارتىلىپ بولدى. ئانام بولسا تېخىچە تېلېفون قىلمايۋاتاتتى، مەن جىددىيلىشىپ سىرتقا چىقتىم - دە، ئۆيگە يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلدىم:

- ۋەي، ئانا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بالاڭلار ئاچ قالسىمۇ كارىڭلار يوقمۇ؟ تېخىچە پۇل سالمىغىنىڭلار نېمىسى؟ مېنى ئالدىغۇچە، سالمايمىز دەپ گەپنى ئوچۇق قىلساڭلار بولمامدۇ؟

ئانام مېنىڭ بۇ دەرىجىدە خاپا بولۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلىپ، مەندىن بەكرەك جىددىيلىشىپ كەتتى، ھەمدە:

— مانا، مانا... ھازىرلا ماڭدىم ئالتۇن بالام، بانكىغا ھازىرلا بارىمەن!

خوشمۇ دېمەستىن تېلېفوننى قويۇۋەتتىم ۋە ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئايرىمخانىغا كىردىم. ئۈستەلنىڭ يۈزى ھەرخىل قورۇملار بىلەن كۆرۈنمەي قالغانىدى، ئالاھەزەل بىرەر سائەتتەك ئۆنى - بۆنى دېيىشىپ تاماق يېيىشتۇق. قورساقمۇ تويۇپ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، شۇندىلا رىفات ماڭا ئېغىز ئېچىشقا ئىشارەتلىدى. مەن پىيالەمدىكى مۇزلاپ قالغان چاينى بىر كۆتۈرۈشۈمدە ئىچىۋېتىپ، ئاشخانا مۇلازىمەتچىسىگە تاپىلاپ بېرىپ قويغان ھېلىقى قونچاقنى كۆتىرىپ كىردىم ۋە:

- تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى يەنە بىر قېتىم مۇبارەكلەيمەن، - دېگىنىمچە رەھىمەنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. قونچاق ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە پاتماي قالغانىدى.

— ۋوي قەيسىراخۇن! - ئايقىز كۆزلىرىنى ماڭا مەنىلىك تىكىپ سۆزلەشكە باشلىدى، - رەھىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ كەتكىنىڭىزگە قارىغاندا، ئۇنىڭغا دېيەلمەيۋاتقان بىرەر گېپىڭىز بارمۇ نېمە؟

رەھىمە ئايقىزنىڭ گېپىدىن ئىزا تارتىپ، ئۇنىڭ بېقىنىنى بوش چىمداپ قويدى.

— دېيەلمەيۋاتقان دەمسىز ئايقىز؟ قەيسەرنى بوش چاغلاپ قاپسىز، ئۇنىڭ گېپىنى ئەمدى ئاڭلايسىز تېخى!

رىفاتنىڭ بۇ گېپى مېنى ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ئىدى، مەن ئاخىرى غەيرەتكە كەلدىم - دە، قۇچىقىدىكى قونچاققا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئولتۇرغان رەھىمەگە قاراپ ئېغىز ئاچتىم:

— راست رەھىمە، مېنىڭ ئۇزۇندىن بېرى سىزگە دېيەلمەيۋاتقان يۈرەك سۆزلىرىم بار ئىدى. بۈگۈن ئاخىرى بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتىم، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، رەھىمە! قاچاندىن بېرى بۇنداق بولۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەمما ھەر ۋاقىت سىزنى ئويلايمەن، ماقۇل كۆرسىڭىز تەلپىمنى رەت قىلماڭ، بولامدۇ؟

سۆزۈمنىڭ تۈگىشى بىلەن رىفات يەڭگىل چاۋاك چالدى، ئايقىز بولسا:

— پاھ، پاھ... راستتىنلا گېپىڭىز باركەن ئەمەسمۇ، قەيسەر! رەھىمە بۈگۈن ئۆزگىچە بىر تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدى - دە، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھەممەيلەن رەھىمەنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قاراشتۇق، مەن بولسام رەھىمەنىڭ ئاغزىدىن « ماقۇل » دېگەن جاۋابنىڭ چىقىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىۋاتاتتىم.

— سوۋغىڭىزغا كۆپ رەھمەت قەيسەر، ئەمما كېيىنكى گەپلىرىڭىز مېنى بەكلا گاڭگىرىتىپ قويدى، سىزنى بۇنداق گەپلەرنى قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ئۆز كۆڭلىڭىزنى ماڭا بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، ئەمما مېنى كەچۈرۈڭ، مەندە سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق قەلب يوق. بۈگۈنكى بۇ زىياپەتنى مېنىڭ

تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن، ساۋاقداشلارنىڭ ئاددىيغىنا يىغىلىشى ئۈچۈن ئەمەس، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۈتۈش ئۈچۈن ئۈيۈشتۇرغان بولسىڭىز بەكلا خاتالىشىپسىز! چۈنكى مەن بۇنچە كۆپ پۇلنى ئىسراپ قىلىۋېتىشىڭىزگە ئەرزىمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر خەجلەۋاتقىنىمىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن پۇل. مېنىڭچە بولسا، مېنى ئەمەس، دەل ئاشۇ بىز ئۈچۈن شامدەك كۆيىۋاتقان جاپاكەش ئاتا - ئانىڭىزنى ئويلاڭ!

رەھىمە ھەربىر سۆزنى دانىمۇ - دانە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رىفاتقا قاراپ:

— رىفات، ئۆتكەنـدە ماڭـا بۇنـداق ئورۇنلاشتۇرۇشـنىڭ بـارلىقىنى دېمىگەنتىڭىزغۇ؟ سـىزنى بـىر يۇرتلۇقۇمكەن، بـىر ۋاق غىزانـى مەن بـىلەن يېيىشـكە كـۆڭلى تـارتىپتۇ دەپ ئويلىسام، قەيسـەرنى بۇنـداق چىقىمـدار قىلىـۋەتكىنىڭىز تـازا قاملاشـمىدىمۇ قانـداق؟ قەيسـەر، سـىزمۇ بۇنـدىن كېـيىن باشقىلارنىڭ چالغان دېپىغا ئۇنچە ئالدىراپ ئۇسسۇل ئوينىماڭ، كەچۈرۈڭلار! — دېگىنىچە قولىدىكى قونچاقنى بىر ياققا تاشلاپ سىرتقا يۈگۈردى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئايقىزمۇ:

— رەھىمە توختا، توختا دەيمەن! — دەپ ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆز ئورنۇمدا قاققان قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ قالدىم، رىفـاتمۇ يەرنىـڭ تېگـىدىن ماڭـا قـاراپ ئۈنسىز ئولتۇراتتى. رەھىمەنىڭ بۇ قەدەر سۆزمەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن، ئۇنىڭ مېنى رەت قىلىۋېتىشـىگە قىلچە ئىدىيە تەييارلىقىم بولمىغاچقا، ئولتۇرغـان جايىمـدا ئولتـۇرۇپلا قالـدىم. ئەنسىز جىرىڭلىغـان تېلېفون ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم، ھەقىچان ئانام پۇلنى سېلىۋەتتىم دەپ تېلېفون قىلـدى، دەپ ئويلاپ تېلېفوننى ئېلىشىمغا، 15 ياشلىق ئىنىمنىڭ ئېسەدەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئالدىراپ سورىدىم:

— نېمە ئىش بولدى، بۇنچە يىغلىغۇدەك؟ ۋەي، ۋەي... ئەزھەر، يىغلاۋەرمەي گەپ قىلساڭچۇ؟

— پۇلغا تويە ئەمدى، — ئىنىمنىڭ ئاۋازى بوغۇلـۇپ - بوغۇلۇپ چىقىۋاتـاتتى، — پـۇل دەۋېرىـپ ئانامنى بىزدىن ئايرىدىڭ! بىلەمسەن ئاكا، ئانامدىن ئايرىلىپ قالدۇق! ھۇ... ھۇ... ھۇ! ئانـام ساڭا پۇل جايلايمەن دەپ ئۆيدىكى توخۇلارنى ئەرزىنىغا سېتىپ، ئالـدىراپلا بانكىغا كەتـكەن. يولـدا... يولدا ماشىنا سوقۇپ، ئانام... ئانام ئۇ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئانام سېنى دەپ كەلمەسكە كەتتى. بىز قارا يېتىم بولۇپ قالدۇق، ئەمدى... ئەمدى قانداق قىلىمىز ئاكا؟ ھۇ... ھۇ...

كۆز ئالـدىم قاراڭغۇلىشـىپ بېشـىم قېيىـپ كەتتـى، چاناقلىرىمـدىن نـادامەت ياشلىرى سـەلدەك قۇيۇلاتتى. ئاسمان ئۆرۈلۈپ، خۇددى يەلكەمگە چۈشكەندەك تىنالماي قالدىم، بـايىقى گەپلەرنىـڭ يالغان بولۇپ قېلىشىنى تىلىگەندەك قۇلىقىمنى چىڭ ئېتىۋالدىم. قەلب ئېكرانىمدا سويۇپ يېيىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايدىغان توخۇلارنى ئېلىشىغا سېتىپ، قورۇقلار قاپلاشقا باشلىغان تىترەك قوللىرى بىلەن ئازغىنە پۇلنى خېرىدارنىڭ قولىدىن قورۇنۇپ ئالغان بىچارە ئانام ۋە مەندەك قارا يۈز بالىسى ئۈچۈن ياشىغان، قارا يۈز بالىسى ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھېچبىر راھىتىنى كۆرمىگەن، ئاخىرىدا يەنە ئاشۇ قارا يۈز بالىسى ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن ئايرىلغان، قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتسىمۇ، قولىدىكى يۈرەك پارىسىغا ئاتـاپ ئەۋەتمەكچى بولغـان « گۇناھكـار » پـۇلنى سـىقىمدىغىنىچە، مۆلايىملىقى چىقىـپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ:

— ساڭا ئاجىز تېنىم تەسەددۇق، — دەپ بۇ ئالەمدىن مەڭگۈگە كەتـكەن كۆيۈمچان ئانـام ئايـان بولـدى. پۇشـايماندىن يـۈرىكىم لەخـتە - لەخـتە قـان بولـدى، بوغـۇزۇم ئېچىشـتى، قىلمىـش - ئەتمىشلىرىم ۋىجدانىمنى شۇ قەدەر ئازابلاۋاتاتتى، بېشىمنى قامالىغىنىمچە ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم:

— ئانا،جېنىم ئانا! بالاڭغا پـۇل لازىـم ئەمەس، بالاڭغـا لازىمـى سـەن! ئۇنـداق قىلمـا ئانـا، مېنـى بۇنداق ئۆمۈرلۈك داغدا قويمىغىن، كۆزۈڭنى ئاچقىنا ئانـا، ماڭـا « بـالام » دەپ تېلېفون قىلغىنـا! ئەمدى مەندىن ئۆمۈرۋايەت ئايرىلدىڭمۇ؟ بەتخەج بالام پۇل دېمىسۇن دەپ كېتىـپ قالـدىڭمۇ؟ يـاق، يـاق... سـەن كەتمـەيدىڭ، سـەن ئايرىلمـىدىڭ، سېنى بـۇ دۇنيـادىن مەن ئايرىـدىم، ئـۆزۈم سـېنى ئەزرائىلنىڭ بوسۇغىسىغا باشلىدىم، مەن سېنىڭ قاتىلىڭ ئانا! مەن قاتىل ... ھەقىقىي قاتىل ...

**مۇھەررىرى : مەريەمگۈل تۇرسۇن ساباھىي (2007)**

**كوررېكتورى: ماھىرەم تۇرسۇنتوختى(2007)**

# تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار

ئابلىكىم مەمەت

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەريەمگۈل تۇرسۇن ساباھىي(2007)**

1990 - يىللىرىنىڭ باشلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن تەڭ تۈركىيەدە تۈرك دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنىڭ بىر قىسمى بولغان تۈرك داستانلىرى تەتقىقاتى يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. تۈرك داستانلىرى ھەققىدە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىلىرى يېزىلىپ، ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە تەتقىقاتلار باشلاندى. (*پىروفېسسور، دوكتور فىكرەت تۈركمەن باشچىلىقىدا نەشىر قىلىنغان « تۈرك داستانلىرىنىڭ تەكشۈرۈلىشى، تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنىشى ۋە نەشىر قىلىنىشى »، ئاتا تۈرك كۈلتۈر باشقۇرۇش مەركىزى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان « تۈرك ئورتاق ئەدەبىياتى تىزىسى » ۋە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ماقالىلىرىگە قاراڭ.*) ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار بۇنىدىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تەتقىقات مۇھىتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى.

تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى (« ئوغۇز قاغان » داستانىغا ئوخشاش قەدىمكى داستانلار بۇنىڭ سىرتىدا) ھەققىدىكى مول ھوسۇللۇق ئىلمىي تەتقىقاتلار تۆۋەندىكىچە:

تەتقىقاتچى ئەمەل ئەسىن (Emel Esin) 1968 - يىلى « تۈرك كۈلتۈرى » ژۇرنىلىنىڭ 73 - سانىدا « نازىم داستانى » ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە بۇ ساھەدە؛ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رەشىت راھمەتى ئارات ( Reşit Rahmatı Arat)نىڭ « شەرق تۈركچىسى يازما (مەتىن)لىرى » ناملىق كىتابى ئوسمان فىكرى سەرتكايا (Osman Fikri Sertkaya) تەرىپىدىن 1987 - يىلى نەشىرگە تەييارلانغان. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر خەلق داستانى « چىن تۆمۈر باتۇر »نىڭ بىر ۋارىيانتى « شىم تۆمۈر باتۇر ( Şim Tömür Batur) » نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان.

ئىسا ئۆزكان (İsa Özkan) 1989 - يىلى « ئابدۇراھمان خان داستانى » ناملىق كىتابنى چىقارغان. كىتابتا ئاۋۋال « ئابدۇراھمان خان داستانى »نىڭ شەكىللەنگەن يېرى خوتەن شەھرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، داستاننىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى ۋە موتىف تۈزۈلىشى تەھلىل قىلىنغان. كىتابتا داستاننىڭ ئەسلى يازمىسىنىڭ تىرانسكرىپسىيەسى، تۈركچە

تەرجىمىسى بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك تەھلىلىدە ستىتس سومسون (Stith Thompson) نىڭ « خەلق ئەدەبىياتىنىڭ موتىف ئىندېكسى ( Motif Indes of Folk Literature) » ناملىق ئەسىرىدىكى ئۇسۇللار قوللىنىلغان.

ئالىمجان ئىنايەت (Alimcan Iayet)، 1992 - يىلى پروفېسسور، دوكتور فىكرەت تۈركمەن (Fikret Türkmen)نىڭ يېتەكچىلىكىدە « ھۆرىلقا - ھەمراجان داستانى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات » دېگەن ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسىنى يازغان. ماقالىدە « ھۆرىلقا - ھەمراجان » داستانىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالتە خىل ۋارىيانتى، ۋەقەلىكى، موتىف تۈزۈلۈشى، داستاندىكى شېئىرلارنىڭ ۋەقەلىككە خاس ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە رولى قاتارلىقلار سېلىشتۇرۇلغان. بۇ ماقالىدە بىر ئۇيغۇر داستانى ۋە بۇ داستانىنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، داستانىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا چىقارىلغان. ئېرىشكەن مەلۇمات ۋە ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ ئىلمىي تەتقىقات ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن فولكلور نەزەرىيەسى ۋە ئۇسۇللىرى نۇقتىسىدىن تۈنجى ۋە قىممەتلىك تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ.

ئالىمجان ئىنايەت 1995- يىلى يەنە پروفېسسور، دوكتور فىكرەت تۈركمەننىڭ يېتەكچىلىكىدە « ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۈستىدە تەتقىقاتلار » ناملىق بىر دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى يازغان. بۇ ماقالە « مۇقەددىمە، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا توغرىسىدىكى مەسىلىلەر، داستانلارنىڭ ۋەقەلىك تەھلىلى، داستانلارنىڭ موتىف تۈزۈلۈشى، داستانلاردا بېرىلگەن شېئىرلار ۋە داستانلاردىكى مۇھىم مەزمۇنلار » دىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالتە داستانى ۋەقەلىك، موتىف، شېئىر ۋە تىپ جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىنىپ، بۇ داستانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىلگەن، يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى، ئانادولو داستانلىرى بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت داستانلىرى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان بۇ ئەسەر، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ خەلق داستانلىرى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

نەرىن كۆسە (Nerin köse) 1993- يىلى « تۈرك كۈلتۈرى » ژۇرنىلىنىڭ 365 - سانىدا « قىزىل گۈلۈم داستانى » ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ماقالىدە، 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇرۇمچىدە نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى 1 » ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان بۇ داستان ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان.

بىز 1999 - يىلى، ئالىمجان ئىنايەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە « چىن تۆمۈر باتۇر داستانى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات » دېگەن تېمىدا ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسى يازدۇق. بۇ ئەمگەك مۇقەددىمە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۆت بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بۆلۈمى: چىن تۆمۈر باتۇر داستانىنىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇلىشى ۋە ۋەقەلىك تەھلىلى؛ ئىككىنچى بۆلۈمى: ئەسەردىكى موتىف ھەققىدە تەھلىل؛ ئۈچىنچى بۆلۈمى: ئەسەردىكى شېئىرلار ھەققىدە تەھلىل؛ تۆتىنچى بۆلۈمى: ئەسەر توغرىسىدىكى مەسىلىلەر. بىرىنچى بۆلۈمدە، چىن تۆمۈر باتۇر داستانىنىڭ يەتتە ۋارىيانتى ئون ۋەقەلىك بويىچە سېلىشتۇرۇلغان، ۋەقەلىك تۈزۈلۈشىدىكى ئورتاقلىقلار ۋە پەرقلەر كۆرسىتىلگەن. ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدەنگەن، زۆرۈر تېپىلغاندا ئانادولو خەلق داستانىنىڭ ۋەقەلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇلغان. ئىككىنچى بۆلۈمدە، پۈتۈن ۋارىيانتلارنىڭ موتىفلىرى ئون ۋەقەلىك دائىرىسىدە تەرتىپ بويىچە تەھلىل قىلىنغان ۋە ئانادولودا كەڭ تارقالغان خەلق داستانلىرى ۋەقەلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. « چىن تۆمۈر باتۇر » داستانىدىكى بىر قانچە موتىف پەقەت تۈرك دۇنياسى خەلق ئەدەبىياتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە ئالتاي تىلى ئائىلىسى ۋە شامان دىنىغا مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىمۇ كەڭ

تارقالغانلىقى مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن. ئۈچىنچى بۆلۈمدە، داستانلارنىڭ ۋارىيانتلىرىدىكى شېئىرلار ئون ۋەقەلىك بويىچە ئوخشىمىغان ئۇسۇللاردا تەتقىق قىلىنغان. شېئىرلارنىڭ ۋارىيانت ۋە كۆرۈنۈش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى، بوغۇم ئۆلچىمى، مىسرا سانى، رىتىم، قاپىيە شەكىللىرىگە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توختالغان. يەنە شېئىرلارنى ئەسەرنىڭ قايسى ۋەقەلىكىدە كىملەرنىڭ قانچىلىك بايان قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى تەھلىللەرمۇ بېرىلگەن. تۆتىنچى بۆلۈمدە، تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ژانىرى، مەنبەسى، يېزىلغان ۋاقتى ۋە ماكان ھەققىدىكى ئومۇمىي قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە، ئەسەردىكى تارىخىي شەخسلەر، ئادەم ۋە يەر - جاي ناملىرى، ھەرخىل تىپلار تەتقىق قىلىنغان.

ئۇستازىمىز پىروفېسسور، دوكتور فىكرەت تۈركمەن تەييارلىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان « تۈركىي داستانلارنىڭ تەكشۈرۈلىشى ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىشى، تارقىلىش ئەھۋالى تەتقىقاتى »دا، ئەل ئىچىگە تارقالغان بىر قانچە جىلىد ئۇيغۇر خەلق داستانى كۆرسىتىلگەن. بۇ زور تەتقىقات 1997 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدى ۋە دۆلەتلىك پىلان تەشكىلاتى تەستىقلىغان تۈر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ ساھەدە 1997 - يىلىدىن ئېتىبارەن « ئالتاي داستانلىرى »، « تۈركىي داستانلار » (ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى، شەكلى، شېئىر تەتقىقاتى)، « ئانادولونىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مۇھەببەت داستانلىرى » غا ئوخشاش قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى بىلەن بىرگە، ئالىمجان ئىنايەتنىڭ « ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى 1 » ناملىق ئەسىرىمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەرگە « نوزۇگۇم »، « سېيت نوچى »، « ئابدۇراھمان غوجا »، « قىزىل گۈلۈم »، « چىن تۆمۈر باتۇر »، « غېرىب - سەنەم »، « تاھىر - زۆھرە »، « سەنۇبەر »، « قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان »، « ھۆرلىقا - ھەمراجان » قاتارلىق ئون ئۇيغۇر خەلق داستانىنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە تېكىستى ۋە تۈركچە تەرجىمىسى بېرىلگەن.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدىكى تۈركىيىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار، بولۇپمۇ دوكتورانت ئالىمجان ئىنايەتنىڭ تەتقىقاتلىرى، « تۈركىي داستانلارنىڭ تەكشۈرۈلىشى ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىشى، تارقىلىش ئەھۋالى تەتقىقاتى »دا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تەركىب تاپقان « كۆكتە قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇز، يەردە تاغ ۋە دېڭىز » دېيەلىگۈدەك كىشىنى جەلپ قىلىدىغان يېڭى تەتقىقات ساھەسىدە، ئوغۇز نەۋرىلىرىنىڭ ۋە نۇرغۇن چەتئەل تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى، ئىزدىنىشلىرىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىلدى. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان تەتقىقات تارىخى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلدى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئەدەبىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان خەلق داستانلىرى شېئىرلىرى، كىشىنى جەزبىدار بىر مەنا ئالىمىگە باشلايدۇ. شۇڭا داستان تەتقىقاتچىلىرى بەزىدە « داستان ئالەمى » دەپ ئىشلىتىدۇ. « داستان ئالەمى » نىڭ سىرلىرى تۈگىمەس، جەزبىدارلىقى يوقالماستۇر!

*مەنبە: « <u>ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە داستانچىلىق ھەققىدە تەتقىقات</u> »، ئابلىكىم مەمەت، 2010 - يىلى، كانىيلماز نەشرىياتى، 34 - بەت*

**مۇھەررىرى ۋە كوررېكتورى: روزىھاجى ئىمام (2008)**

ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى

**«سادا» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى**

# « ئاقساق بۇغا » پوۋېستىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا

خەلچىنئاي ئىسھاق (2008)

*قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە مۇھەممەد باغراشنىڭ « ئاقساق بۇغا » ناملىق پوۋېستىنىڭ مەزمۇن ۋە تېما ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.*

*ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: مۇھەممەد باغراش، ئاقساق بۇغا، بەدىئىيلىك.*

كۆندىن كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلەر ئۆزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات بوستانلىقىنى خۇشپۇراق گۈللەر بىلەن بېزىدى. ھەم شۇنىڭدەك، تېمىسىنىڭ كەڭرىلىكلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقلۇقى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىكى بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ يۇقىرى بالداق سەۋىيەگە كۆتۈرگەن ئاز ساندىكى ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر بېكىنمە ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ھالقىپ، دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، ئەنئەنىۋى خەلق روھىنى مەركەز قىلغان ئاساستا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋىلىشىش ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان ئىزدىنىش روھىغا باي، مول - ھوسۇللۇق، مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى مۇھەممەت ئوسمان باغراشنىڭ « ئاقساق بۇغا » ناملىق پوۋېستى (تارىم ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 12 - ساندا ئېلان قىلىنغان) بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

« ئاقساق بۇغا » پوۋېستى 1986 - يىلى يېڭى دەۋر ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، يازغۇچىنىڭ تەسىرى زور، ۋەكىل خاراكتېردىكى مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى ھەم يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى پەللىسى ھېسابلىنىدىغان ئەسەر.

« ئاقساق بۇغا » پوۋېستى كەڭ تېماتىكىلىقى، چوڭقۇر مەزمۇنلۇقلۇقى، مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلمىسى ۋە ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە باشقا دەۋرداش پروزا ئەسەرلىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئەدەبىي ئەسەردۇر. يەنى، يېڭىچە مەيدانغا كەلگەن سېھرىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

مەلۇم بىر نادىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ ئاساسىغا باغلانغان بولىدۇ. ئىستېداتلىق يازغۇچى مۇشۇ ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ ئاساسنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى چوڭقۇر قازىدۇ ھەم ئىستېتىك تۇيغۇ ۋە باي تەسەۋۋۇر، بەدىئىي ۋاستىلەر ياردىمىدە ئەدەبىيات يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، شۇ ئوبيېكتىپ ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن ئىجتىمائىي تۇپنىڭ ئەڭ مۇھىم ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. « ئاقساق بۇغا » پوۋېستى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، يالغۇز ئۇيغۇر جەمئىيىتىلا ئەمەس، بەلكى، نۆۋەتتە پۈتكۈل دۇنيا قىزىقىۋاتقان مەسىلىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدى يەنى، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدىيەت مەسىلىسىنى ئەدەبىي شەكىلدە يارقىن ئەكس ئەتتۈردى. شۇڭلاشقا، مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئامىلدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

1. تېما تاللاشتىكى سەزگۈرلۈك

مۇۋەپپىقىيەتلىك يېزىلغان پروزىلاردىكى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە رام قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل — سيۇژىت بولۇپ، سيۇژىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھېكايىنىڭ جەلپكار چىقىش - چىقماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوقۇرمەنلەر نېمشقا ئەسەرنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چەكسىز زوقلىنىدۇ؟ بۇ يەردە جاۋاب ناھايىتى ئاددىيكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ شۇ ئەسەردە ئەكس ئەتكەن مەزمۇنلارغا ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى چۈشكەنلىكىدىندۇر. « ئاقساق بۇغا » پوۋېستىدا، ئاپتور ۋەقەلىكنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك ۋە ماھىرلىق بىلەن تاللىغان. يەنى، پەن-تېخنىكا كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇ يېڭى دەۋردە ئىنسانلارنىڭ ماشىنىلاشقان جەمئىيەتتە ياشاش جەريانىدىكى مەنىۋى ئاچارچىلىقى ۋە ئېكولوگىيە خىرىسى، تەبىئەت ۋە ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق تېمىلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە سيۇژىت ئارقىلىق ئىپادە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن:

يازغۇچى مۇھەممەد باغراش تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئىنسان ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا زەنجىرسىمان مۇناسىۋىتى ۋە بىرلىكلىكى، تەقدىرداشلىقىنى ئەسەر باش پېرسوناژى ئىشقىيار ۋە بۇغا بالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يۈكلەيدۇ. جەڭچى ئىشقىيار تاغلىق رايوندا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ، يارىلانغان كىچىك بىر بۇغا بالىسىنى بۆرىنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ ۋە سۇنغان پۇتىنى داۋالاپ، ماگالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىدۇ. خۇشامەتچى، ئاچكۆز روتا كوماندىرىنىڭ بۇغىنى ئۆلتۈرۈپ، تەخسكەشلىك قىلىش خام-خىيالىنى بەربات قىلىپ، كىچىككىنە بۇغا بالىسىغا ئەركىنلىك بېرىپ، نورمال ياشاش شارائىتىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بۇغا بالىسى قېچىپ قۇتۇلغان تۇرۇقلۇقمۇ ئۆزىگە بارلىق ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببىتىنى ئاتا قىلغان ئىشقىيارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئالدىدا تىلى قىسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولۇپ، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان ھالدا ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئالىيجاناب، مېھىر - مۇھەببەتنى شەرت قىلىدىغان ئەڭ تۈپكى ماھىيىتى ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىردىنبىر ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكى، ھەرقانداق مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانىنى مەركەز قىلىدىغانلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇتلەق ئۈستۈن ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك، ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشلا ئەمەس، مېھىر - شەپقەت بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقى ۋە ھەتتا ئىنسانلار ئۈچۈن جېنىنىمۇ قۇربان قىلالايدىغانلىقىدەك تەبىئەت دۇنياسىدىكى قوشۇمچە رولى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنە، بۇغا ئانىنىڭ بىر ياش، ئاقكۆڭۈل ئايال تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇشى، قۇملۇقتا ئۇسسۇزلۇقتىن ھوشىدىن كەتكەن كىچىك بىر بالىنىڭ بۇغا ئانا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىشى، ئىشقىيارنىڭ ياتىقىدىكى جەڭچىلەرنىڭ تالىشىپ دېگۈدەك كىچىك بۇغا بالىسىغا ئامراقلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈشى ... قاتارلىق قوشۇمچە ۋەقەلىكلەرمۇ ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ بىللە مەۋجۇد تۇرۇشى ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلىشىدەك تەقدىرداشلىقى ئۈستىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا بۆرە ۋە بۇغا بالىسىنىڭ كۈرىشى بايان قىلىنىدۇ ۋە پۈتكۈل ئەسەرنىڭ تۈگۈنى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەبىئەت باغرىدىكى بارلىق مەۋجۇدادلار بىر - بىرى بىلەن بولغان ئۆزگەرمەس مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، پەقەت ئىنسانلار بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى پەرۋىش قىلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بۇغا بالىسىنى كۆرگەن روتا كوماندىرى رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. روتا كوماندىرى نەپسانىيەتچى، شۆھرەتپەرەست، شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان، خۇشامەتچى كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. يازغۇچى روتا كوماندىرى ئوبرازىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەسلىنى ئۇنتۇغان، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن مەۋجۇدلۇق ئېڭىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيەدە بولىدىغان، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ بىردىنبىر ھىمايىچىسى

ئىكەنلىكىدەك شەرەپلىك سالاھىيىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلغان.

يازغۇچى ئەسەر ۋەقەلىكى ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىتنىمۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان. ئەلۋەتتە، مۇھىت پېرسوناژلار خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. يازغۇچى ئەسەردە، ئىنسان ۋە ھايۋانلار ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئەركىن ئۇچرىشالايدىغان تاغلىق رايوندىن ئىبارەت تەبىئىي مۇھىتنى تاللاپ، ئىنسان ۋە ھايۋانلار مۇناسىۋىتىنىڭ بىمالال راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان بولسا، ئىشقىيارنى ئۆستۈرۈپ چوڭ قىلغان ئۇلۇغ ئارت يېزىسىدىكىلەرنىڭ قويۇق ئەنئەنىگە، ئىللىق مېھىر-مۇھەببەتكە تويۇنغان تۇرمۇشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش تاپشۇرۇلغان ھەربىي قىسىمدىكى كۈچلۈك ئىنتىزام ۋە جەڭگىۋار ھالەتتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مۇھىت ئارقىلىق ئەسەر باش پېرسوناژى ئىشقىيارنىڭ قاتمۇقات قىيىنچىلىقلاردىن ھودۇقۇپ قالمايدىغان، ھالقىلىق پەيتلەردە پاراسەت بىلەن يەكۈن چىقىرالايدىغان، ئۆز ئەقىدىسىگە سادىقلىقىدەك خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

2. ئەپسانىۋى تۈس ۋە توتېمىزم

يازغۇچى بۇ ئەسەردە، ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى كىرگۈزۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرىنىڭ بەدىئىيلىك ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى بايلىقىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ مەنبەسى قىلغان. بۇ مەنبە ئەسەر تېمىسىنى كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىققا ۋە يارقىن غايىۋىلىككە ئىگە قىلغان.

ئىپتىدائىي دەۋردە ئىنسانلار تەبىئەت ۋەھىمىسى ئالدىدا ئۆزلىرىگە تەسەللىي سۈپىتىدە ساددا تەپەككۇرى ئارقىلىق گۈزەل ۋە سېھىرلىك ئەپسانىلەرنى يارىتىپ، ئۈمىدۋارلىقىنى، غالىبلىقىنى نامايەن قىلدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئىنسانلار زىيادە ئەقلىيلىكى بىلەن تەبىئەتنىڭ بەزىبىر قانۇنىيەتلىرىنى ئىسلاھ قىلدى ۋە ئاخىرىدا سۈنئىيلىكلەر قورشاۋىدا قېلىپ، مەنىۋى ئاچارچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ھەممە نەرسە ئەكسىگە قايتىشى مۇقەررەر بولغىنىدەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاڭ-تەپەككۇرى بولغان ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە تەلمۈردى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بۇ خىل ھادىسىنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىغان يازغۇچى مۇھەممەد باغراش « ئاقساق بۇغا » پوۋېستىدىكى نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە بۆرە ئەپسانىسىنى پۈتكۈل ئەسەر روھىغا سىڭدۈرۈپ تەسۋىرلەپ، كىشىلەر ئۆزلىرى ئۇنتۇپ كەتكەن سېھىرلىك غايىلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

« يىلتىز ئىزدەش » تىن ئىبارەت يېڭى دەۋر روھىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىنسانلار ئۆز تارىخىنى قايتىدىن ۋاراقلاشقا، يىراقتا قالغان ئېتىقاد - چۈشەنچىلىرىنى قېزىپ چىقىشقا، ئازدۇر - كۆپتۇر ساقلىنىپ قالغان ئەپسانە، توتېم قالدۇقلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا باشلىدى. ئەسلىنى ئۇنتۇش ئىنسانىيەتنى ھالاكەتلىككە باشلايدىغان تۈپ سەۋەبتۇر. ئەسەردە ئاپتور بۇ نۇقتىنى بۇغا ئانىنىڭ ئەسلىمىسىدە بېرىلگەن بىر ياشانغان بوۋاي ۋە ياش يىگىتنىڭ دېئالوگى ئارقىلىق ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن:

*« - ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى قەيەرگە سولاپ كۆرگەزمە قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان قانداق ئادەملەر ئىكەن ئۇ؟ — بوۋاي غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ...*

*- ئۇلار ئادەمنىڭ يېڭى سورتى بولىدۇ، — ھېلىقى يىگىت خاتىرجەم جاۋاب بەردى.*

*بوۋاي ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي قالدى.*

*— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن ئۆزۈڭ؟ توخۇنىڭ، كالا، قوينىڭ يېڭى سورتى بار دېگەننى ئاڭلىغانمەن، لېكىن « ئادەملەرنىڭ يېڭى سورتى » دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇلار يەردىن ئۈنۈپ چىققانلارمۇ؟*

*— زاۋۇتتا ياسالغان ئادەملەر ...*

*— بۇ گېپىڭدىن قارىسام، ئۇلارنىڭ زاۋۇتتا ياسايمىز دېگىنى تۇرغانلا بىر شەيتان ئىكەنغۇ - شەيتان! ئادەمنىڭ تېرىسى بىلەن گۆشى ئوتتۇرىسىدا شەيتان بار ئەمەسمۇ، مۇبادا ئادەمدە نومۇس، ئاتا-بوۋىسىنىڭ قېنى، ئاتا - بوۋىسىنىڭ مىجەز-خۇلقى، كۆيۈم-سۆيۈمى بولماي پەقەت شەيتانلا بولسا، ئادەمنىڭ ئۆزى جىن - شەيتانغا ئايلانمامدۇ؟ ۋوي بەچچىغەرلەر .. شەيتان ياسايمىز دېگىنىنى قارا! بۇ پەن - تېخنىكا دېگىنىڭ بەك تەرەققىي قىلىپ كەتسە،*

*بىر بال ا- قازا ئۇخشىمامدۇ، كىشىنى قورقۇتۇپ! - بوۋاي ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئۆز ئورنىدا بىر نەچچىنى پىرقىرىۋەتتى ۋە يەنە ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.*

*- سەن ئۇنچە قىزىشىپ كەتمە، بوۋا، - دېدى باياتىن بېرى خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغان جۇدەڭگۈ يىگىت ،- ئەسلىدە يەن - تېخنىكا دېگەن ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ بەلگىسى. ئۇنىڭسىز ئىنسان ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانلىق ئورنىنى تېپىپ بولالمايدۇ. قارىغىنا، دۇنيادا كىمدە بىلىم بولسا، شۇ قەدىرلىك، كىمدە پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بولسا، شۇ بەختلىك ياشاۋاتىدىغۇ؟! بىلىمسىز، پەن - تېخنىكىسىز دۇنيا جاھالەت ۋە قاباھەت ئىچىدە قالغان دۇنياغۇ؟... مېنىڭچە، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن ۋەھىمە يېيىش ئارتۇقچە، ئەڭ مۇھىمى، ئادەملەرنىڭ روھىنى، قەلبىنى، يۈرىكىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۇلارنى يۈكسەك مەدەنىيەت ئىگىسىگە ئايلاندۇرۇش ئەڭ مۇھىم مەسىلە، مۇبادا ئادەملەر يۈكسەك ئەخلاق، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە گۈزەل غايە ئىگىسىگە ئايلانسا، ئادەملەر ئارىسىدىكى ھازىرقىدەك كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، نەپرەت، دۈشمەنلىكنىڭ ئورنىنى دوستلۇق، ئىشەنچ، چۈشىنىش، ھېسداشلىق، باراۋەرلىك، مۇھەببەت، سۆيگۈ ئىگىلىسە، ئادەملەر ئۆزىنىڭ نوپۇسىنى ئۆزى ئاڭلىق يوسۇندا چەكلىيەلىسە، ئۇ چاغدا ھەممە مەسىلە ئۆزلۈكىدىن كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولىدۇ؛ ئۇ چاغدا مەدەنىيەتلىك ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىغا، ئۆز ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان، دەل - دەرەخ، يەر - زېمىن، گۈل - گىياھ، ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدەك كۆرىدىغان بولىدۇ ... »*

ئەسەردە يەنە يازغۇچى ئىشقىيار ئوبرازىنى ياراتقاندا ھەربىر گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىگە تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، تەبىئەتتىكى ھەممە مەۋجۇداتنى قەدىرلەش، ئەجدادىغا، توتېمغا بولغان ھۆرمەت، ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي توپقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئىشقىيار قويۇق مىللىي ئەنئەنىگە، پاك ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەتكە تويۇنغان ئۇلۇغ ئارت يېزىسىدىن ئىبارەت مۇنبەت تۇپراقتا قەد كۆتۈرگەن ھەيۋەتلىك قارىغاي. ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى، پاك ئەقىدىسى ئۇ ياشىغان مۇھىتتىن، بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن خاسىيەتلىك ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن كەلگەن. ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، ۋەتىنىنى قوغداۋاتقان شەرەپلىك جەڭچى. ئۇ ۋەتىنىنى ھەقىقىي قوغداشنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ۋەتەنىنىڭ، تەبىئەتنىڭ ھەر بىر جانلىقى، ھەر بىر تال گىياھى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس. ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا تەسۋىرلەنگەن بۆرىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەسىر قىلىدۇ. كېچىلىرى كۆز ئالدىغا بۆرىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۆلگەن چاغدىكى ھالىتى كېلىۋالىدۇ. ھەتتا بوينىغا ئېسىۋالغان بۆرە ھوشۇقىمۇ مۇزلاپ كەتكەندەك سوغۇق تەسىر بېرىدۇ. كەچكى شەپەق ئۆلۈۋاتقان بۆرىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا: « ئەگەر مەن بۆرىنى ئۆلتۈرمىسەم، بۆرە بالىسىنى قۇتۇلدۇرالمايتتىم » دېگەن ئوي بىلەن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ. بۇ خىل تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

كۆك بۆرە ۋە ئاق بۇغا ھەر ئىككىلىسىلا تۈركىي مىللەتلەر ئېتىقاد قىلغان توتېم ھايۋان. « ئەرگىنەقۇنىدىن چىقىش » داستانىدىكى ساماۋى كۆك بۆرە، « گۈزەل ئاق مارال ھېكايىسى » (يەنى ‹ئوماي ئانا› رىۋايىتى) قاتارلىق ئەپسانە - رىۋايەتلەر تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىشقىيار بۆرىنىڭ ئۆلۈشىنى مۇقەررەر ھېسابلىغان بولسىمۇ، ھېسداشلىقتا، ئاسراش - قوغداشقا تېگىشلىك بولغان بۇغا بالىسىنىڭ ئاڭلىق ئىنسانلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئۆز ئەجدادىنىڭ ھالاكىتى ئىنسان ئۈچۈن چىداپ تۇرغۇسىز پاجىئە. روتا كوماندىرىنىڭ ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن بېسىم قىلىشلىرى ئىشقىيارنى تەۋرىتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبىدە پارتلاپ تۇرغان كۈچ ھېچقانداق نەرسىگە كۆنمەيدىغان، ھېچقانداق نەرسە كونترول قىلالمايدىغان ئاجايىپ كۈچ ئىدى. بۇغا بالىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن ئىشقىيار ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشىغا قارىماي ئۇنى ئىزدەپ قويۇق ئورمانىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلىدۇ. يازغۇچى بۇ يەردە ئىنتايىن سەزگۈرلۈك

بىلەن بىر قاتار تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ:

*« ... ئەتىگەندىن بۇيان كۈچسىز سوقۇپ تۇرغان سوغۇق غۇر - غۇر شامال ئەمدىلىكتە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بورانغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاسمان بېتىدىكى بۇلۇتلار تۇرمەل - تۇرمەل بولۇپ شامال يۆنىلىشىدە سۇرۇلۇۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاسماننىڭ ئوچۇق يېرى قالماي، ھەممىلا يېرىنى قاپقارا بۇلۇت قاپلىۋالدى. قېيىنزارلىق بوراندا ۋەھىملىك گۇرۇلدەيتتى. تېخى ھېلىراقتا ناھايىتى يىراقتا ئاڭلىنىۋاتقان گۈلدۈرماما بارا - بارا يېقىنلاپ كەلدى. بىر كەمدە ئىشقىيارنىڭ باش ئۈستىدىلا چاقماق چېقىلىپ، ئاسمان گويا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەك گۈلدۈرلەپ، تاغۇ-تاشلار سىلكىنگەندەك بولدى. ئاقىدىنلا قارا يامغۇر قۇيۇۋەتتى ... يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ، گويا ھېلىلا ئاشۇ تاغ ۋە ئورمانىنى يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپازدا شارقىراپ قۇيۇلماقتا ئىدى ... تاغ قاپتىلىدىن سەل قۇيۇلۇۋاتاتتى. بايا ئۇنىڭ بېسىپ كەلگەن يولىدىكى ئوت-چۆپ، ھەتتا كىچىكرەك قورام تاشلار سەلنىڭ ئاستىدا قالغانىدى ... پۈتۈن جىلغا زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئاستىن-ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك ئىدى ... تار ئېقىن دەھشەتلىك ياۋايى بىر كۈچ بىلەن گۈركىرەپ ئېقىۋاتاتتى ... ئىشقىيار چاقماق يورۇقىدا قاپقارا تۈتەكتەك تۇرۇلۇپ، تاشقىنلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىننى تېخىمۇ ئېنىق كۆردى ...»*

بۇ بايانلار ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئىشقىيارنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەش، ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىشتىن ئىبارەت پسىخىكىسىنى ئېچىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قىلغان بارلىق رەھىمسىزلىكلىرىنىڭ ھامان قىساسقا ئۇچرايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىنغان. بۇ يەردە يازغۇچى نوقۇل ھالدا ئىشقىيارنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى كۆزدە تۇتقان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۆرە، بۇغا ... قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھالاكىتى ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانلارنىڭ ھالاكىتى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن.

يىغىنچاقلىساق، ئەسەردىكى قويۇق ئەپسانىۋى تۈس ۋە توتېمىزم ئەسەرنى قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە قىلغان. مۇشۇنداق كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىك ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە ئاساس بولغان.

3. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەم ئۇچرايدىغان ئېكولوگىيە ئېڭى

ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە، ئۆزئارا ئالاقە قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن مېھىر - مۇھەببەت ۋە پەسكەشلىك، ئالىيجانابلىق ۋە رەزىللىك، مۇلايىملىق ۋە ھىيلىگەرلىك قاتارلىقلارنى ئاشكارا ئىپادىلىمەستىن تەبىئەتكە باغلاپ ئىپادىلىگەن. يەنى، ئەڭ دەسلەپكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق چېگرىسىنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش - سۆيمەسلىك ۋە ئۇنى ئاسراش - ئاسرىماسلىق بىلەن ئايرىغان. تەبىئەتنى ئۇلۇغلىغان ۋە قىساس ئېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ كەلگەن. ھەربىر ئىش - ھەرىكەتتە تەبىئەتنى ئاسراش مەركەز قىلىنغان. ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي قوشاقلاردا بۇ مەزمۇن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ئىنسانلار پەن - تېخنىكىنىڭ ياردىمىدە تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇۋالغىنىغا ئىشىنىپ، ئۆزلىرىچە كۆرەڭلەپ كېتىشتى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، مۇھەممەد باغراش « ئاقساق بۇغا » پوۋېستى ئارقىلىق ھوشيار بولۇشقا چاقىردى ھەم پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئانا تەبىئەتنى قوغداش ئىنسانلارغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

ئەسەردە ئىشقىيار ئوبرازى ئىنسانلارنىلا قوغدىماستىن تەبىئەتنىمۇ قوغداشنى شەرەپ بىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ گەرچە ئالىي مەلۇماتلىق بولمىسىمۇ، ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇقىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدۇ. بۇنى بوۋىسى ئۇنىڭغا پەننىي ئاتالغۇلار بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئەجدادلار تىلى يەنى زاغرا تىل بىلەن چۈشەندۈرگەن. روتا كوماندىرى بولسا ئۇچىغا چىققان تەبىئەت قاتىلى. ئاپتور روتا كوماندىرى ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ نىيىتى بۇزۇلسا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان ئومۇمىي خاراكتېرىنى پاش قىلغان. تەبىئەتكە قارشى چىقىش، تەبىئەتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا ئەمەس، بەلكى،

ھازىرمۇ ھەم كەلگۈسىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن قەبىھ قىلمىش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. پۈتكۈل ئەسەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېكولوگىيەلىك مەسىلىلەر ۋاستىلىك ھەم بىۋاستە ئەكس ئەتكەن. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز ياكى يوق دېيەرلىك. بۇ ئۇيغۇر مىللىتى ئېڭىدا ئېكولوگىيە چۈشەنچىسى يوق دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە! خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تەبىئەت بىلەن ئەڭ يېقىن تۇرۇپ كەلگەن، تېرىم مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان دەۋرلىرىدىن بۇيانمۇ تەبىئەت بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى ھەرۋاقىت ئېسىدە يادلاپ كەلگەن. خەلقىمىز ئىچىگە تارقالغان نۇرغۇنلىغان « ئۇنداق قىلسا يامان بولىدۇ، بۇنداق قىلسا يامان بولىدۇ » لارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئەڭ ئاددىي مىسال بولالايدۇ. « ئاقساق بۇغا » پوۋېستىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنىمۇ دەل خەلقىمىزگە خاس بولغان تەبىئەتنى ئاسراش، تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالماسلىقتىن ئىبارەت ئۆزگىچە ئېكولوگىيەلىك ئاڭ. خەلقىمىز ئارىسىدا بۇ ئاڭ قانداقتۇر شوئار - چاقىرىقلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئاشكارا ئەمەس، بەلكى، ئەپسانە - رىۋايەتلەر بىلەن بىرىكىپ، ئېتىقاد - چۈشەنچىلەر قاتارىدا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي مىراس قالغان. ئىشقىيارنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۇلۇغ ئارتىلىقلار ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى، گۈزەل ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىشى، كىچىكلەرنى تەبىئەتتىكى ھەربىر مەۋجۇداتلارنى قوغداش-ئاسراشقا دالالەت قىلىشى خەلقىمىزنىڭ ئېكولوگىيەگە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ كىچىككىنە كارتىنىسىدۇر.

بۇ ئەسەر خەلقىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەسىلىلىرىدىكى ئاكتىپ روھىنى، مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى سۈرەتلەپلا قالماستىن، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان، ساپلىق ۋە تەبىئىيلىك يوقالغان دۇنيادا ئادەملىكىمىز توغرىسىدا قايتا ئويلىنىشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

دېمەك، مەزكۇر ئەسەر ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئېكولوگىيە ئەكس ئەتكەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

4. ئەسەر تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

ئەسەر تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇپ، جانلاندۇرۇش، سىمۋوللاشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئەسەر تىلىنى جانلىقلىققا ئىگە قىلغان. ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىلىكى ئەسەرنىڭ مۇۋەپپىقيەتلىك چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

يازغۇچى ئەسەر ماۋزۇسىنى « ئاقساق بۇغا » دەپ قويغان. ئەسەردە بۇغا بالىسىنىڭ يارىدار بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشى ۋە شۇنىڭدەك زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىشىغا تاس قېلىشى ... قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئاقساق بولمىغان بولسا، بۇ ۋەقەلەرمۇ كېلىپ چىقماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئەسەر ماۋزۇسى پۈتكۈل ئەسەر مەزمۇنىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساستا قويۇلغان.

مەزكۇر ئەسەردە ئاپتور جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بۇغا ئانا ۋە بۇغا بالىسىغا زۇۋان بەرگەن. ئۇلار ئىنسانلارغا ئوخشاش پىكىر قىلالايدۇ. ئادەملەر قانداقلا گەپ قىلسا ئۇلار ئاڭلىيالايدۇ، چۈشىنەلەيدۇ. ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار بىلەن باشقا جانلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەشتىكى چەكلىمىلەردىن خالىي ھالدا ئۇلارنىمۇ ئىنسانىي تەپەككۇر بىلەن تەسۋىرلەپ، ئەسەر مەزمۇنىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر بايان قىلىپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن. سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى جەلپكارلىققا، سېھرىيلىككە ئىگە قىلغان. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا بۆرىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىكى ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

*«... بۆرە بەستلىك ئىكەن، خېلى يەرنى ئىگىلەپ ئۇزىراپ، سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قويۇق كەلگەن كۈلرەڭ، يۇمشاق تۈكلىرى ھۇرپىيىپ تىكلىنىپ كەتكەنىدى. بۆرىنىڭ تىنىقى باردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بېقىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ لىپىلداپ قوياتتى. بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىن تېخىچە ئوخچۇپ چىقىۋاتقان قارا قىزىل، قويۇق ۋە ئىسسىق قان قارنى ئېرىتىپ ئەتراپقا يامرىماقتا ئىدى.يوغان بىر پارچە*

*يەردىكى كىرىستالدەك ئاپئاق قار بۆرىنىڭ قېنىغا بويىلىپ، خۇددى چوغلۇق گۈلى ئۈنگەن بىر پارچە يەردەك قىپقىزىل يېلىنجاپ كەتكەنىدى. بۆرىنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، قارلىق يەرگە يېيىلىپ، ئاستا - ئاستا سىڭىۋاتقان قاندىن ئىسسىق هور كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى ...»*

مانا بۇ سىمۋوللۇق تەسۋىرلەر ئارقىلىق، ئامالسىز ئۆلتۈرۈلگەن بۆرىنىڭ دۈشمەن ئەمەس، بەلكى، خەلقىمىز ئۇلۇغلىغان توتېم هايۋان ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغىنى هەم خەلقىمىزنىڭ ئەجدادقا چوقۇنۇش، ئەجدادنى ئۇلۇغلاش روهىنىڭ تەبىئەت هادىسىلىرى ئالدىدىكى گاڭگىرىشى ۋە ئىلاجسىزلىقى ئىدى. بىز يەنە يۇقىرىدا بايان قىلغان قەدىمىي ئورمانلىقتىكى سىمۋوللۇق مۇهىت تەسۋىرلىرى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئاسرىمىسا كېلىپ چىقىدىغان ئېكولوگىيىلىك تەهلىكىلەرنى سەمىمىزگە سالغان.

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئەسەر پېرسوناژلىرى خاراكتېرىدىكى ئالاهىدىلىكلەرنى روشەنلەشتۈرگەن. بۇغا بالىسىنى بېقىپ، پەرۋىش قىلىدىغان ئىشقىيار ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئوبرازلىرىغا ماس هالدا بۇغا بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەخسكەشلىك قىلىشقا تەييار تۇرغان روتا كوماندىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئەسەردە باشتىن ئاخىر سېلىشتۇرۇلۇپ چىققان. ئەسەردە يەنە، بۇغا ئانىنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن بايانلاردا، بوغاز هالەتتىكى بۇغا ئانىنىڭ هايۋاناتلار باغچىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن چېغىدا، ئۇنى تاماشا قىلىپ كەلگەن كىشىلەر ئارىسىدىكى هامىلىدار ئايال تەسۋىرلىنىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە پات ئارىدا ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئىككى جانلىقنى سېلىشتۇرۇپ، هايۋانلارنىڭ مەنپەئەتتىن خالىي، مەسۇم، ئامالسىز قالغان هالىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ شەخسىي خۇشلۇقى، مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىنتايىن رەزىل بولۇشىنىڭ تەبىئىي بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

خۇلاسە:

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلاپ كەلسەك، ئەسەر تېمىسىنىڭ مۇئەييەن تاللىنىشلاردىن ئۆتكەنلىكى، قويۇق ئەپسانىۋى تۈس ۋە توتېمىزم چۈشەنچىسىنىڭ پۈتكۈل ئەسەر گەۋدىسىگە يەرلىشىشى، مىللىي ئېكولوگىيىلىك ئاڭنىڭ ئۆزگىچىلىكلىكى، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلما ئالاهىدىلىكى ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ياراتقان.

**مۇهەررىرى ۋە كوررېكتورى: ئىمام موللاخۇن**

# « سادا» بىلدۈرگۈسى

*ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىشى ئۈچۈن تەھرىراتىمىز ساۋاقداشلارغا تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈرمەكچى:*

1. ئەسەر ئەۋەتكۈچى ۋورد (Word) هۆججىتىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمى ياكى ئوقۇغۇچىلىق نومۇرى قىلىپ ژۇرنىلىمىز ئېلخەت ئادرېسىغا ئەۋەتىشى كېرەك. ئەسەر ئىچىگە ئىسمى - ئاتىسىنى تولۇق يېزىشى زۆرۈر. شۇنى قاتتىق ئەسكەرتىمىزكى ئىسمى - ئاتىسى تولۇق يېزىلمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2. ئىملادا ش ئۇ ئا ر تىل -يېزىق كومىتېتى 2009 - يىلى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان « هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى » ئاساس قىلىنىدۇ.

3.خەت شەكلى بىردەك ALKATIP Basma بولۇشى لازىم. خەت چوڭلىقى 16 بولسا بولىدۇ. خەت بېسىشنى باشلاشتىن بۇرۇن « ئوڭدىن باشلاش » كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتسىڭىز هەر ئىككى تەرەپكە ياخشى.

4. هەر بىر ئابزاس بىر تاب (Tab) بوشلۇق قويغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ.

5. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىدىكى سىزىقچىنىڭ هەر ئىككى تەرىپىگە بىردىن بوشلۇق قويۇلىدۇ.

6. دىيالوگلاردا سىزىق (ــ) بەلگىسى ( Shift) بېسىلىپ سىزىقچە بەلگىسى ئىككى قېتىم بېسىلىدۇ) قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بىر بوشلۇق بەلگىسى قويۇلىدۇ.




**(ھېكايە)**

بۇ دۇنيا ھەقىقەتەن بىر سىرلىق قەلئە. بۇ قەلئەنىڭ ئىچىدە قانچىلىغان سىرلىق تىلسىماتلارنىڭ يوشۇرنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزىمۇ پەرەز قىلىش ئىنتايىن قىيىن ئىمتىھان. ھېچكىم ئىمتىھاندا ئۆزىگە قانداق سوئالنىڭ تاشلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ھەم بىلىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئىنسان بۇ جەھەتتە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بىر تەلۋە نادان. ئىنساننىڭ ئەتە توغرۇلۇق توغرا كېسىم چىقىرالىشى، توغرا ئانالىز قىلىپ، يەكۈن چىقىرالىشى ناتايىن. شۇڭا ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. مەن تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتمەكچى بولغان بۇ قىزمۇ دەل شۇ قىسمەتلەر گۇۋاھچىسىدۇر.

بۈگۈن مەكتەپكە كەلگەن تۇنجى يەكشەنبە. ئۇ ياتاقتا يالغۇز قېلىپ بەلكىم زېرىكتى بولغاي، خۇددى تونۇش بىرەرسى ئۇچراپ قالىدىغاندەك كوچىغا چىقىپ نىشانسىزلا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بۇ چوڭ شەھەردە ئالدىراش كېتىپ بېرىۋاتقان مىغ - مىغ ئادەملەر ئىچىدە پەقەت ئۇلا يەككە- يىگانە. بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئاسىيە بولۇپ، ئۇ يىراق يېزىدىن بېيجىڭغا ئوقۇشقا كەلگەن. بۈگۈن ئۇنىڭ مەكتەپكە كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولغان ئىدى. بەزىدە ئۇ ئۆز يۇرتىدىن، تىكەندەك يالغۇز ئانىسىدىن، دوست- يارەنلىرىدىن ئايرىلىپ بۇنچە يىراق يەرگە ئوقۇشقا كېلىپ قالغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلىپ قالاتتى. لېكىن يەنە تېزلا ئۆزىگە قايىتاتتى. چۈنكى بۇ دۇنياغا ئۇ ئۆزىلا يارالغان ئەمەس، يەنە ئۇ ئۈچۈن كېچە- كۈندۈز سەكپارە بولۇۋاتقان، ھەتتا يۈرىكىنى قوش قوللاپ سۇنىشقىمۇ رازى بولغان يىراق يېزىدىكى بىچارە ئانىسىمۇ بار، ئەلۋەتتە. يەنە كېلىپ يۇقىرى مەلۇماتلىقلار يىغىلغان، تەرەققىياتى ئۈچقاندەك تېز بولغان بۇ مەركىزىي شەھەردە ئوقۇش پۇرسىتىنى ئاسان قولغا كەلتۈرگەن ئەمەستە. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن قانداقمۇ ئاسانلا ۋاز كېچەلىسۇن؟ ئۇ مۇشۇلارنى خىيال قىلغاچ نىشانسىز ھالدا ئالدىغا قاراپ كېتىپ باراتتى. ئەتراپىدا يەنىلا شۇ مىغ - مىغ ئادەم، كۆڭلىدە ئاللىقانداقتۇر بىر ئەنسىز خىيال.

ئۇنىڭ مېڭىشى شۇ تەرىقىدە داۋاملاشماقتا. ئەمدى ئۇ ئەتراپىغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز سەككىز ياشلار چامىسىدىكى ئوماق بىر قىزنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئايالغا چۈشتى. قىز توختىماي شوخلۇق قىلىپ، ھېلىقى ئايالغا ئەركىلەيتتى. ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ ئانىسى بولسا كېرەك، ئۇ قىزنىڭ ئوماق قىلىقلىرىغا تويماي - تويماي قارايتتى. ئاسىيەنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىز يىراق يېزىدا قالغان ئانىسى كەلدى. ئۇمۇ ئانىسى بىلەن شۇنداق ماڭاتتى، ئانىسىغا شۇنداق ئەركىلەيتتى. ئانىسى بىلەن نۇرغۇن جاپالارنى بىللە تارتقان، خۇشاللىققا بىللە جور بولغان ئىدى. قېنى ئەمدى ئۇنداق گۈزەل چاغلار؟ قېنى ئەمدى ئۇنداق خاتىرجەم چاغلار؟ ئاسىيەنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى ۋە بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇنقى بىر ئىش يادىغا يەتتى. ئاسىيەلەرنىڭ ئۆيى يېزىدا بولۇپ، ئۇنىڭ

دادىسى كىچىك ۋاقتىدىلا كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ھازىر ئانىسى بىلەن بىللە. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنىڭغا ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچكىر-يېنىك ئىشلىرىنى ھەممىسىنى ئۆزى قىلاتتى. بىكار ۋاقىتلىرىدا قوشنىلارنىڭ نانلىرىنى يېقىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ دېگەندەك، ئۆيىنىڭ خىراجىتىنى قامدايتتى. ئاسىيە بولسا مەكتەپتە ئوقۇيتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇمۇ ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى. لېكىن ئانىسى ئۇنى قىلدۇرمايتتى.

— ماڭا ياردەملەشمىسەڭمۇ، دەرسىڭنى ياخشى ئۆگەنسەڭلا مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىش قىلىپ بەرگەن بولىسەن،— دەيتتى دائىم ئۇنىڭغا. ئاسىيەمۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە تۇشلۇق مەكتەپتە ئەلاچى بولۇپ ئوقۇدى. ھەش-پەش دېگۈچە ئاسىيەمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بېرىپ بولۇپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىمتىھانىنى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى بېرەلىگەن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتقانلىقىغا، ياشلا تۇرۇپ مۆكچەيگەن بەللىرىگە، قورۇق چۈشكەن يۈزلىرىگە قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئەمدى بۇنداق جاپا تارتىشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتى. لېكىن بۇ خىيالىنى ئانىسىغا ئېيتمىدى. دېمىسىمۇ ئانىسىنىڭ بارلىق قىلغان ئىشلىرى، تارتقان جاپالىرى قىزىنى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟! شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە ئانىسىغا قانداقمۇ ئېغىز ئاچالىسۇن؟ شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى مەھەللىگە ئاسىيەگە چاقىرىق كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى-دە، ئاسىيەنى دەرھال بېرىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. لېكىن ئاسىيەنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بىسەرەمچانلاشتى. ئۇ تېخى ئانىسىغا ئۆزىنىڭ خىيالىنى ئېيتىپ باقماي تۇرۇپلا بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەنىدى. قىز خۇددى بىرسى ئارقىسىغا تارتىۋاتقاندەك ناھايىتى تەسلىكتە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ ماڭدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئاسىيەنىڭ سىنىپ مۇدىرى دىلبەر مۇئەللىم ۋە بىر نەچچە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى تۇراتتى. ئاسىيە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىغىلا قىزغىن ئالقىش بىلەن ئۇنى ئورىۋېلىشتى. چۈنكى ئاسىيە ناھىيە بويىچە بىرىنچى بولغانىدى. يەنە كېلىپ بىردىنبىر ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئوقۇغۇچى ئىدى. لېكىن ئاسىيە بۇنىڭدىن ئانچە خوشال ئەمەس، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەقەت بىچارە ئانىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ئاسىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ ئاستا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىردەمدىلا ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. ئانىسى بولسا ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۆت كۆزى بىلەن قىزىنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. ئانا قىزىنى كۆرۈش بىلەنلا يۈگرەپ دېگۈدەك قىزىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە خۇشال بولغىنىدىن قىزىنى قۇچاقلىغان پېتى يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ چاقىرىقنى قولىغا ئېلىپ يېنىش-يېنىشلاپ كۆزىگە سۈرتەتتى، باغرىغا باساتتى. گەرچە ئۇ چاقىرىقتىكى خەنزۇچە خەتلەرنى تونىمىسىمۇ، لېكىن قىزىنىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بىر سائەت ئىلگىرىلا باشقىلاردىن ئۇقۇپ بولغانىدى. چۈنكى بۇ ياقتىن ئوت قالاپ بولغۇچە ئۇياقتىن تۈتۈن تارقاپ بولىدىغان بۇ كىچىك يېزىدا ئاسىيەنىڭ بېيجىڭغا ئۆتكەنلىك خەۋىرى بىردەمدىلا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىكى قىزىق تېمىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. لېكىن شۇ پەيتتە ئاسىيە يا يىغلاشنى يا كۈلۈشنى بىلەلمىدى. ھەش-پەش دېگۈچە ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئاسىيە ئاخىر ئانىسىغا ئۆزىنىڭ خىيالىنى ئېيتىشنى قارار قىلدى. بىر كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئاسىيە ئاستاغىنە ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئانىسى قىزىنىڭ ئۆزىگە دەيدىغان گېپى بارلىقىنى پەملىدى بولغاي:

— بىرەر گېپىڭ بارمۇ قىزىم ؟،— دەپ سورىدى. ئاسىيە بېشىنى ئاستاغىنە لىڭشىتتى، لېكىن ئانىسىغا قانداق دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى.

— ئانا، مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇم يوق. مەن ئوقۇمايمەن،— دېدى. ئانىنىڭ بېشى خۇددى چاقماق چاققاندەك پىرىرىدە قايدى.

ــ نېمىشقا؟ - دېدى بىچارە ئانا ئارانلا.

ــ مېنىڭ ئەمدى سىزنىڭ يەنە مەن ئۈچۈن جاپا تارتقىنىڭىزنى كۆرگۈم يوق. مەن ئەمدى سىزنى ئۆزۈم باقىمەن، مەن ئوقۇمايمەن،ــ دېدى ئاسىيە كەسكىنلىك بىلەن.

ئانا بىر هازا توختاپ قالدى. چۈنكى ئۇ قىزىنىڭ چوڭ بولغانلىقىدىن، ئىش ئۇققۇچىلىك بولغانلىقىن خۇشال بولسىمۇ، لېكىن قىزىنىڭ « ئوقۇمايمەن » دېگەن گېپى ئۇنى خاپا قىلىپ قويغان ئىدى. چۈنكى هەرقانچە جاپا تارتسىمۇ قىزىنى ئوقۇتۇش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى، يەنە كېلىپ بۇ ئاسىيەنىڭ دادىسىنىڭ بىردىنبىر ۋەسىيىتى ئىدى. شۇڭا ئانا تەمكىنلىك بىلەن قىزىغا نەسىهەت قىلىشقا، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن ئاسىيە خىيالىدىن ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەزەلدىن ئانىسىغا تىكىلىپ قاراشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان بۇ قىزنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزى بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ زوكۇنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئانىنىڭ ئۇنى قارارىدىن يېنىشقا كۆندۈرۈشى ئاسان ئەمەستەك قىلاتتى.

« چاڭ » قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۆي ئىچى جىمپىلا كەتتى. ئانىنىڭ قولى هاۋادا پۇلاڭلاپ قالغان ئىدى. ئاسىيە بولسا يۈزىنى تۇتقان پېتى هاڭۋېقىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز تەگكەن بۇ تەستەك ئۇنى خېلىلا چۆچۈتۈپ قويغان ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنى تېگىشلىك دەپ قارىدى. چۈنكى ئۇ ئانىسىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسىنى يوققا چىقارماقچى بولۇۋاتاتتى. ئانىمۇ ئۆزىنىڭ قانداقلەرچە قىلىپ قىزىغا قول تەككۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ هاۋادا پۇلاڭلاپ تۇرغان قولىنى ئاستا چۈشۈرۈپ، سۇپىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۆي ئىچى يەنىلا شۇنداق جىمجىت ئىدى.

بۇ جىمجىتلىق بىر نەچچە كۈنگىچە داۋاملاشتى. ئۆي ئىچىدە بۇ تونغرۇلۇق قايتا مۇنازىرە بولمىدى. كېيىن ئاسىيەنىڭ سىنىپ مۇدىرى دىلبەر مۇئەللىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە خىزمەت ئىشلىگىلى كەلدى. ئاسىيە سىنىپ مۇدىرىدىن ئۆزىنى ئوقۇتۇش ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بولۇپلا قالماي، يەنە دادىسىنىڭ بىردىنبىر ۋەسىيىتى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئانىسىنىڭ دىلىنى رەنجىتكەنلىكىدىن كۆڭلى ناهايىتى يېرىم بولدى ۋە ئاخىرى ئوقۇش قارارىغا كەلدى.

مەكىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇش پۇلى ئالمىغان بىلەن كىرا هەققى ، مەكتەپكە ياتاق پۇلى ۋە تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈنمۇ خېلى پۇل كېتىدۇ-دە؟! ئەمما ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ئۇنچىلىك ياخشى ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئاسىيەنىڭ بېشى قاتتى. دەل شۇ كۈنلەردە يېزىلىق هۆكۈمەت ۋە مەهەللە كومىتېتى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئاسىيەنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى بارلىق خىراجەتلىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئاسىيەنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشقا بېرىشىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن ئانا-بالا ئىككەيلەن ۋە مەهەللىدىكىلەر ناهايىتى خۇشال بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاسىيە خاتىرجەم هالدا مەكتەپكە كەلدى. مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىنمۇ مەكتەپ رەهبەرلىرى ئاسىيەنىڭ ئەهۋالىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئوقۇش ياردەم پۇلى ئالىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا تىزىملىدى. ئاسىيە ئاخىرى بىر ياخشى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ماشىنىنىڭ سىگنال بېرىشى بىلەن ئاسىيەنىڭ خىيال يىپلىرى ئۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئانارداك قىزىل مەڭزىدە كۆز ياشلىرى يالتىرىماقتا ئىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى ۋە ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك هېس قىلدى. چۈنكى ئۇنى يىراق يېزىدا يۇرت-مەهەللە ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ مۇهىم، ئەڭ ئەزىز بولغان ئانىسى قوللىسا، مەكتەپتە بولسا مەكتەپ رەهبەرلىكى، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرى قوللاۋاتقان تۇرسا ئۇ يەنە نېمىدىن غەم يېسۇن؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە نېمىشقا سۇلغۇن، روهسىز هالەتتە يۈرسۇن؟ ئۇ ئەمدى ئويغىنىشى كېرەك. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، دادىل قەدەملەر بىلەن مەكتىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇ شەهەر ۋە ئەتراپىدا ئالدىراش كېتىپ بارغان كىشىلەر ئەمدى بايىقىدەك ناتونۇش بىلىنمىدى.

**مۇهەررىرى: رۇقىيەگۈل تۇرسۇن ئايقۇت (2010)**

**كوررېكتور:ئايجامال ئېزىز (2011 )**

# كېچە رىۋايىتى

## ئالىمجان توختى (2009)

(نەسر)

ئەي، شېرىن كېچىلەر، تاتلىق كېچىلەر، مېنى ئۆز قوينىڭغا ئالغىن، ئىللىق قوينۇڭدا بەزلىگىن، مەندىن مۇنچە تەزمىگىن...

تاتلىق كېچىلەر، شېرىن كېچىلەر، بولدى قوي، مېنى ئۆز ئەركىمگە قوي. سەندە مۇڭلىنىپ، ساڭىلا زارلىنىپ، تەسەللىيسىز قوينۇڭدا بۇ هالدا ياشىغۇم يوق، ئەمدى!

يالغانچى كېچىلەر، ئالدامچى كېچىلەر، بىر مەزگىللىك ئۈمىدلەندۈرۈپ قويغان كېچىلەر...

مەن قۇش ئىدىم سۇدا ئۈچىدىغان. بېلىق ئىدىم كۆكتە ئۈزىدىغان. مەن شۇنداق، ئەركە شاھ ئىدىم.

بۇرۇنقىدەكلا بېزەكچى يۇلتۇزلىرىڭدىن، هىلال ئاي ۋە سىرلىق گۈزەللىكىڭدىن نېسۋە ئىزلەپ كوچىلىرىڭدا ئايلاندىم. كەچ كۈزۈڭنىڭ شاماللىرى مېنى قارشى ئېلىپ يۈزلىرىمگە ئۆپتى، چاچلىرىمنى ئەركىلەتتى. دەرەخلىرىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى بېشىمغا چاچقۇ قىلدى. كەچ كۈزىڭنىڭ سوغۇقىدىن تىترىگەن ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ بىر خىل هاياجان بار ئىدى. مەن يىراقتىن، ناهايىتى يىراقلاردىن تولىمۇ غەمكىن، يېقىملىق بىر كۈيلەرنى ئاڭلىغاندەك كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇۋالدىم. ئەنە شۇ خىل مەستخۇشلۇقتا يولۇمنى داۋام قىلدىم. ئاھ، شۇ تار، ئەگرى يوللىرىڭ... بارا - بارا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. سارغىيىپ تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارغا تولغان تار يولغا بۇرۇلدۇم، - يۇ، يولۇمنى داۋام ئېتەلمىدىم. كۆزلىرىمنى ئاچتىم. ئىككى بۇلاقنى، بىر غايەت زور ئوتنى، مىڭ بالالىق قۇتنى كۆردۈم...

ئۇ سۆبھىنىڭ خۇمارلىق، جادۇ كۆزلىرى ئىدى.

مەن ئۇنى ئەنە شۇنداق ئۇچراتقان ئىدىم، كېچەم. گوياكى بىر - بىرىنى ئەسلىرىگە ئالالمايۋاتقان كونا تونۇشلاردەك، تېڭىرقاش ئىچىدە ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئۇ تۇيۇقسىز چۆچۈگەن كېيىكتەك كۆزلىرىنى ياق، ياق، ئوتلىرىنى، مەشئەللىرىنى يېتىلەپ يېنىمدىن ئاستاغىنا ئۆتۈپ كەتتى. تۇيغۇلىرىم تېنىمگە پېتىشمايتى. ئەتراپ تېخىمۇ سىرلىق بىر گۈزەللىك قوينىدا ئەللەيلىنىۋاتقاندەك سەزمەكتە ئىدىم. تىمتاس، گۈزەل كېچىنىڭ بىر بۇرجەكلىرىدىكى مۇڭلۇق كۈينى سۆبھى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەلگەندەك ئىدى، مېنىڭ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىم شۇ ۋەجىدىنمىكىن، قارچۇقلىرىمدا هېلىلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تىپىرلىماقتا ئىدى. نېمىشقىدۇر، قەدەملىرىم ئېغىرلىشىپ كەتتى، كۆزلىرىم پەرۋاسىز مەندىن ئۇزاپ كەتكەن قىزنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ، بىچارە پېتى قالدى...

مۇڭلۇق كېچىلەر، ئوتلۇق كېچىلەر! سەن مېنى ئۆزۈڭگە ئەنە شۇنداق باغلىۋالغان ئىدىڭ!

مەن ھەقىقەتەن ساڭا چىڭ باغلاندىم، شۇ دوقىنى ھەر كۈن ئايلاندىم. نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن بىلمەيتتىم، نىشانسىز قەدەملىرىم ھامان شۇ دوقىنى ئىزلەپ تاپاتتى، بارغانچە ئۇنىڭغا باغلىناتتى. بۇ ۋە بەلكىم ھەر كۈنى دەل شۇ جايدا سۆبھىنى ئۇچراتقانلىقىمدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. خىلۋەت يولنى ھەر كېچە يالغۇز كېزىدىغان شۇ قىزنى تولىمۇ سىرلىق سېزەتتىم. ئۇ قىزنى ھەم سېنىڭ گۈزەللىكىڭنىڭ بىر شەيداسىمىكىن، دەپ ئويلايتتىم.

سەن نەچچە رەت سۆس بېقىنشلارنى بىزلەرگە سوۋغا قىلدىڭ. كېيىن بۇ سۇسلۇقتا گۈللەر ئېچىلدى. ئىللىق بىر تەبەسسۇم بىلەن جىلۋىلىك بېقىپ، ئەنە شۇنداق بىر - بىرىمىزدىن ئۇزايدىغان بولدۇق. ئۇ كۈنى ھەم يېنىش يولۇمدا، يەنە شۇ تار يولدا ئۇنى ئۇچراتتىم. ئۇ ماڭا قارشى كېلىۋاتاتتى،

نېمشقىدۇر جىددىيلىشەتتىم. ئۇ چىرايلىق بىر جىلۋە بىلەن يەنە مەندىن ئۇزىماقچى ئىدى. دەل شۇ چاغدا، سەلكىن شامال ئۇنىڭ بوينىغا ئورىۋالغان نېپىز ياغلىقىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، كۆزلىرىنى قىسىپ، ھەييارلىق بىلەن يەنە مەندىن ئۇزىدى. ئىككىمىز تەڭلا ئارقىمىزغا قايرىلىپ، بىر - بىرىمىزگە قارىدۇق. ئۇ قولۇمغا قاراپ ھەممىنى چۈشەندى ۋە يەنە شۇ ئىللىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن قېشىمغا كەلدى... قالتىس كېچىلەر، پەيزى كېچىلەر، مېنىڭ ھېكايەمنى سەن ئەنە شۇنداق باشلىغان ئىدىڭ.

كۈنلەر ئۆتتى، كۈنلەرگە ئەگىشىپ ئايلارمۇ ئۆتتى. سېنىڭ سېھرىلىك، خىلۋەت قوينۇڭدا، شۇ تار يوللىرىڭدا، بىر جۈپ قىز - يىگىت شاد كۈلكىلىرىنى ياڭرىتىپ، پىچىرلىشىپ كېلىدىغان، ساڭا نۇرغۇن، نۇرغۇن ھېكايە، ئەسلىملەرنى قالدۇرۇپ، يوللىرىغا راۋان بولىدىغان بولدى.

كۈنلا ئەمەس ئاي، ئايلا ئەمەس نەچچە، نەچچە يىللار ئۆتتى. ئاشۇ تار يوللىرىڭدا بىر قان ياشلىق غېرىب ساڭا دەرد - ئەھۋال ئېيتىپ كەلدى. سەن ئىشەنمىدىڭ، تېخى نەچچە كۈن ئالدىدا قوينۇڭدا شادلىنىپ سېنى ھەم خۇش قىلغان، ئالدىڭدىكى بىچارەڭ بىلەن تۇمۇچۇقلاردەك چۇرۇقلىشىپ، كۈلۈشكەن ئۇ قىزنىڭ كۆكلەر ئارا پەرۋاز قىلىپ يىراقلارغا، بارسا كەلمەس جايلارغا ئۇچۇپ كەتكىنىگە ھەيران ئىدىڭ. ئاھ، كېچە، دەرتلىك كېچە، مۇڭ كېچە، كەچمىشلىك كېچە! قايسى بىرىگە ئىشىنىپ بولالايتىڭ، قايسى بىرىنى چۈشىنىپ بولالايتىڭ. مانا بۇ يۇتۇپ تويماس زېمىنىنىڭ، ئالمىشىپ تويماس دەۋرنىڭ بىزلەرگە تاڭغان ئويۇنلىرى ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ ھەققىي، چىن بىر ھاياتلىقنىڭ سېنىڭ قوينۇڭدا تاماملانغان ھېكايىسى.

ئاھ، كېچىلەر، كەچمىشلىرى باي كېچىلەر، گۆرىستانغا ئايلانغان بولساڭمۇ، قەلبىمدە مەڭگۈ گۈلستان كېچىلەر!!!

**مۇھەررىر: روزىھاجى ئىمام (2008)**
**كوررېكتورى: شەمشىقەمەر نىياز (2009)**

# مەسنەۋى

**ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي (2009)**

مۇھەببەت بابىدا ئەسلىم، كۆرەشچانلىق ئىدى پەسلىم،
ھۇجۇم قىلدىڭ سېرىق ئەڭلىم، مەجبۇر قىلدىڭ مېنى تەسلىم.
دەردىم ئېيتىپ يازسام مەكتۇپ، يىرتىۋەتتىڭ، يوق تەكەللۇپ،
پەرۋاسىزلا تېخى تۈرتۈپ، ھىجران ماڭا بولدى مەنسۇپ.
ئەلەملەردىن يۈرەك تارتۇق، دەيسەن بۇ ھەم ساڭا ئارتۇق،
تىرىك ياشاش، ساڭا ئارتۇق، بوپتۇ رەھىم جېنىڭ قالدۇق.
بولدۇم قۇلۇڭ، باقتىم يولۇڭ، كەتمەس ئويۇڭ، ئۆچمەس ئوتۇڭ.
سەپەرلەردە مەن دۇلدۇلۇڭ، ئۆزگە ئۈزەر نېچۈن گۈلۈڭ؟
كامان قىلىپ قاشلىرىڭنى، بەتلەپ كىرپىك ئوقلىرىڭنى،
بىرلا سىلكىپ ساچلىرىڭنى، ئاتتىڭ ئازاب تاشلىرىڭنى.
سۇندۇڭ قەدەھ، ھىجرانلىق مەي، چېلىپ يۈردۈم ئەقىدە مەي.
سۆزسىز كەچتىڭ، مەن نە قىلاي، دېدىم:« ئۈمىدلەردىن گۈل يەي...»
تۇزۇپ كېتەي دەيدۇ چېچەك، تۇسالامسەن يېپىپ ئېتەك،
كۈلمەك بولسا كۈلەر بۆلەك، زورلاپ تېڭىپ بولماس يۈرەك.
ھەر بىر سۆزۈڭ قامۇس، غەزەل، ھەر قارىشىڭ مەنا، زۇھەل،
ھىجران ئوقۇڭ، قىلدى كېسەل، كېتەرمەنمۇ تاپماي ۋىسال.
قۇبۇل قىلماي تاۋابىمنى، ئىلىك ئالماي سالامىمنى،
كۆكلەتكەچكە ئازابىمنى، چالدىم مۇڭلۇق ساتارىمنى.
قۇيۇپ ئۇيغۇر ئۆلۈشىنى، تىلەر سېنىڭ كۈلۈشۈڭنى،
مەيلى كۆرگىن كۆرۈشۈڭنى، تىلىمەيمەن يۆلىشۈڭنى.

مۇھەررىرى: توختىقارى نۇر (2008) كوررېكتورى: شەمشىقەمەر نىياز (2009)



# تەرجىمە كۆزنىكى

**ئىسمايىل ھېكىم (2009) تەرجىمىسى**

## بىر قاچا چۆچۈرە

ئۇ كۈنى، قىز ئاپىسى بىلەن يەنە ئۇرۇشۇپ قالدى، شۇ ئاچچىقىدا كەينىگە بۇرۇلغىنىچە چىقىپ كەتتى. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. بىردىنلا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزدى. يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋىدى، يېنىدا بىرەر تال تەڭگىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى ناھايىتى خۇشخۇي مومايدەك كۆرۈنەتتى. موماي قىزنى كۆرۈپ:

— بالام، تاماق يەمسىز؟— دەپ سورىدى موماي.

— لېكىن... لېكىن، مەن پۇل ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن،— دېدى ئۇ ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— ھېچقىسى يوق، مەن سىزنى مېھمان قىلاي،— دېدى موماي. موماي بىر قاچا چۆچۈرە ۋە بىر تەخسە سەينى قىزنىڭ ئالدىغا قويدى. قىزچاق مىننەتدار بولغانلىقتىن، بىر نەچچە قوشۇق ئىچىشىگىلا كۆز ياشلىرى تاراملاپ چۆچۈرىگە ئارىلىشىپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنىمە ،سىزدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇم شۇ،— دېدى ئۇ قىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ،— بىز گەرچە تونۇشمىساقمۇ، ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، يەنە ماڭا چۆچۈرە پىشۇرۇپ بەردىڭىز. ئەسلىدە، مەن ئاپام بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ئىدىم، ئۇ مېنى قوغلاپ چىقاردى، يەنە تېخى ماڭا ئەمدى ھەرگىز قايتىپ كەلمە، دېدى.

— سىز نېمىشقا بۇنداق ئويلايسىز؟— دېدى بۇنى ئاڭلىغان موماي ئېغىر بېسىقلىق بىلەن،— ئويلاپ بېقىڭ، مەن سىزگە پەقەت بىر قاچىلا چۆچۈرە بەردىم، سىز مەندىن شۇنداق مىننەتدار بولۇپ كەتتىڭىز، لېكىن ئاپىڭىز سىزگە ئون يىلدىن بۇيان تاماق بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. نېمىشقا ئاپىڭىزدىن مىننەتدار بولماي، يەنە نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىسىز؟

قىز بۇنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ چۆچۈرىنى ئالدىراپ - تېنەپ ئىچىپلا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆيىگە ئاز قالغاندا چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئاپىسىنىڭ يول ئېغىزىدا تۆت ئەتراپقا قاراپ كىملەرنىدۇر ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنى كۆرۈپلا ئاپىسىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى جىلۋىلەندى.

— تېزراق بولۇڭ، تاماقنى تەييار قىلىپ قويدۇم. ۋاقتىدا يېمىسىڭىز سوۇۋپ قالىدۇ!

بۇ ۋاقىتتا قىزچاقنىڭ كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز ھالدا يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

بەزى ۋاقىتتا بىز باشقىلارنىڭ بىزگە قىلغان كىچىككىنە ئىلتىپاتىغا ئېيتىپ - تۈگەتكۈسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ئەكسىچە يېقىنلىرىمىزنىڭ بىر ئۆمۈر قىلغان مېھىر - شەپقىتىنى قاراپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىمىز.

**« ئوقۇرمەنلەر » ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 8 - ئايلىق سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.**

## چوڭلارنىڭ غېرىبلىقى

كۇتۇپخانىدىكى باشقۇرغۇچى ئايال بۇ ياشانغان ئوقۇرمەنگە بەكلا ئۆچ بولۇپ

كەتكەنىدى.

بوۋاي ئاز دېگەندىمۇ 70 ياشلاردىكى بىر دۆمچەك كىشى بولۇپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك كۇتۇپخانىنىڭ گېزىت - ژۇرنال ئوقۇش ئۆيىدە بولاتتى. ئېغىر بوران - چاپقۇنمۇ ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلالمايتتى. بارلىق ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە كۇتۇپخانىغا ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ كېتەتتى. بەزىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەتسىمۇ، ئۇ كەتمەيتتى. ھەر كۈنى مۇشۇنداق بولسا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقمامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ كۇتۇپخانىغا كەلسە مەقسەتسىزلا ئۇنى - بۇنى ۋاراقلايتتى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىدى.

قىرائەتخانا باشقۇرغۇچىسى بارغانسېرى بۇ دۆمچەك ياشانغان كىشىگە قارىمايدىغان بولدى. ئۇ كېلىپ ئاۋارە قىلسىلا باشقا خىزمەتچىلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى، ئازراقمۇ دوستانە مۇئامىلە قىلمايتتى.

تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ئىش ھېلىقى ئايال كۇتۇپخانا خىزمەتچىسىنىڭ ياشانغان كىشىگە بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ كۈنى كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچى ئايال خىزمەتتىن قايتقاندا خىزمەتدىشى ئۇنىڭدىن:

— سىزنىڭ ئاپىڭىز بىر سودا سارايىنىڭ كۆزەتكۈچىلىكىگە قوبۇل قىلىنىدىمۇ؟ - دەپ سوراپ قالدى.

— ئاپامنىڭ ئۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىمىدىم، دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

ئەسلىدە خىزمەتدىشىنىڭ ئايالى مەلۇم سودا سارىيىدا تىجارەتچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودا سارىيى ھەر كۈنى ئىشىكنى ئېچىشىغىلا تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ ئاپىسىنى كۈتۈۋالىدىكەن. ئاپىسى ھېچنىمە ئالمايدىكەن، پوكەيگە يۆلىنىپ ئۇنى - بۇنى سورايدىكەن. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تىجارەتچىلەر بۇ ياشانغان ئايالنى سودا سارايىنىڭ خوجايىنى ياللىۋالغان كۆزەتكۈچى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا تىجارەتچىلەر بۇ ياشانغان ئايالدىن بەك ئېھتىيات قىلىدىكەن. ئەلۋەتتە بەك ياقتۇرۇپمۇ كەتمەيدىكەن.

ئۇ دەرگۇمان بولۇپ ئۇدۇللا ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ دادىسى ئىككى يىل بۇرۇنلا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئاپىسى يالغۇز تۇراتتى. ئۇ بۇ ئىشنى دېيىشىگىلا ئاپىسى قەتئىي ئىنكار قىلىپ: « بۇ قانداق ئىش، ئۇلار خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ. مەن پەقەتلا ئايلىنىمەن، كېلىمەن » دېدى. ئۇ ئاپىسىنى ئەيىبلىشىگە ئاپىسى ئېغىر ئۇھسىنىپ، قايغۇرغان ھالدا:

— مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە بەك زېرىكىپ كېتىمەن، ئەمەلىيەتتە دۇكان ئايلىنىشىم ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. بىر كۈن بارمىسام تۇرالماي قالىدىكەنمەن، بولمىسا مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟— دېدى. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئاقارغان چاچلىرىنى تۇتقىنىچە كۆز يېشى قىلدى.

ئۇنىڭ ئىچى بىردىنلا ئاچچىق بولۇپ قالدى. ئۇلار بىر ئوغۇل، ئىككى قىز بولۇپ، ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئاپىسىنى دائىم يوقلاپ تۇرالمىغاچقا ئاپىسىنىڭ يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىق ھېس قىلىشى ۋە ئۇنى تۆگەتمەكچى بولۇشى تەبىئىي بىر ئىش ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئىشقا باردى. ھېلىقى دۆمچەك ياشانغان كىشىنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا قىرائەتخانا ئىشىكى ئالدىدا ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئىللىق سېزىم پەيدا بولدى. تۇنجى قېتىم ھېلىقى ياشانغان كىشىگە ئىللىق مۇئامىلە قىلدى. كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— بوۋا، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، قېنى كىرىڭ،— دېدى.

**« ئوقۇرمەنلەر » ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 8 - ئايلىق سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: ئايگۈزەل شاھئۆمەر (2008)**
**كوررېكتورى: خانقىز مەتتوختى (2007)**




**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۈركىزات ئابدۇبەسىر (2009)**

2011 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، بىلىم ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى ئەۋلىيا چەلەبى تەۋەللۇتىنىڭ 400 يىللىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، بۇ يىلنى مەشھۇر تۈرك سەيياھى ئەۋلىيا چەلەبى يىلى قىلىپ بېكىتتى.

ئەۋلىيا چەلەبى 1611 - يىلى 25 - مارت ئىستانبۇلنىڭ ئۇنكاپانى مەھەللىسىدە توغۇلدى. ئاتىسى دەرۋىش مەھمەت زىللى، سۇلايماندىن ئاھمەدگىچە بولغان پادىشاھلارنىڭ قۇيمىچىلىق ئىشىنى قىلغان ۋە ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. چەلەبى ئائىلىسى ئەسلى كۈتاھيالىق بولۇپ، فەتىھتىن كېيىن ئىستانبۇلغا يەرلەشكەن.

چەلەبى ياخشى مائارىپ تەربىيىسى كۆردى. دەسلەپ مەھەللە مەكتىپىدە ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخۇلئىسلام هامىت ئەپەندى مەدرىسىگە كىردى. بۇ يەردە 7 يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئوردىغا تەۋە بىر مەكتەپ بولغان ئەندەرۇندا تەربىيە ئالدى.

ئۇ مەكتەپ دەرسلىرىدىن سىرت شەخسىي ئوقۇتقۇچىلىرىدىن قۇرئان، ئەرەبچە، خۇشخەت، مۇزىكا، تەنتەربىيە ۋە چەتئەل تىللى دەرسلىرىنى ئالدى. قۇرئاننى يادلاپ هاپىز بولدى.

ئەۋلىيا چەلەبى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوردىغا خىزمەتكە كىردى. قىلغان ئىشلىرى ۋە تۆھپىلىرى بىلەن دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ ياقتۇرىشىغا ئېرىشتى. شۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ يۈكسەك خىزمەتلەرگە تەيىنلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

**سایاھەتنى باشلىشى**

ئەۋلىيا چەلەبىنىڭ خىياللىرى بولسا كۆپ پەرقلىق ئىدى. كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا كۆڭلىدە ساياھەتكە بولغان كۈچلۈك ئىشتىياق يالقۇنلىناتتى. يېڭى يەرلەرنى كۆرۈش، يېڭى ئىنسانلار بىلەن تونۇشۇشنى ئويلايتتى. شۇ ۋەجىدىن ئوردىدا ئۇزۇن تۇرمىدى. ئۆزىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ بىر چۈشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز ساياھىتىنى باشلىغان. بۇ چۈش مانا مۇنداق:

چۈشىدە ئۇ ئىستانبۇلنىڭ يەمىش ئىسكەلەسى (يەر نامى) ئەتراپىدىكى ئاهى چەلەبى جامەسىدىمىش. ئۇ يەردە چوڭ بىر جامائەت بارمىش. شۇنداق زەن سېلىپ قارىسا، جامائەت بېشىدا ئىسلام پەيغەمبىرى مۇهەممەد تۇرغىدەكمىش. تۆت سادىق خەلپىسى ۋە ساهابىلىرىمۇ شۇ يەردىمىش. چەلەبى مۇهەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن شاپائەت تىلىمەكچى بولمىش. ئەمما بېرىشقا جاسارەت قىلالماسمىش. ئاخرى شۇنداق بىر جاسارەتكە كېلىپ، « شاپائەت يا رەسۇلۇللاھ » دېمەكچى بولۇپ، « ساياھەت يا رەسۇلۇللاھ » دەپتۇمىش. شۇ سەۋەبتىن دىشۋارچىلىقلاردىن، خەتەر ۋە تۈرلۈك هادىسىلەرنى باشتىن كەچۈرۈشتىن ۋاز كەچمەي 70 يېشىغىچە داۋاملاشقان بۇ سەپىرىنى باشلايدۇ.

تۇنجى سەپىرىنى ئىستانبۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى جايلاردىن باشلىدى. كېيىن ئىستانبۇلنىڭ سىرتلىرىغا يۈردى. ساياھەتلىرى بىرنىڭ كەينىدىن بىر

داۋاملاشتى. پۈتۈن-سۈرۈك ئەللىك يىل توختىماستىن جاھان كەزدى. كەزگەن جايلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ئوسمانلى ئىمپېراتورلىقى تەۋەسىدىكى ھەممە جايلارنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

ئەۋلىيا چەلەبى ساياھىتى جەريانىدا نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى كۆردى. يېڭى كىشىلەر بىلەن تونۇشتى، نۇرغۇن ۋەقەلەرگە شاھىد بولدى ۋە بۇ كىشىلەر ۋە ئىشلارنى سۆزلەپ، كىتابىغا ھۆسن قوشتى. ساياھىتى جەريانىدا كۆپ قېتىم ئۆلۈم بىلەن يۈزمۇ-يۈز كەلدى. ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ شۇ ئۇرۇشلارنى، يەرلەرنى ۋە جايلارنى قەلەمگە ئالدى. ساياھىتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى مىسىر بولدى. 1682-يىلى مىسىردا ۋاپات بولدى.

ئەۋلىيا چەلەبىنىڭ بۈگۈنمۇ ھەم ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغان تەۋەرۈك ئەسىرى « ساياھەتنامە » ئەنە شۇ ھارماس ساياھەتلىرىنىڭ مېۋىسىدۇر.

**«ساياھەتنامە » ھەققىدە**

« ساياھەتنامە » ئەۋلىيا چەلەبى تەرىپىدىن 17-ئەسىردە يېزىلغان مەشھۇر ساياھەت ئەسىرىدۇر. ئۇ جەمئىي 10 جىلدتىن تەركىب تاپقان.

ھەققانىي بىر كۆز بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەر، پەردازسىز ۋە ساپ، بەزەن ھەيران قالارلىق تۈستە، خەلق چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە يېزىلغان. يەنە، خەلق چۈشىنەلەيدىغان نۇرغۇن ئىدىئوملار قوللىنىلغان.

ئەۋلىيا چەلەبى ساياھەتنامىسىدە كەزگەن ۋە كۆرگەن جايلارنى ئۆز ئۇسلۇبىدا قەلەمگە ئالدى. ئەۋلىيا چەلەبىنىڭ 10 جىلدلىق ساياھەتنامىسى كەزگەن مەملىكەتلىرى ھەققىدە مۇھىم بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. مەزكۇر ئەسەر تۈرك مەدەنىيەت تارىخى ۋە ساياھەت ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن مۇھىم ئورۇنغا ساھىبتۇر.

**مەنبە: تۈركچە ۋىكىپەدى قامۇس تورى.**

**كورربېكتورى: نۇربىگۇل ئەھەت (2009)**

# « سادا » ساداسى

**ئوقۇۋاتقىنىڭىز فاكۇلتېتىمىز بىردىنبىر نەشر ئەپكارى ھېسابلىنىدىغان، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلىپ چىقىرىدىغان « سادا » ژۇرنىلىنىڭ توققۇزىنچى سانى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ساۋاقداشلارنىڭ تىرىشىشى ۋە ئىجادى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانى ئۆز ساداسىنى ياڭراتتى. بۇ « سادا » قەلب ساداسى، بۇ « سادا » ئىجاد ساداسى. شۇڭا بۇ « سادا » ئۇستاز - شاگىرت ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجادىڭىزغا ئىلھام بېغىشلاپ، تالانتىڭىزنى نامايەن قىلىدىغان مەيدان ھازىرلىغۇسى!**

**توققۇز سانلىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن « سادا » ژۇرنىلىنىڭ 10 - سانى كېيىنكى مەۋسۇم سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا. ژۇرنىلىمىزنىڭ 10 - سانىنى ساۋاقداشلارنىڭ جەڭگىۋار ساداسى بىلەن قۇتلۇقلىماقچى. كېيىنكى سانلارغا ئۇلگە، كىچىكلەرگە مەدەت بولغۇدەك « سادا » ياڭرىتىش ئۈچۈن سىزنىڭ قوللىشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا كېيىنكى قۇتلۇق سان ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.**

**كېيىنكى ساندا « سادا » سىزنىڭ ئىجاد سادالىرىڭىز بىلەن ياڭرىغۇسى! چۈنكى بۇ « سادا » ھەممىمىزنىڭ ساداسى!**

**كامالىي ئېھتىرام بىلەن**

**« سادا » ژۇرنىلى تەھرىراتى**

# مەۋسۇملۇق خەۋەرلەر

2011 - يىلى 8 - ئايدا فاكۇلتېتىمىز 2007 - يىللىقتىكى 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈش پىراكتىكىسىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 24 نەپەر ئوقۇغۇچى سىنىپ مەسئۇلى نۇرگۈل مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ گېزىتخانىسى، ئىقتىساد گېزىتخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئاياللار ژۇرنىلى رېداكسىيەسى قاتارلىق ئورۇنلاردا پىراكتىكا قىلدى. يەنە 10 نەپەر ئوقۇغۇچى مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمىدە پىراكتىكا قىلدى. 6 نەپەر بازا سىنىپ ئوقۇغۇچىسى مەمەتئېلى مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە كورلىنىڭ لوپنور ناھىيەسىدە تىل تەكشۈرۈش پىراكتىكىسى قىلدى ۋە نەتىجىلىك تاماملىدى.

★ 2011- يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە فاكۇلتېتىمىز 2011 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەربىي مەشىق قىلدى.

★ مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 10- ئاينىڭ 14- كۈنى مەكتىپىمىزنىڭ تەنھەرىكەت مەيدانىدا يېڭى ئوقۇغۇچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە فاكۇلتېتىمىز مۇسابىقە جەريانىدا 2011 - يىللىق سىنىپتىن مەمەتجان ئابدۇقادىر چويون توپ ئېتىش تۈرىدە ئۈچىنچىلىككە، ئابلىكىم 400 مېتىرغا يۈگرەش تۈرىدە ئالتىنچىلىككە ئېرىشىپ فاكۇلتېتىمىز ۋە سىنىپىغا شەرەپ كەلتۈردى.

★ 2011 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مەكتىپىمىز ۋېنخۇا بىناسى غەربىي ئوقۇتۇش رايونى 0607 - سىنىپتا 2011 - ، 2012 - يىللىق « سادا » ژۇرنىلى ۋە « سادا » گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى مەريەمگۈل تۇرسۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئەزالارغا بىر قېتىملىق يىغىن ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بۇ يىللىق ژۇرنال ۋە گېزىتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە ئومۇمىي يۆنىلىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش، ھەر قايسى ئەزالارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى بېكىتىش ۋە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئەزالارنى ئۆز ئارا تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش. بۇ قېتىمقى يىغىندا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. ئاخىردا ئەزالار ژۇرنال ۋە گېزىت ھەققىدە تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

★ 2011 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - ، 23 - كۈنلىرى 23 - نۆۋەتلىك « ئىكساق لوڭقىسى » بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار پۇتبول مۇسابىقىسى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھەبىبۇللا خوجا تەبرىك سۆزى قىلدى. مۇسابىقىگە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئالىم مۇئەللىم قاتارلىقلار قاتناشتى. مۇسابىقىگە بېيجىڭ قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ، بېيجىڭ تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو يېزا - ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن تەشكىللەنگەن 16 كوماندا قاتناشتى. بۇ مۇسابىقىنى « بېيجىڭ تۇران مەسلىھەت سوراش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى »، « شىنجاڭ روزىباي رېستورانى »، « مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى »، « بۇغدا رېستورانى » قاتارلىق ئورۇنلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىدى. بۇ ئىككى كۈنلۈك كەسكىن مۇسابىقىدە « جۇڭگو جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى » بىرىنچىلىككە، « بېيجىڭ تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى » ئىككىنچىلىككە، « جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى كوماندىسى » ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى ۋە نەق مەيداندا مۇكاپاتلاندى.

★ 2011 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەكتىپىمىز ۋېنخۇا بىناسى شەرقىي ئوقۇتۇش رايونى 0101 - سىنىپتا « 2007 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش پىراكتىكا دوكلاتى يىغىنى » ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا 2007 - يىللىق سىنىپ

ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ پىراكتىكا بازىسى بولغان لوپنور ناھىيە قارچۇغا ۋە دۆڭقوتان يېزىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، جۇڭگو مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە ئىدارىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردا پىراكتىكا قىلغانلىقىنى، ھەمدە بۇ جەرياندا يولۇققان مەسىلىلەر شۇنداقلا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە تەجرىبىلەرنى سۆزلىدى. نۇرگۈل مۇئەللىم پىراكتىكا جەريانىدىكى ئەمەلىي ئەھۋاللار توغرىسىدا قىسقىچە خۇلاسە بەردى.

★ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن « 2011 - يىللىق يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش سەنئەت كېچىلىكى » 2011 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە مەكتەپ چوڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەييارلىغان نومۇرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كېچىلىككە رەڭدارلىق ئاتا قىلىپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى.

★ 2011 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچىسى ئىمام مۇئەللىمنىڭ باش بولۇپ پىلانلىشى ۋە رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن ۋېنخۇا بىناسى غەربىي ئوقۇتۇش رايونى 1 - قەۋەتتىكى دوكلات زالىدا كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكارىمىز ئابدۇكېرەم ئابلىز « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقى توغرىسىدا » دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىغا فاكۇلتېتىمىز ۋە ھەر قايسى مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بولۇپ جەمئىي 300 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. ئىككى سائەت ئەتراپىدا داۋاملاشقان بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنى باشتىن - ئاخىر ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن، ئابدۇكېرەم ئابلىز ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتى، بولۇپمۇ ئېتوتچىلىققا كىرىشىش جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلىپ، بۇ ئارقىلىق بىزنى ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلدى. سورۇندىكى ھەممەيلەن ئەل سۆيگەن ئەلنى سۆيگەن ئوغلان ئابدۇكېرەم ئابلىز ئەپەندىنىڭ بۈندىن كېيىنكى ئىشلىرىغا ئۇتۇق، تۇرمۇشىغا خاتىرجەملىك، ئىجادىيەت ھاياتىغا بەرىكەتلەر تىلەشتى.

★ بېيجىڭ شەھەرلىك خوتەن ۋىلايىتىنى مەركەزلىك يۆلەش قوماندانلىق باش شتابى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيەت جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايىتى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان « ئۇلۇغ ۋەتەنگە تەشەككۈر ئېيتىپ، گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇپ چىقىش » باش تېمىسىدىكى خوتەن فوتو - سۈرەت كۆرگەزمىسى 2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ كۆرگەزمە زالىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەركەز رەھبەرلىرىدىن ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى. مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ تالانتلىق ياش دېكتورى نىجات ۋەلى ياقۇپ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

★ 2011 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچتە مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت زالىدا فاكۇلتېتىمىز قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش ۋە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر كېچىلىككە مەكتىپىمىز مۇئاۋىن مۇدىرى ھەبىبۇللا خوجا، فاكۇلتېتىمىز مۇدىرى لىتىپ توختى قاتارلىقلارمۇ ئالاھىدە قاتناشتى ۋە تاماشىبىنلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھېيتلىق سالىمىنى يوللىدى. كېچىلىكتە فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇنلىغان ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرى سورۇن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

★ مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن « 9 - نۆۋەتلىك يېڭى ئوقۇغۇچىلار ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى » 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەكتەپ چوڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. فاكۇلتېتىمىز 2011 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى تەييارلىغان « پات

يېقىندا بارىمەن، ئانا » ناملىق نومۇر ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، فاكۇلتېتىمىز ۋە سىنىپ كوللېكتىپىغا شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى.

★ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى، ئوقۇغۇچىلار كومىتېتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن « 2011 - يىللىق قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكى » 2011 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەكتەپ چوڭ زالىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر كېچىلىككە قاتناشتۇرۇلغان سەنئەت نومۇرلىرى بىر - بىرىدىن سەرخىل بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلىرى تەييارلىغان سەرخىل نومۇرلارنى تاماشىبىنلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. مەزكۇر كېچىلىككە مەكتىپىمىزنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ھەبىبۇللا خوجا، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئالىم مۇئەللىم، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ئىنىستىتۇت (فاكۇلتېت) لارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

★ 2011- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى جۇڭگو گۈزەل - سەنئەت جەمئىيىتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر تەشۋىقات كومىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان « تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدا » ناملىق رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەركەز رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار قاتناشتى. مەكتىپىمىز مۇدىرى چېن لى ئەپەندىمۇ مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى. فاكۇلتېتىمىزنىڭ 2010- ، 2011- يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كۆرگەزمە زالىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە رەسسام غازى ئەھمەد، ئابدۇكېرىم نەسىردىنلەر بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولدى.

★ 2010-يىلى 11- ئاينىڭ 15- كۈنى ۋېنخۇا بىناسى شەرقى رايون 0101- سىنىپتا، ئۇستازىمىز مۇھەممەترېھىم سايىت « ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ۋە ئۆگىنىش » تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى لېكسىيەگە فاكۇلتېتىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ لېكسىيەدە ئۇستازىمىز ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش قىلىشتىكى ئۇسۇلى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى. ئارقىدىن ئۇستازىمىز يەنە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ نېمىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئورتاقلاشتى. بۇ قېتىمقى لېكسىيە ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى.

★ 2011 - يىلى 11- ئاينىڭ 18- كۈنى مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى باش بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان گۈزەللىك گىمناستىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. فاكۇلتېتىمىز كوماندىسىمۇ 26 كوماندا ئىچىدە 3 - دەرىجىگە ئېرىشتى. بۇ نەتىجە فاكۇلتېتىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن قوللىغانلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاپالىق مەشىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئالدىنقى يىللىق ياخشى نەتىجە ساقلاپ قېلىندى.

★ 2011- يىلى 11- ئاينىڭ 22- كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋېنخۇا بىناسىدا فاكۇلتېتىمىز « سادا » ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن ياش يازغۇچى ۋە تەرجىمانلىرىمىزدىن دىلمۇرات تەلئەت، يۈسۈپ ئەيسا، دىلشاد قېيۇم ۋە رىسالەت مەردان قاتارلىقلار فاكۇلتېتىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيە ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا رىسالەت خانىم چۈشىنىشلىك، ئەتراپلىق جاۋاب بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا ، فاكۇلتېتىمىز مۇدىرى لېتىپ مۇئەللىم بۇ قېتىمقى لېكسىيە ھەققىدە قىسقىچە خۇلاسە سۆزى قىلدى ھەمدە قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ بۇ سۆھبەتكە قاتناشقان ياش يازغۇچى، تەرجىمانلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلىدى.

**رەتلىگۈچى: ئىسمايىل ھېكىم (2009)**